قەلەندەر

# دىۋانى قەلەندەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

Tyulemissov Madi مهدی ابواصل

tmadi1@gmail.com

قەلەندەر

# دىۋانى قەلەندەر

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىسراپىل يۈسۈپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىلاسسىك

ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار

تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

تۇمۇر داۋامەت ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى )

مىجىت ناسىر ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

مەمتىمىن يۈسۈپ ( تەتقىقاتچى )

مۇھەممەت ئىسمايىل ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى )

ئابدۇرېھىم رەجەپ ( دوتسېنت )

ئوبۇل ئىسلام ( ئالىي مۇھەررىر )

جاڭ خۇڭچاۋ ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

قەييۇم تۇردى ( 1- دەرىجىلىك يازغۇچى )

ئىمىن تۇرسۇن ( ئالىي مۇھەررىر )

شەرىپىدىن ئۆمەر ( پروفېسسور )

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

لىيۇ بىڭ ( تەتقىقاتچى )

# مۇندەرىجە

سۆز بېشى ......................................................1
نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ..........................................1
غەزەللەر ........................................................1
مۇخەممەسلەر ...................................................232
داستان ........................................................280
لۇغەت .........................................................297

# سۆز بېشى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ قەدىمىيلىكى، كۆلىمىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى، تۈرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، شەكلىنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، دەۋرى جەھەتتە ئىزچىللىقى، بەدىئىي سەنئەت يېقىدىن دۇنياۋى سەۋىيە يارىتقانلىقى، تارىخىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە، مەسىلەن: پەلسەپە، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، دىن، سەنئەت، جۇغراپىيە، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، ئەخلاق ۋە ئىنسانشۇناسلىق، ھوقۇقشۇناسلىق، ئۆرپ - ئادەت، تېبابەت، مىللەتشۇناسلىق، سىياسەت، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار ... قاتارلىق ساھەلەرگىچە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى نوقۇل ئەدەبىي نۇقتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم - پەننىڭ باشقا بارلىق ساھەلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار بۇ مىراسلار ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، قەھرىمانلىق غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىنسانىي سۆيگۈ - مۇھەببەتكە، ۋاپادارلىققا، ساداقەت ۋە سەمىمىيلىككە، چىنلىق ۋە گۈزەللىككە، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتكە مەدھىيە ئوقۇغان. مۇناپىقلىق، زالىملىق، رىياكارلىق، ۋاپاسىزلىق، ساختىلىق، ياۋۇزلۇق، ئادالەتسىزلىككە نەپرەت بىلدۈرگەن. ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى، ئىزگۈ

ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار بۇ خىل ئىلغار مەزمۇنلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات تەقەززا قىلىدىغان گۈزەل شەكىل ۋە ۋاستىلەر ئارقىلىق كىشى ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلغان.

ئەدەبىي مىراسلىرىمىز گەرچە تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك قول يازما نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ، خېلىلا كەڭ تۈردە تارقالغان. بۇ ئەدەبىي مىراسلار مەيلى سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن، ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىزنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقىمىزدۇر.

ئازادلىقتىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئۇنۇملۇك خىزمەتلەر ئىشلەندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى. ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت يۈزلىگەن، مىڭلىغان قول يازمىلار ساقلىنىپ ياتماقتا. بۇ قول يازمىلار ئىچىدە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نادىر نۇسخىلار، سىياھى ئۆچەي دەپ قالغان يەككە - يېگانە نۇسخىلارمۇ بار. ئۇلار بىزنىڭ قۇتقۇزۇشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. كلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋە بۇ مىراسلارنى قۇتقۇزۇشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلغان بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىدىكى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، دەسلەپكى قەدەمدە 30 پارچە كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرنى نەشر قىلىپ قۇتقۇزۇشنى پىلانلىدى. بۇ ئەسەرلەر قىسمەن قەدىمكى

ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى، كۆپ قىسمى 16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىندۇر. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلانغان بۇ 30 پارچە ئەسەر ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۈرلۈك قول يازمىلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تاللاپ چىقىلغان مۇنەۋۋەر نۇسخىلاردۇر. يەنە بەزىلىرى باشقا نۇسخىلىرى تېخى بايقالمىغان، يەككە ـ يېگانە قول يازمىلاردۇر. بۇلارنى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت — قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

جەمئىيىتىمىز بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئالدى بىلەن نەشرگە تەييارلاشنىڭ كونكرېت ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا بۇ 30 پارچە ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىگە سادىق بولۇش ( ئەسەرلەرنىڭ تارىخىيلىقى، قەدىمىيلىكى، ئەينەنلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش ) ، كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، تېكستولوگىيىلىك قائىدىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىندى.

جەمئىيىتىمىز دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇشنى پىلانلىغان بۇ كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى خۇشاللىنارلىق مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا جەمئىيىتىمىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت

ئورگانلىرى ، كۆپلىگەن كەسپىي ئورۇنلار ، كارخانىلار ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى قەدىرلىگۈچى مەربىيەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشتى . بۇ جەھەتتە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى گەرچە يۈزلىگەن بېشقەدەم ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش تەتقىقاتچى ، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆز ئەترابىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشتا قەدەم قويغان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا كەڭ ئاممىنىڭ ۋە خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىقتىدارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە ، ماسلىشىشىغا موھتاج . شۇڭا ، جەمئىيىتىمىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىمىزگە يەنىمۇ يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى ، يېڭىدىن بايقالغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرىدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈشىنى ، شۇ ئارقىلىق بۇ خىزمەتكە بىۋاسىتە قاتنىشىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ . تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ .

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئەدەبىي مىراسلىرىغا ئوخشاش مۇئەييەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ، ئۇنىڭدا يا ئۇنداق ، يا مۇنداق تارىخىي چەكلىمىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال . شۇڭا ، كلاسسىكلار ۋە كلاسسىك مىراسلارغا باھا بەرگەندە ، تەتقىق قىلغاندا چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم .

بۇ كىتابلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك

ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئۆزىنىڭ يېنىك ۋە ئوبرازلىق شېئىرىي تىلى بىلەن مۇھەببەت ھەققىدىكى مول، چوڭقۇر ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، كىشى قەلبىگە نازۇك تۇيغۇلارنى بەخش ئەتكۈچى شائىر قەلەندەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن لىرىك شائىرلاردىن بىرى.

ئاتاقلىق شائىر مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپ، 1977 ـ يىلى كۇزدە جەنۇبىي شىنجاڭ «قەلەندەر» تەخەللۇسىدىكى بىر قول يازمىنى تاپقان ۋە ئۇنى ش ئۇ ئا ر مۇزېيى ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ①. بىزدە شائىر قەلەندەر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش شۇندىن كېيىن باشلاندى. مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپ تۇنجى بولۇپ، شائىر قەلەندەرنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرىنى ئېلان قىلدى ②. 1987 ـ يىلى خوتەندىن قەلەندەر شېئىرلىرىنىڭ 20 بەتلىك قول يازما پارچىسى تېپىلىپ، شائىرنىڭ 59 غەزىلى بىلەن بىر قىتئەسى، 1988 ـ يىلى «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە مەتقاسىم ئەكرەم بىلەن مۇھەممەتئىمىن تۇردىلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى ③. 1990 ـ يىلى، مەن «بۇلاق» مەجمۇئەسى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىغا ئاساسەن، قەلەندەرنىڭ 114 غەزىلى بىلەن 25 مۇخەممەسىنىڭ ترانسىرىپسىيىلىك تېكستىنى ئېلان قىلدىم ④. 1991 ـ يىلى، خوتەندىن شائىرى قەلەندەرنىڭ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى تېپىلىپ، مەتقاسىم ئابدۇراخمان بىلەن توختىنىياز قۇربان شائىرنىڭ بىرقانچە غەزەل ۋە مەسنەۋىيلىرىنى (ھىجرىيىسىنىڭ 1210 ـ يىلى، يەنى مىلادى 1795 ـ 1796 ـ يىللىرى يېزىلغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان) ئېلان قىلدى ⑤. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، شائىر قەلەندەرنىڭ بىرمۇنچە غەزەللىرى، مۇخەممەسلىرى

ۋە مەسنەۋىيلىرى تېپىلغان بولسىمۇ ، بىراق ، بىز شائىرنىڭ ئىسمى ۋە ھاياتى توغرىلىق تېخىچە ئېنىقراق بىرمەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز . شائىر ھەر بىر شېئىرىغا دېگۈدەك «قەلەندەر» تەخەللۇسى بىلەن ئۆز ئىزناسىنى سېلىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ، ھازىر شائىرنىڭ نامى خەلقىمىزگە خېلىلا تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى . ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىنىڭ ئاخىرقى بېتىدا «تارىخى مىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە بىر پەلەڭ يىلى ئەيد قۇربان» دېگەن ئېنىق ۋاقىت يېزىلغان (بۇ مىلادى 1807 ــ يىل 19 ــ فېۋرالغا توغرا كېلىدۇ) . دېمەك ، قول يازما 1807 ــ يىلى قۇربان ھېيتتا كۆچۈرۈلۈپ بولۇنغان بولسا كېرەك ⑥ . قول يازمىدا شائىرنىڭ يېشى 60تىن ئاشقاندا يازغان غەزىلىمۇ بار ⑦ . يۇقىرىدا شائىرنىڭ مىلادى 1795 ــ 1796 ــ يىللىرى يېزىلغان مەسنەۋىيلىرى تېپىلغانلىقى ئەسكەرتىلدى . دېمەك ، شائىر قەلەندەرنىڭ ئەسەلىرىدە قەيت قىلىنغان يىللار ۋە ئۇنىڭ يېشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن ، ئۇنى تەخمىنەن 18 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 19 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشىغان ۋە ئىجاد ئەتكەن دېيىشكە بولىدۇ . شائىر غەزەللىرىدە ئۆز يۇرتى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ :

گۇناھىم نې ئېدىكىم قۇندۇزى جەننەت نىشانىمدىن ،
فەلەك سالغۇ تاشىدەك چۆرۈلۈپ خوتەن سارى ئاتتى .
سېنى كۆردى تۇشىدە تا قەلەندەر ، ئەي پەرى پەيكەر ،
ۋەتەننى تاشلادى ، خوتەن سارى ئەزمى سەفەر قىلدى .

يۇقىرىدىكى مىسرالار ئارقىلىق ، شائىر ئۆزىنى يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغان «پەلەك» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ ۋە يۇرتى قۇندۇزنى چوڭقۇر مۇھەببەت ، كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن «قۇندۇز جەننەت نىشانىم» دەپ تەرىپلەيدۇ . ئىلگىرى «شائىر قەلەندەرنىڭ يۇرتى قەشقەرنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ قۇندۇز يېزىسى » دېگەن كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان

ئىدى ⑧ . كېيىن ، قەلەندەرنىڭ يۇرتى ئافغانىستاندىكى قۇندۇز شەھىرى ⑨ دېگەن كۆز قاراش مۇقىملاشتى . قەلەندەر يۇرتى قۇندۇز شەھىرىدىن باشقا ، ئافغانىستاندىكى بەلخنىمۇ ئۆز غەزىلىدە «تاڭ ئەمەسدۇر گەر كۆرۇنسە كۆزۈمە ئالەم جەھىم ، باردۇرۇ ئەز بەس مېنىڭ جەننەت نىشانىم شەھرى بەلخ . » (مەنىسى : جەننەتكە ئوخشاش **بەلخ** شەھرىم تۇرغان يەردە ، ئالەم كۆزۈمگە دوزاقتەك كۆرۈنسە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس) . دەپ قۇندۇزنى تەرىپلىگەن تىل بىلەن سۆپەتلەيدۇ . بۇ ئۇنىڭ قۇندۇزغا خوشنا شەھەر بەلخنىمۇ مەلۇم مەز- گىل ياشىغانلىقىنى ، شۇ تۇپەيلى بەلخنى ئۆز يۇرتى قاتارىدا ئەزىز كۆرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

شائىر خوتەنگە بولغان چوڭقۇر تەسىراتى ۋە قىزغىن مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەسنەۋىيسىنى ، دوست - يارەنلىرىنىڭ «جەننەت نىشانى قۇندۇز» دەك «ئوبدان ۋە چوڭ شەھەرلەرنى تاشلاپسىز ، خوتەنگە بارىپ تۇرۇپسىز ، بىزلەر ئىشىتتۇك ، خوتەن كىچىك ۋە ياقا يۇرت ئىكەن ...»، «ئاندا بارىپ تۇرغانىڭىزدىن ئۆز كۆڭلىڭىزدە ناھايەتى خۇش تەبئىلىكىڭىز مەئلۇم بولدى ...» دەپ كىنايە قىلىپ يازغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، «ئۇلارنى خىجالەت قىلماق ئۈچۈن » ، خوتەن شەھرىنىڭ سۆپىتىنى تەرىپلەپ يازغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ ۋە خوتەننى سەمەرقەند ، تاش- كەند ، كابىل (كابول) ، سپاھان (ئىسپاھان) ، شام (دەمەشق) ، دېھلى ، كەشمىر ، باغداد ، ئۆرگەنچ ، شىراز قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەردىن ئاشۇرۇپ سۆپەتلەيدۇ ھەمدە ئۇنى «خوتەن دېمە ، دېگەيسەن روھ ئەفزا ، مۇنىڭدەك شەھرى يوق ئالەمدە پەيدا .» (مەنىسى : خوتەننى خوتەن دېمە ، بەلكى جاننى ياپىراتقۇچى شەھەر دېگىن ، بۇنىڭدەك شەھەر تېخى ئالەمدە پەيدا بولغىنى يوق) . دەپ مۇھەببەت بىلەن تەرىپلەيدۇ . بۇ شائىرنىڭ" ئۇلارنى خىجالەت قىلماق ئۈچۈن "دېگىنىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك ، ئەلۋەتتە .

ئەمدى شائىرنىڭ خوتەن ھەققىدىكى مەسنەۋىيسىدىكى :

يارانلار بىرلە دائىم دەرسخانلىق ،
كىشىگە قىلماس ئىردىم ھىچ يامانلىق .
بار ئىردى مەشرەبىمدە نازۇ نىئمەت ،
مۇساھىبلار بارى ئەھلى مۇھەببەت .
كىتا بۇ نەغمەۋۇ ساتارۇ قالۇن ،
ھەسەد خەلقى بولۇر ئىردى جىگەر خۇن . —

دىگەن مىسرالار بىزنى شائىرنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدىكى بەزى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ . مەلۇمكى شائىر قۇندۇزدىكى چاغلىرىدا «دەرسخانلىق» (مۇدەررىسلىك) قىلىپ ، ئىلىم يۇرتلىرىدا دەرس ئۆتكەن ، ئالىم ۋە ئاقىل كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ، بەزىدە ئىلمىي بەس - مۇنازىرىلەر بىلەن ، بەزىدە ساز چېلىش ۋە ئاڭلاش بىلەن كۈنلىرىنى مەزمۇنلۇق ئۆتكەزگەن .

قەلەندەر ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇھەببەت تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەل - يۇرت ھەمدە ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ، ھايات گۈزەللىكىگە بولغان كۆڭلۈك ئىنتىلىشىنى ، ۋاپا - ساداقەت ، ياخشىلىق توغرىسىدىكى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنى ، زامان جەۋرى - جاپالىرى ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرىنى ، ئۈمىد ۋە ئارمانلىرىنى ئۈستۈن بەدىئىي تالانت بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن . شائىر غەزەللىرىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا ، ئۇنىڭ پەلەك (دەۋران) ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يازغان تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى ئالاھىدە كۆرسىتىش مۇمكىن :

ھەر نېچە قىلسام جاھاندا ئەيش ئىشرەت ئۆمرىمە ،
ھەر بىرى ئورنىدا مىڭ جەبرۇ جەفا قىلدى فالەك .
كۆرمەدىم جەبرۇ جەپادىن ئۆزگە ھەرگىز دەھر ئارا ،

لۇتۇف ئىپتەردىن ماڭا گوياكىم ئىبا قىلدى فەلەك .
ئەھلى فەزلۇ دانىش ئەھلىگە ... دەردۇ ئەلەم ،
دون ئىلىن ئالەم ئارا كامىن رەۋا قىلدى فەلەك .
(دۇنيادا ئۆمرۈم بويىچە قانچىلىك راھەت كۆرگەن بولسام ،
پەلەك بۇ راھەتنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئورنىغا مىڭلاپ جاپا كەلتۈردى .
زاماندىن جەۋرى ـ جاپادىن باشقا ھېچنېمە كۆرمىدىم ،
پەلەك گويا ماڭا ياخشىلىق قىلىشتىن ئۇياتتى .
پەلەك ئەقىللىق ، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە دەرد ـ ئەلەم
كەلتۈرۈپ ، پەس ـ رەزىللەرنى مۇرات ـ مەقسەتكە يەتكۈزدى ) .
ئۆز ئۆمرىنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتىنى" مېھنەت ۋە ھەسرەت " بىلەن ئۆتكۈزگەن شائىر پەلەكنىڭ تەتۈرلىكىگە كايىغان ھالدا ، ئۆزىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇلىرى بىلەن بۇ ھەقتىكى ئۈمىد ۋە ئارمانلىرىنى يېزىشنىمۇ نەزەردىن چەتتە قالدۇرمىغان :
بۇ ئۆمرۈڭگە قەلەندەر ئىتىمادى قىلماغىل ھەرگىز ،
كېچە ھەر نېچەكىم بولسۇن ئۇزاق ، ئاخىر سەھەر بولغاي ،
(ئەي قەلەندەر ، بۇ ئۆمرۈڭگە ھەرگىز ئىشەنچ قىلما ،
كېچە ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ ، ئاخىر تاڭ ئاتىدۇ . )
يەنە :
كېچەۋۇ كۈندۈز دۇئايىم بۇ دۇرۇر : قىلغىل مېنى ،
كۆلفەتى ئەندۇھ بىلە ھەم دەردى دەۋراندىن خەلاس .
(كېچە ـ كۈندۈز دۇئايىم شۇكى ، مېنى غەم كۈلپىتى بىلەن زامان دەرتلىرىدىن خالاس قىل . )

× ×

مەن بۇ كىتابنى ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات

جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، شۇ ئۇ ئا ر مۇزېيىدىكى قول يازمىغا ئاساسەن قايتا نەشرگە تەييارلىدىم. بۇ كىتابقا ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىدىكى غەزەل، مۇخەممەسلەرنىڭ ھەممىسىنى (جەمئىي 165 غەزەل، 26 مۇخەممەس بار بولۇپ، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى تولۇق ئەمەس) كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، كىتابخانلارنىڭ كۆرۈشىگە ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، قەلەندەرنىڭ 1988 - يىلى مەتقاسىم ئەكرەم بىلەن مۇھەممەتئىمىن تۇردىلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان غەزەللىرى ۋە 1991 - يىلى مەتقاسىم ئابدۇراخمان بىلەن توختىنىياز قۇربانلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان مەسنەۋىي، غەزەللىرىمۇ كىرگۈزۈلدى ⑩.

ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى، شائىر قەلەندەرنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى ۋە ئەسىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگۈسى.

ئىزاھلار:

①بۇ قول يازما ياخشى ساقلانمىغان بولۇپ، ۋاراقلىرى تىكىگىدىن ئاجرالغان، باش - ئايىقى ۋە ئارىلىرىدىكى بەتلىرى يوقالغان ۋە مۇقاۋىسىز ھالەتتە تېپىلغان. 1978 - يىلى 4 - ئايدا، ئابلىمىت روزى ئەپەندى بۇ قول يازمىنى قايتىدىن تۈپلەپ، بەت نومۇرى سېلىپ ۋە مۇقاۋىلاپ ناھايىتى ياخشى ئىش قىلغان. گەرچە تۈپلەش جەريانىدا بىرنەچچە ۋاراق ئالمىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ قول يازما شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە «دىۋانى قەلەندەر» نامى بىلەن مۇزېيدا ساقلانماقتا (نومۇرى 0228). مەزكۇر قول يازما جەمئىي 192 بەت بولۇپ، ئۇنىڭ 1 - بېتىدىن 189 - بېتىگىچە شائىرنىڭ غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرى يېزىلغان. قالغان 3 بېتىگە قالايمىقان تەرتىپتە شېئىر مىسرالىرى يېزىلغان. ئۇندىن باشقا، قالايمىقان يېزىلغان مەشق خەتلەرمۇ بار." تارىخى مىڭ

ئىككى يۈز يىگىرمە بىر پەلەك (ئەسلى تېكىستە «فەلەك» دەپ يېزىلغان ) يىلى ئەي. قۇربان "دېگەن خەتلەر قول يازمىنىڭ 192 ـ بېتىدە .

② «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا قارالسۇن ، يەنە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ، 469، ـ 501 ـ بەتلەر) گە قارالسۇن .

③ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1988 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا قارالسۇن .

④ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1990 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا قارالسۇن .

⑤ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا قارالسۇن .

⑥ قول يازمىدىكى غەزەللەردىن بەزىلىرىنىڭ قاپىيىسى بۇزۇلغان ، يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى توغرا ئەمەس ، مۇخەممەسلەرنىڭ تەرتىۋى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن .

⑦ شائىرنىڭ «قىلساڭ» قاپىيىلىك غەزىلىدىكى بۇ ئىككى مىسراغا قاراڭ :

«ئۆتۈپدۇر قۇللۇغۇڭ ئەي پەرىۋەش ياشىم ئالتمىشدىن ،

ئۆلەر چاغىم بولۇپدۇر ، نې بولۇر جانا رىزا قىلساڭ .»

⑧ «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» (خەنزۇچە ، جۇشاۋزۇ قاتارلىقلار تۈزگەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1991 ـ يىل ، 273 ـ بەت) غا قارالسۇن .

⑨ «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» (تۈزىتىلگەن ۋە تولۇقلانغان نەشرى ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1980 ـ يىل بېيجىڭ) دېگەن كىتابتا :" قۇندۇز بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا " دەپ كۆرسىتىلگەن (75 ـ ۋە 103 ـ 104 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) . شۇ كىتابتا يەنە" بەلخ بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى مازارى شەرىفنىڭ غەربىدە " دەپ كۆرسىتىلگەن ( 9 ـ ، 10 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) . «دۇنيا يەر نامىلىرى لۇغىتى » (شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1981 ـ يىل ) دە :" قۇندۇز ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى شەھەر بولۇپ ، قۇندۇز ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى . بۇ شەھەر پەنجى دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى تارمىقى بولغان قۇندۇز دەرياسى ۋادىسىدا " دەپ كۆرسىتىلگەن (796 ـ بەتكە قارالسۇن) . «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى» (ئاپتورى فرانسىيىلىك رېنې گرۇسسېت ، ۋېي يىڭباڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ، چىڭخەي خەلق

نەشرىياتى ، 1991 ـ يىل) دېگەن كىتابقا قىستۇرۇلغان 30 ـ خەرىتىدىن ، يەنى 17 ـ 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئاسىيا ئېگىزلىكىنىڭ خەرىتىسىدىن ، قۇندۇز بىلەن بەلخنىڭ ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى ئارىلىقى خېلىلا يېقىن بولغان قوشنا شەھەرلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ .

⑩مەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ، ش ئۇ ئا ر مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 0228 ـ نومۇرلۇق قول يازمىنى ئاساس قىلىپ ، قەلەندەرنىڭ شېئىرلىرىنى دىۋان تەرتىۋىگە سېلىپ نەشرگە تەييارلىدىم . نەشرگە تەييارلانغان بۇ دىۋاندا ، △ بەلگىسى قويۇلغان غەزەللەر« بۇلاق » نىڭ 1988 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان غەزەللەرنى كۆرسىتىدۇ (بۇ دىۋانغا 58 غەزەل كىرگۈزۈلدى) ، ▲ بەلگىسى قويۇلغان غەزەللەر (8 غەزەل) «بۇلاق» نىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان غەزەللەرنى كۆرسىتىدۇ . دىۋاندىكى شېئىرلار غەزەللەر ، مۇخەممەسلەر ۋە مەسنە ۋىيلەر دېگەن تەرتىپتە تىزىلدى .

## غەزەللەر

①..............................................................................

تولغاسە بوينىنى بۇ ئالەمدە ئەمرىگىدىن كىشى ،
قىل سىياسەت تىغ ئىلە سەن رىشتەئى ئۆمرىن ئەدا .
سۇساپ ئۆلمە ، ئەي قەلەندەر ، سەن نەۋائى دېدىكىم :
«ئىشرەبۇ يا ئەيىۇھەل ئەتشان ②» كېلۇر ھەردەم نىدا .



① بۇ غەزەلنىڭ بېشى قول يازما ۋاراقلىرى بىلەن يوقالغان .

② «ئەي تەشنالار ، ئىچىڭلار» دېگەن مەنىدە .

تا ساڭا بەردىم كۆڭۈل ، ئەي مىسلى يوق ئالەم ئارا ،
يۈرەكىمنى ئەيلەدىڭ زالىم يارا ئۈزرە يارا .
بىلمەدىم نادانلىغىڭ ، دانەدۇ دەپ بەردىم كۆڭۈل ،
يوق ئىكەن ئەقلىڭ سېنىڭ ، ئەي يۈزى ئاق كۆڭلى قارا .
تابۇ دەمدە دەھر ئارا ئازادەئى دەۋران ئىدىم ،
تۈشتى باشىمغە سېنىڭ نادانلىغىڭدىن ماجەرا .
بىردەمى خۇشلۇق يۈزىنى بۇ جاھەندا كۆرمەدىم ،
سەن پەرى پەيكەر بىلە تا ئەيلەدىم بەيئى ـ شەرا .
بولسەگەر ئۆلۈك تىرىلۈر ، تەۋسەنى ئۈستىدە سەن ،
كەلسە مەجبۇنۇڭ قولاغىغە كىرەر ئاۋاز دەرا .
بىۋەفادۇر ، ئەي قەلەندەر ، بۇ جەھان ، تامشالماغىل ،
قالغۇسىدۇر نىچە قىلساڭ ، باغ[ ئىلە ] ئەيۋان سەرا .



بولماسا گەر بىلە ئۇل شوخى پەرى پەيكەر ماڭا ،
ئارتادۇر سەيرى چەمەندىن نەچچە دەردى سەر ماڭا .
بارغالى ئەزم ئەيلەسەم ، ئۇل جەننەتى كويى سارى ،
بولغۇسى شەھپەر خەيالى ئۇل بۇتى دىلبەر ماڭا .
ئىلتىفات ئەيلەپ يىبەرسۇن نامەئى ئۇل دىلرەبا ،
دىمە نامە ، دىگىل ئانى تاج ئىلە ئەفسەر ماڭا .
............................................................. ①
تاكى ئۇچراشتى ئۇشۇل دىلدار سىيمىنبەر ماڭا .
كۆز ياشىم بىرلەن قەلەندەر بولسە ئەشكى لالەگۇن ،
ۋەھ ، نەھاجەتدۇر جەھان ئىچىندە سىيمۇ زەر ماڭا .



① قول يازمىدا بۇ بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان .

نى قىلىپدۇر مەن ، دېگىل ئەي شۇخ سىيمىنبەر ساڭا ،
قولۇڭا باردۇر مېنىڭ قەتلىم ئۈچۈن  خەنجەر ساڭا .
تەڭرى قىلدى بارچەدىن ھاجەتسىز ، ئەي ھۇرى زەمان ،
لەبلەرىڭدۇر لەئلۇ تىشىڭ دۇر ئىلە گەۋھەر ساڭا .
كېچەيۇ كۈندۈز مۇرادىم ھەقتەئالادىن بۇدۇر .
لۇتف ئىلە قويسۇن باشىڭغە تاج ئىلە ئەفسەر ساڭا .
بولغۇدەكسەن دەھر ئارادە پادىشاھى بەھرۇ بەر ،
دەۋلەتۇ بەختۇ سەئادەت بولسا گەر ياۋەر ساڭا .
بەرمەپ ئېركەن ھەقتەئالا ساڭا ھەرگىز ئىئتىقاد ،
مىڭ دېدىم ئەرزىمنى ، بىرى بولمادى باۋەر ساڭا .
كۆرمەدى ھەرگىز جەھاندە راھەتۇ ئىشرەت يۈزىن ،
كىمگە بەردى مەھۋەشى كۆڭلىنى ، ئەي دىلبەر ساڭا .
كۆرسە ئېردى گەر يۈزۈڭنى بولۇر ئېردى ساڭا قۇل ،
رۇستەمۇ بەرزۇ بىلە ئىسكەندەرى سەفدەر ساڭا .
ھەردەمى يۈز تىل بىلە دېگىل خۇدايىم شۇكرىنى ،
بەردى بەختۇ دەۋلەتۇ ئىززەت بىلە ھەم فەر ساڭا .
سەن يارا ، سورغىل قەلەندەر ھالىن ، ئەي شىرىن زەبان ،
دىيدەسى ۋەسفىڭ ، نىگارا ، بىرنەچە دەفتەر ساڭا .



كىشۋەرى ھۆسن ئىچرە تاكىم كامرانلىقدۇر ساڭا ،
تەڭرىدىن تاڭ يوقتۇرۇركىم مېھرىبانلىقدۇر ساڭا .
تاكى تەختى ھۆسن ئۆزە قويدۇڭ قەدەم ، ئەي گۇلئۇزار ،
دەۋلەتۇ بەختۇ سەئادەت بىلە خانلىقدۇر ساڭا .
تەۋسەنى نازىڭ مىنىپ چىقساڭ ئەگەر ھۆسنۇڭ بىلە ،
قۇل بولۇر ھەركىم يۈزۈڭنى كۆردى جايلىقدۇر ساڭا .
ئىلتىقاتىڭ بىرلە ئالەمنى مۇسەخخەر ئەيلەدىڭ ،
ھەر قايان قويساڭ قەدەم ، جانا ، ئەمانلىقدۇر ساڭا .
مەريەمى دەۋراندۇرۇرسەن پارسالىق بابىدا ،
ئول يەزىد قەۋمىدۇرۇر ھەركىم گۇمانلىقدۇر ساڭا ،
ئەي پەرىزادى زەمانۇ ھۆرى دەۋرانىم مېنىڭ .
ئىشىكىڭنى ياستانىپ مەن پاسبانلىقدۇر ساڭا ،
مەتلەبىم بۇدۇر ، قۇرۇتسۇن ھەقتە ئالا يىلدىزىن ،
ھەرنەكىم ئالەم ئىچىندە ، ئول زىيانلىقدۇر ساڭا ،
كىمكى كۆردى ئازەرىڭنى بولدى ئول فەرھاددەك ،
نې ئۆچۈنكىم لۇتفىئى شىرىن زەبانلىقدۇر ساڭا .
مۇنچە ھەم تەڭرى بېرىپ ئېركەن ساڭا ھىلمۇ ھەيا . ①
قانچە قىلسۇن ئەل شەكىللىك ئول گەرانلىقدۇر ساڭا .
ئەل قىلۇر بۇ قۇدرەتىڭغە ھەر زەمان يۈز ئافەرىن ،
تا رەقىبىڭ قەتلىدىن ساھىب قىرانلىقدۇر ساڭا .
چىقسا ئول خۇرشىدى تابانىڭ ، قەلەندەر ، ناز ئىلە ،
گەر تەسەددۇق قىلماساڭ جانىڭ يامانلىقدۇر ساڭا .

① بۇ سۆز قول يازمىدا «ھىيلە» دەپ يېزىلغان .

بولدى جانىمغە مېنىڭ ئول ئافەتى دەۋران بەلا ،
كىم زىلەيخاغە بولۇپدۇر يۇسۇفى كەنئان بەلا .
زۇلف ئىلە ساچى مېنىڭ كۆڭلۈمگە بولدى پاي بەند ،
خىزرغە بولدى نېچۈككىم ئۆمرى بىپايان بەلا .
شۇم رەقىبىمنى قىلىپدۇرمەن ئەجايىب زىرى دەست ،
بولدى ئول پورى پەشەڭغە رۇستەمى دەستان بەلا .
باردۇرۇر دۇنيا ئىچىندە كىمسەنىڭ بىر ئافەتى ،
ئىشق ئېلى جانىغە بولدى فورقەتۇ ھىجران بەلا .
بىلمەس ئېردى ، ئەي قەلەندەر ، ھېچ كىشى ھالىم مېنىڭ ،
شۇھرەتىمگە بولدى ئاخىر دىيدەئى گىريان بەلا .



ھەرقاچان كۆرسەم يۈزۈڭنى ئۇل پەراغەتدۇر ماڭا،
بىل، پەراغەت دېمە كىم ئەيش ئىلە راھەتدۇر ماڭا.
مۇسھەفى ① رۇخسارەسىنى تاكى كۆردۈم ئاشكار،
كېچە يۇ كۈندۈز ئىشىم ئانىڭ تەلاۋەتدۇر ماڭا.
بىردەمى غافىل ئەگەر بولسامەن ئۇل گۇلچېھرەدىن،
تاڭ ئېمەسدۇر كىم بۇ غەفلەتدىن شەقاۋەتدۇر ماڭا.
يىغلارەم دەردۇ غەمىدىن ھەركېچە تاڭ ئاتغۇچە،
كۆزلەرىمنىڭ ھەربىرى بىر بەھرى ئافەتدۇر ماڭا.
ئۇچراسە ناگاھ ماڭا ھىجران بىلە فۇرقەت تۈنى،
كېچە ئانى سەن دېمە، بىلكىم قىيامەتدۇر ماڭا.
قىلسە گەر بەختىم مەدەد، سۆيسەم ئانىڭ باسقان ئىزىن،
دېرمەن ئانى، ئەي قەلەندەر، كىم شەرافەتدۇر ماڭا.



① مۇسھەف — قۇرئان كەرىم

نې گۇناھىم بار ئىدى قىلدىڭ فەلەك ياردىن جۇدا ،
دېمەگىل سەن ياردىن ، بەل گەۋھەرى جاندىن جۇدا! .
تاسېنىڭ كويۇگىدىن ئايرىلدىم غەرىب ئۇلدۇم غەرىب ،
قىلماغايسەن خارەنى لەئلى بەدەخشاندىن جۇدا .
ۋەسلىدىن ھەجرىگە تا تۇشتۇم كۆيەرمەن تۇنۇكۇن ،
بەندەسىنى قىلماغىل ، يا رەبكى سۇلتاندىن جۇدا .
چاغلادىم دەردۇ غەمى ئىشقىڭنىكىم پايانى يوق ،
قىلماغىل يارەب ، ئانىڭ دەردىنى دەرماندىن جۇدا .
گەر ئەزىزى مىسر ئولسا باردۇرۇر غۇربەت غەمى ،
يۇسۇفى دىلخەستەنى سەن قىلما كەنئاندىن جۇدا .
دەۋزەخى سوزان دېسەم ، غۇربەت نېچۇن ھەم ئاز ئېرۇر ،
ياقۇتۇ فىرۇزەنى ھەم قىلماغىل كاندىن جۇدا .
ئەل تىلەر گۇلزارى ۋەسلىن ، مەن تىلەرمەن ھەجرىنى ،
بۇلبۇلى بىچارەنى سەن قىلما ئەفغاندىن جۇدا .
كېچەيۇ كۇندۇز تىلەر يىغلاپ قەلەندەر تەڭرىدىن ،
قىلماغىل ئاخىر دەمىدە ئانى ئىماندىن جۇدا .

ئەي پەرىزادى زەمانىم ، جان بىلە قۇلمەن ساڭا ،
گۇلشەنى ھۆسنۈڭداقى بىر دەستە سۇنبۇلمەن ساڭا .
ئەي گۇلى گۇلزارى جەننەت دىلبەرى ساھىب جەمال ،
گۇل يۈزۈڭنىڭ ئوتىدا بىر خەستە بۇلبۇلمەن ساڭا .
باردۇرۇر ھۆسنۈڭ سېنىڭ بىلقىسۇ يۇسۇفدىن فۇزۇن ،
مەي ئىچەر بولساڭ نىگارا ساغەرى مۇل ① مەن ساڭا .
ياستانىيمەن ئىشكىڭنى جانۇ دىل بىرلە مۇدام ،
ساقلاساڭ قۇلمەن ساڭا ، گەرخەرج قىل ② پۇلمەن ساڭا .
قىل قەلەندەرغە نىگارا لۇتفىدىن بىر ئىلتىفات ،
مۇددەتى بولۇپدۇرۇر ، ئەي دىلرەبا ، قۇلمەن ساڭا .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «مەي» دەپ ئېلىنغان ، قاپىيە ئېتىبارى بىلەن «مۇل» دەپ ئېلىندى .

② بۇ سۆز قول يازمىدا «قىلساڭ» دەپ ئېلىنغان ، ۋەزن ئېتىبارى بىلەن «قىل» دەپ ئېلىندى .

ئۆرتەدى ئوتنۇڭ مېنى خۇرشىدى تابانىڭ تىلەب ،
ئېگىلىپدۇر قامەتىم سەرۋى خىرامانىم تىلەب .
سەنسىزىن يوقتۇر ماڭا بىر لەھزەئى سەبرۇ قەرار ،
قان يۇتارمەن ھەرزەمان لەئلى بەدەخشانىڭ تىلەب ،
كىمگە قىلساڭ شەفقەتىڭنى قىلماغىل ھۇرى زەمان ،
دەردىڭ ئۆلتۈردى مېنى ، ئەي شوخ ، دەرمانىڭ تىلەب .
نې بولۇر كەلسەڭ بىرەر بۇ كۇلبەئى ئەھزانىمە ،
تەلمۈرۈپ كۆزۈم ئاقاردى گەرچە دامانىڭ تىلەب .
باردۇرۇر گويا ، قەلەندەر ، ئول پەرىزادى زەمان ،
جان بېرۇرلەر تاپمايىن ئەل شوخ جەۋلانىڭ تىلەب .



ئەيلەگىل يا رەب ، ماڭا ئول شوخى سىمىنبەر نەسىب ،
تۇتىشى بىچارەغە قىل شەھد ئىلە شەككەر نەسىب .
گەرچە شاھلارغە بىرۇرسەن تاجۇ تەختۇ ئىززۇجاھ ،
ماڭا قىلغايسەن ، ئىلاھا ، ئول پەرى پەيكەر نەسىب .
نالەئى ئەفغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئۇخشە زار - زار ،
گەر مۇيەسسەر قىلماساڭ ئول گۇلرۇخى دىلبەر نەسىب .
جەۋرۇ زۇلمۇڭدىن بولۇپدۇر يۈرەكۇ باغرىم كەباب ،
بولماسۇن مەندەك كىشىگە مەھۋەشى كافەر نەسىب .
بەرگەسەن ، يا رەب ، بارى ئەلنىڭ مۇرادى مەقسەدىن ،
دىن ئىلىگە قىلماغىل دۇنيادا شورۇ شەر نەسىب .
گەرچە گۇل بۇلبۇلنى يۈرەكىنى قىلدى داغ ،
تاپتى داغى يۈرەكىگە لالەئى ئەھمەر نەسىب .
دەۋلەتى ئۇلدۇر قەلەندەر ئاياغىغە قويسە باش ،
ئول بىلۇر باشىغە بولدى تاج ئىلە ئەفسەر نەسىب .



قىلغالى جەۋرۇ جەفا ئول شوخى سىيمىنبەر كېلىپ ،
ئالغالى جانىمنى گويا كافىرى خەيبەر كېلىپ .
ئەيلەدى كۆلبەمنى رەۋشەن ئارەزىڭنىڭ نۇرىدىن ،
لەبلەرى لەئلى بەدەخشان شەھد ئىلە شەككەر كېلىپ .
بولمادى ھېچكىم ئانىڭدەك دەھر ئارادە كامران ،
لايىقى ئەنسەب باشىدا تاج ئىلە ئەفسەر كېلىپ .
ئۆلۈك ئېردىمكىم تىرىلدىم ، شادمانلىقدىن دېدىم :
باشىمە گويا بۇ كۆن ئىيسايى پەيغەمبەر كېلىپ .
بولماغاي ھەرگىز گەدالار ئەل ئالىندا ئېئتىبار ،
زىينەتى دۇنيايى دۇننى ، ئەي قەلەندەر ، زەر كېلىپ .



فۇرقەتۇ ھەجرىڭدۇرۇر جانىمغە ، ئەي دىلدار ، خوب ،
ھەر نېچە قىلساڭ جەفايۇ جەۋر ئىلە ئازار خوب .
لەبلەرىڭ بىرلەن مەسىھانى مۇقابىل قىلدىلار ،
ھەر كىشى كۆردى ، دېدى : ئول لەئلى شەككەر بار خوب .
مەجنۇن ئىزدەر لەيلىنى ، فەرھاد شىرىننى تىلەر ،
بۇلبۇلى بىخانۇمانغە گۇشەئى گۇلزار خوب .
بىر سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە ، ئەي ھۇرى زەمان ،
جان بېرۇر بىر سۆزۈڭە قەددىڭغەدۇر رەفتار خوب .
باردۇ يۈزۈڭدىن خىجىل شەمسۇ قەمەر ، ئەي سىيمبەر ،
قىلساڭ ئەز ھۇرۇ پەرىدىن ، ئەي پەرىۋەش ، ئار خوب .
نې بەلا ئوبدانىدۇرۇر دىۋانە كوڭلۇم بەندىغە ،
باغلاماقغە بارۇدۇرۇر ئول تۇررەئى تەررار خوب .
لەبلەرىڭنىڭ ئالىدا گويا مەسىھادۇر ئۆلۈك ،
قەتل ئېتەرگە باردۇرۇر ئول نەرگىسى بىمار خوب .
تائەتۇ تەقۋا بىلە زۇھدۇ سەخايۇ خەير خوب .
قادىرى بىچۇن ئالىندا دىيدەئى دەريار خوب .
بۇ جەھاننىڭ ئىشكىگە بىر زەرەرچە يوقتۇر شىتاب ،
ھەر سەھەر ۋەقتىدە قىلساڭ يىغلاپ ئىستىغفار خوب .
بۇلبۇلى كۆڭلۈڭنى سەدقە قىل ① قەلەندەر ، دەھر ئارا ،
خار زۇلفى ، ئارەزى ئول شوخى گۇلرۇخسار خوب .



① «قىل» ـــ ئەسلى قول يازمىدا چۈشۈپ قالغان ، قوشۇپ قويۇلدى .

لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر ، تىشلەرىڭ دۇررى خۇشاب ،
ئىككى زۇلفۇڭ سايەسىغە ① ئاي يۈزۈڭدۇر ئاقتاب ،
مۇسىيبەتىدىن پاك ئولۇر ، جانا ، يۈزۈڭ كۆرگەن كىشى ،
سەن سارى باقغانلاغە مەھشەر كۈنى يوقتۇر ئەزاب .
كۆڭلۈمە باردۇر نىھايەت ، ئەي نىگارا ئارزۇ ،
ئاتلانىپ چىقساڭ ، نىگارا ، مەن ساڭا تۇتسام رىكاب .
مەي ھەراراتى قىلۇر ئايدەك يۈزۈڭنى غەرق ئەرەق ،
بادە ئىچسەڭ تۆكۈلۈر ئىككى قىزىل گۈلدەك گۈلاب .
خۇسرەۋۇ فەرھادۇ مەجنۇن مەندىن ئالۇرلار سەبەق ،
دىلبەرىم ئاشىقنى ئول ھەنۇز قىلماسلار ھىساب .
ئىلتىفات ئەيلەپ ئەگەر كىرسەڭ قۇلۇڭنىڭ بەزمىغە ،
كۆز ياشىمدىن بار شەرابىم ، بار يۈرەكىمدىن كەباب .
شۇم رەقىبنى كۆلدۈرۈر ، گەر كۆرسە مېنى يىغلاتۇر ،
تالەئىم شۇمدۇر مېنىڭ ، بەختىم زەبۇن ، ھالىم خەراب ،
نەدەيىن بەختى بەدىمدىن ، ئەي مۇسۇلمانلار كۆرۈڭ ،
سۇتىلەپ جەيھۇنغە بارسام ، بولادۇر جەيھۇن سەراب .
يەتسۇ قايدىن نالەئى زارىم قولاغىغە ئانىڭ ،
چالدۇرۇر غەۋغا بىلەن بەزمىغە ئول چەڭۇ رەباب .
تۇغنى پىشانەڭدە ② كۆرگەچ سەجدە چاغدا دەمبەدەم ،
ھەسرەتى بىھەدبىلە «يالەيتەنى كۈنتۇ تۇراب» ③
مۇستەھىقدۇر مەن نىگارا ، بەر زەكات ھەسەنىدىن ،
خەير ئەگەر قىلساڭ تاپارسەن ئەي پەرى پەيكەر سەۋاب .
كىچەۋۇ كۈندۈز تىلەكىم بۇدۇر ئەي سۇلتانى ھۇسن ،

① بۇ سۆز قول يازمىدا «سايەغەسىغە» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان .
② بۇ سۆز قول يازمىدا «پىشانەڭا» دەپ يېزىلغان .
③ «كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!» قۇرئان كەرىم ، 78 ـ سۈرە 40 ـ ئايەت .

ئۇمرى دەۋلەتدىن  خۇدايىم سىزنى قىلسۇن كامياب .
تەۋسىفى ھۇسنۇڭ تۈگەتمەكلىك مەھال ئېرمىش مەھال ،
پەيكىدىن بىرنى بەيان ئەتسەم بولۇر يۈزمىڭ كىتاب .
گەۋھەرى مەقسۇدى  ئانىڭ قولغە كەلمەي قالماغاي ،
كۆزلەرىدىن ھەر كىشى ئاقتۇرسە دەريادەك سىيلاب ① .
زەرخەرىدە قۇلدۇرۇر مىسكىن قەلەندەر رەھم قىل ،
دەۋزەخى ھەجرىڭدە قىلمە مۇندىن ئارتۇقراق ئەزاب .
فەھش خۇلقۇڭ ② تاشلاغىل ، ئەمدى قەلەندەر تائەت ئەت ،
يەتتى قارىلىق مەھەلى ، ئۆتتى مەۋسۇمى شەباب .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «شەباب» دەپ خاتا كۆچۈرۈلگەن ، تۈزىتىلدى .
② بۇ سۆز قول يازمىدا «زۇلفۇڭ» دەپ خاتا كۆچۈرۈلگەن .

[ئەزم ]سەن قىلدىڭ ①، ۋەتەن ئىچىندە بولدۇم مەن غەرىب،
سەن ئىدىڭ جانى ئەزىزىم، ئۆلسەم ئەر يوقتۇر ئەجىب.
ئەي مۇسۇلمانلار، كۆرۈڭلەر تالىئىمنىڭ شۇملۇغى،
ئەلنى ئۆلتۈرسە رەقىبى، مىنى ئۆلتۈردى ھەبىب.
ئەيلەگىل رەھمى قۇلۇڭغە گەر مۇسۇلمانزادەسەن،
فۇرقەتۇ ھەجرىڭگە قالدى، ئەي نىگارا، مەن رەقىب.
تاكى كۆرسەتتى يۈزىنى ئول پەرىزادى زەمان،
جانىمە ئوت سالدىيۇ قويدى بەلالارنى تارىب.
زالىمى بىرەھم باردۇر، ئەي قەلەندەر، بىھساب،
تا سىنى ئۆلتۈرمەسە قالماس ئانىڭ كۆڭلى تىنىب.



① [ئەزم ]سەن قىلدىڭ ـــ قول يازمىدا «سەن جەفا قىلدىڭ» دەپ يېزىلغان.

قىلماغىل ، يا رەب ، كىشىگە دەردى ھىجراننى نەسىب .
دەردى ھىجران بولسا بولسۇن داغى ھەيراننى نەسىب .
يەتتە ئىقلىم خانى دېسەم گەر ئۆزۈمنى ئورنى بار ،
قىلسەكى تەڭرىم ماڭا ئول جانۇ جاناننى نەسىب .
بۇلبۇلۇڭغە بەرگەسەن سەن گۇلشەنۇ گۇلزارنى ،
تۇتىئى بىخانۇمانغە شەككەرىستاننى نەسىب .
بەر ئەمانلىق ماڭا بۇ دۇنيادا ئەي ھەيىبى قەدىم ،
ئاخىرى دەمدە ماڭا قىل نۇرى ئىماننى نەسىب .
باردۇرۇر ئاتىڭ رەھىمۇ ھافىزى پەرۋەردىگار ،
بارچە ئەلنىڭ دەردىگە سەن ئەيلە دەرماننى نەسىب .
بەر قەلەندەرغە ، ئىلاھا ، قۇندۇزى جەننەت نىشان ،
يۇسۇفى كەنئانغە قىلغىل شەھرى دەۋراننى نەسىب .



ئول پەرىنىڭ ۋەسلىدىن ھەركىمگە بولسۇن كامياب ،
ھەر دۇئا قىلسۇن شەك ئىرمەسدۇركى بولسۇن مۇستەجاب .
كىمكى كۆردى ئارەزى خۇرشىدى تابانىن ئانىڭ ،
زۇلفىدەك ھەسرەت بىلە ھەردەم ئۇرار يۈز پىچۇ تاب .
زۇلفىنى قىلدى پەرىشان يۈزىگە ئول ھۇرۋەش ،
يا قۇياش يۈزىنى ياپىپدۇر ئىكىن مۇشكىن سەھاب .
چىقمە ئۆيدىن كىچەكىم ، ئەي شوخ جەۋلانىم مېنىڭ ،
ئەل گۇمان ئىلتۇر قىيامەت بولدى تۇغدى ئافتاب .
شەگ رەقىب بىلمەسدۇرۇر ، جانا ، يۈزۈڭنىڭ قەدرىنى ،
گۈلنى رەڭگۇ بۇيىدىن نې بەھرە تاپمىشدۇر گۇلاب .
كىمكى سالدى بىر نەزەر ئايدەك يۈزۈڭگە ، ئەي پەرى ،
مەقسەدىدۇر مەقدەمىڭغە ئۆلگۈچە بولسۇن تۇراب .
كۆرگىل ئانى ، ئەي قەلەندەركىم ، خۇدانىڭ سۇنئىدۇر ،
ئاي يۈزىگە تەرمۇدۇر ياكىم چىقىپ گۇلدىن گۇلاب .



سورسە گەر ھالىم بىرەر ئول شوخ گۇلرۇخسار خۇب ،
بۇلبۇلىن بىر ئىستەسە ئول گۇلشەنى گۇلزار خۇب .
تىر گۇزۇر بولسە ئۆلۈكنى ئول مەسىھەم تاڭ ئەمەس ،
گەر تەكەللۇم ئەيلەسە ئول لەئلى شەككەر بار خۇب
مەقسەدىم ھاسىل بولۇر ، ئەي دوستلار ، ئۇشۇل زەمان
شۇم رەقىبنى ئاسغالى تاپسام ئەگەر بىر دار خۇب .
كىم مۇرادى گەنجدۇر ئول رەنجنى چەكمەك كېرەك ،
جەۋر - زۇلم ئەتمەك ئۇچۇن ئول زالىمى خۇنخار خۇب .
ئاتلانىپ چىقساڭ ئەگەر ئوق ئاتغالى ، ئەي دىلرەبا ،
ئوقۇڭغا قىلماق ھەدەف بۇ سىينەئى ئەفكار خۇب .
ئەيلەمىش تۇغيان مېنىڭ دىۋانەئى كۆڭلۇم مېنىڭ ،
زەنجىر ئەتسەڭ بوينۇمە ئول تۇررەئى تەررار خۇب .
جان بېرۇرمەن ھەسرەتىڭدىن ھەر زەمان ئەي سىيمبەر ،
بىر نەزەر كۆرسەم ئەگەر ئول نەرگىسى بىمار خۇب .
ئىشق ئېلى يۈزمىڭ ئەگەر ئۆلسۇن سېنىڭ يوقتۇر غەمىڭ ،
كۆزلەرىڭگە ① كۆرۈنۈر ، ئەي بىۋەفا ، ئەغيار خۇب .
يوقتۇرۇر دۇنيا ئىشىنى ، ئەي قەلەندەر ، خوبلۇقى ،
دىلبەردىڭ ۋەسفىدە قىلساڭ بىر نەچە گۇفتار خۇب .



① بۇ سۆز قول يازمىدا « كۆزلەرىگە »دەپ يېزىلغان ، مەزمۇن توغرىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ « كۆزلەرىڭگە » دەپ تۈزىتىلدى .

جان جەفا ئەيلەر ماڭا ، ئول دىلرەبا ئايرىلدى دەب ،
قان تۆكەر ئىككى كۆزۈم ، ئول مەھلىقا ئايرىلدى دەب .
تاكى باردىڭ سەيرى گۇلشەن يۇرەكىم ـ باغرىم بىلە ،
يىغلاشۇربىگا نەرلەردەك ئاشنا ئايرىلدى دەب .
بۇ تەنى خاكى كۆيەر ، ھەجرىڭ ئوتىدا زار ـ زار ،
نې ئۈچۈن ئول مەئدەنى شەرمى ھەيا ئايرىلدى دەب .
قورساقىمنىڭ ئاغرىغى باردۇر مىنىڭ ، ئەي دوستلار ،
نىگە مەندىن ئول نىگارى بىۋەفا ئايرىلدى دەب .
چىقغۇدەك بولۇپدۇرۇر جانىم قەلەندەر دەردىن ،
مەن نې قىلدىم ① ئاڭاكىم ، ئول پۇر جەفا ئايرىلدى دەب .



---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «قىلدى» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان .

تاپمادىم ئول دىلرەبانى ھەر قايانىنى ئىستەشىپ ،
مەھۋەشى گۈل چېھرەئى شىرىن زەبانىم ئىستەشىپ ،
كېچە يۇ كۈندۈز يۈرۈپمەن گۈلشەنۇ گۈلزار ئارا ،
تاكى تاپسام دەپ ئۇشۇل نامېھرىبانىنى ئىستەشىب .
دېدى بىر ساھىب خىرەدكىم « نېگە ئىستەرسەن ئانى ؟ »
كىم تاپىپدۇر بۇ جەھان ئىچىندە جانىنى ئىستەشىب .
يالغۇزۇن مەن ئىستەمەسمەن ئول گۈلى گۈلزارنى ،
بارچە ئەل ھەريان يۈرۈپ ئول كامرانىنى ئىستەشىب .
گەرچەمەن ھارىپ قالىپمەن ، ئەي قەلەندەر ، دەھر ئارا .
بۇلبۇلى كۆڭلۈم يۈرۈپ ئول گۈلىستانىنى ئىستەشىب .



ئولتۇرۇپ ئېردىم كى كىردى بىر مەھى تابان يىگىت ،
قامەتى سەرۋى سىھى ، رۇخسارى نۇر ئەفشان يىگىت .
قايسى بىر ئوبدانلىقىن ۋەسف ئەيلەيىن ، ئەي دوستلار ،
خاتىرىمنىڭ خۇشلۇقى ھەم دەردىمە دەرمان يىگىت .
دانىشۇ فەھمۇ فەراسەتلىك نىگارى فازىلى ،
بارچە مۇشكىللەر ئانىڭ ئالدىدادۇر ئاسان يىگىت .
قايسى ۋەسفىنى بەيان ئەيلەي بۇ قاسىر تىل بىلە ،
ھېچ ياراتماپدۇر ئانىڭدەك خالىقى سۇبھان يىگىت .
نې بولۇر كۇلبەمغە كەلسەڭ سەن بىرەر ، ئەي باغرى تاش ،
ھەر زەماندا مىڭ كۆرەرگە باردۇ ھەزاران يىگىت .
ساڭا تەڭ بولماق نە ھەددۇر ھۇر يا بولسۇن پەرى ،
بارچە مەھۋەشلەر شەھر سەن خانى ھەم سۇلتان يىگىت .
كىم كۆرۈپدۇر دەھر ئارا سەندەك پەرىزادى زەمان ،
زۇلفى سۇنبۇل ، خالى مۇشكىن ، ئارەزى رەخشان يىگىت .
يوق ئاغىزدىن كۇلمەكىڭدۇر سىھريا جادۇدۇرۇر ،
بۇلئەجەب بۇ ئىشدۇرۇر ، ئەي بەستەسى خەندان يىگىت .
بولغۇسىدۇر بۇ جەھاندا ، ئەي قەلەندەر ، خارۇ زار ،
كىمكى كىم قارىلىقىدا قىلسە بىسامان يىگىت .



لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر يادۇرۇر كانى نەبات ،
ياكى جانىنىڭ شىرەسىدىن رەس چىقارىپدۇر قەنات .
جان ئانى دېرلەر ھەممىشە بولسە جانانى بىلە ،
سەنسىزىن مىڭ يىل ھەيات بولسام ، ئېرۇر ئەينى مەمات .
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ ئۆزۈڭ ئىنساف ئەيلەگىل ،
مەن سۇساپ كەتسەم ئۆلۈپ ، ھازىر تۇرۇپ ئابى ھەيات .
چۆرۈلۈر [ مەن ] باشىدىن ئول شوخىنىڭ پەرۋانەدەك ،
سەگ رەقىبىنىڭ قانىدىن ئاقىزسە دەريايى فىرات .
گەر تاپىشسام ، ئەي قەلەندەر ، ئول پەرى پەيكەر بىلە ،
شۇم رەقىبغە نەھسى ، ماڭا باردۇر ئەيدى بەرات .



① ....................................................................................................

سەن ئەتا قىلغىل ئىلاھا ، مەھۋەشى گۈلچېھرەگە ،
كىشۋەرى ھۇسن ئىلە بەرگەيسەن ئاڭا سەن تەختۇتاج .
ھەق ياراتىپ ئېركەن ئانىڭ قۇدرەتى كامىل بىلە ،
بۇ جەھاننىڭ بارىدىن يوقتۇر ئاڭا ھېچ ئېھتىياج .
كۆرمەگەندۇر ھېچ ئانىڭدەك دەھر ئارا سۇلتانى ھۇسن ،
ھۇسن ئېلىنىڭ بويىىدا قويۇپدۇرۇر خەرجۇ خەراج .
تاكى خەلق ئەتتى جەھاننى خالىقۇ ھەييۇ قەدىم ،
چىقمادى ھەرگىز قەلەندەر ئانىدەك ساھىب رەۋاج .

---

① بۇ غەزەلنىڭ باش قىسمى قول يازما ۋاراقلىرى بىلەن يوقالغان .

ئەي پەرى پەيكەر مېنىڭ سەن دەردىمە قىلغىل ئىلاج ،
مېھنەتۇ دەردۇ غەمىم ھەم رەنجىمە قىلغىل ئىلاج .
تا قاچانغە فۇرقەتىڭدىن جان بېرەي ئەي سىيمبەر ،
دەۋلەتى ۋەسلىڭ بىلە سەن ھەجرىمە قىلغىل ئىلاج .
سەندىن ئېرۇر بارچەنىڭ ھاسىل مۇراد مەقسەدى ،
خەستەئى دەرماندە بولغان ئىشىمە قىلغىل ئىلاج .
سەندىن ئىزدەيدۇر قەلەندەر بىر مۇرادى مەقسەدى ،
جەۋرۇ زۇلمىم جابىرى بەد كىشىمە قىلغىل ئىلاج .



نې بولۇر بەرسەڭ مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئەي مەھۋەش فۇرۇج ،
تاكى قىلسام شەۋق ئىلە ئول ئالەمى ئۇلۋىي ئۇرۇج .
تاياراتتى بۇ جەھاننى خالىقى پەرۋەردىگار ،
چىقمادى ھۆسن ئەھلىدىن سەندەك يەنە ساھىب خۇرۇج .
تەۋسەنى دەۋلەت ئۇزە منسەڭ سەن ، ئەي خۇرشىدى فەر ،
قىلغۇدەكسەن سەير بەزمىدە بۇ ئون ئىككى بۇرۇج .
دەر : قۇياش ، ئېرمەس ، تۇشۇپدۇر بۇ فەلەكنى ئۇستىدىن ،
تەۋسەنىڭ ئۇستىدە ھەركىم كۆرسە زىينەتلىك سۇرۇج .
بۇدۇرۇرمىسكىن قەلەندەرنىڭ دۇئاسى سۇبھۇ شام ،
دەۋلەتى ئىقبال بەرسۇن ساڭا دادۇھەم دۇرۇج .



لەبلەرىڭغە باردۇرۇر لەئلى بەدەخشان ئېھتىياج ،
ئارەزىڭنى كۆر گۈلى خۇرشىدى تابان ئېھتىياج ،
جان فىدا خالىڭغە ئەيلەر ھەر زەمان مۇشكى خوتەن ،
قەماتىڭغە باردۇرۇر سەرۋى خىرامان ئېھتىياج .
غۇنچەئى خەندان لەبۇ ئاغزىڭدىن ئېرمىشدۇر خىجىل ،
تارتادۇر يۇسۇف يۈزۈڭنى كۆرسە دەۋران ئېھتىياج .
بۇلئەجايىب ئىشدۇرۇر كىم ئەقل بولمىش ھەيرەتى ،
مېھنەتۇ دەردۇ غەمىڭغە باردۇ دەرمان ئېھتىياج .
دەۋرىڭە كۇفر ئەھلىنىڭ تۇرفە رەۋاجى باردۇرۇر ،
خالۇ زۇلفىڭفە سېنىڭدۇر كۇفرۇ ئىمان ئېھتىياج .
ئەي مەسىھىم ، ئەيلەگىل دەردىمگە لۇتۇف ئىلە دەۋا ،
جان فەزا نۇتقۇڭغىدۇر لۇقمان بىلە جان ئېھتىياج
دىلبەرىڭدەك كىم تاپىپدۇر ، ئەي قەلەندەر، سەلتەنەت ،
جەننەتى كويۈڭغە باردۇر ھۇرۇ غىلمان ئېھتىياج .



گۇلشەنى ئالەم ئىچىندە گۇلىستانىم شەھرى بەلخ ،
گۇلىستانىم دېمەيىنكىم بوستانىم شەھرى بەلخ .
تاكى ئەمەسدۇر گەر كۆرۈنسە كۆزۈمە ئالەم جەھىم ،
باردۇرۇر ئەزبەس مېنىڭ جەننەت نىشانىم شەھرى بەلخ .
غۇربەت ئىچرە ، ئەي مۇسۇلمانلار ، بىلىڭ ، تاپتىم كەمال ،
بائىسى ئول نالە ـ زار ، ئاھۇ فىغانىم شەھرى بەلخ .
ئابۇ تابۇ نېئمەتىدىن بەسكى تاپتىم مەن كەمال .
تاكى ئەمەس دېسەم ئەگەر رۇھى رەۋانىم شەھرى بەلخ .
تاكى بەردى ، ئەي قەلەندەر ، تەڭرى سۆزۈمگە فۇتۇھ ،
كېچەيۇ كۈندۈز مېنىڭدۇر داستانىم شەھرى بەلخ .



مەقسەدىمنى ئەرز قىلدىم ، قىلدى ئول گۇلچېھرە رەد ،
نەھس ئول كۈن ئىدىيۇ ياقىلمادى بەختىم مەدەد .
شۇم رەقىبنى شاد ئېتىپ ، غەمكىن ئېتەرمەن زارىنى ،
بارۇدۇرۇر دەردۇ غەمىم ئۇشبۇ سەبەبدىن بىئەدەد .
ئەي پەرىزادى زەمانە ، مەھۋەشى شىرىن زەبان ،
بىر قۇلۇم دىسەڭ قىلۇرمەن ئۆلگۇچە فەخرۇپىسەند .
نەھەدى باردۇر پەرىلەر ساڭا دەئۋا ئەيلەسە ،
ئارەزىڭنىڭ ئالدىدا باردۇر قۇياش ھەددى ۋەسەد .
ئول پەرى پەيكەرنى نېدىن قىلمايىن مەن ئارزۇ ،
يۇسۇفۇ بىلقىس كۆرەر بولسە يۈزىن ئەيلەر ھەسەد .
.............................................................................. ①.



① قول يازمىدا بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوق

مۇنچە كۆيدۈرمەك نېدۇر خۇرشىدى تابانىم نې سۇد ،
يۈرەكىم قان ئەيلەدىڭ لەئلى بەدەخشانىم نې سۇد .
قان ياشىمنى جەيھۇن مېنىڭ ئەيلەدىڭ قەددىمنى خەم ،
قامەتىم خەم قىلماغىڭ سەرۋى خىرامانىم نې سۇد
فۇرقەتۇ ھەجرىڭ بىلە قىلدىڭ يۈرەكىم چاك ـ چاك ،
مۇنچە زۇلمۇگدىن سېنى ئەي ماھى تابانىم نې سۇد .
كۆڭلۈگە يوقتۇر سېنىڭ بىر زەررەئى مېھرۇۋەفا ،
سەن بىلە قىلماق مېنىڭ بۇ ئەھدۇ پەيمانىم نې سۇد .
بىلدىم ئەمدى يوقتۇرۇر مەيلىڭ ماڭا ئەي پۇرجەفا ،
بىھۇدە كۆيمەك ساڭا بۇداغى ھىجرانىم نې سۇد .
ئەيلەگىل رەھمى مېنىڭ ھالىمغە ، ئەي سۇلتانى ھۇسن ،
فۇرقەتىڭدە كۆيسە جانىم ، ساڭا جانانىم نې سۇد .
قانچە قىلدىم تائەتۇ تەقۋا ، قەلەندەر ، ھەيف ـ ھەيف .
خالۇزۇلفى ئەيلەدى تاراج ئىمانىم نې سۇد .



يوقتۇرۇر دۇنيا ئىچىندە بىر سىنىڭدەك ھۇشمەند ،
ھەم مىنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەم دىلفىگارى دەرمەند .
شىرىنۇ لەيلى سىنىڭدەك يوق ئىكەن ، ئەي دىلرەبا ،
بولماغاي فەرھادۇ مەجنۇن ماڭا ئوخشە مۇستەمەند .
مۇمكىن ئېرمەستۇر قۇتۇلماق سەندىن ، ئەي ھۇرى زەمان ،
ئەژدەھالار بويىندا سالمىشدۇرۇر زۇلفۇڭ كەمەند .
كىچەيۇ كۈندۈز تىلەرمەن ھەقتەئالادىن مۇراد ،
بولغاسەن دەۋلەت بىلە خوبلار ئىچىندە ئەر جۇمەند .
كۆرمەگەن ھېچكىم سىنىڭدەك ساھىبى ئىقبال سىنىڭ ،
قەتە ئىلە نۇسرەتدۇرۇر ھەر يان ئەگەر كۆرسەم سەمەند .
شۇكر ئېتىپ دەرمەن ماڭا بۇ دەۋلەتى ئەتادۇرۇر .
يەتسە سەندىن ھەر زەمان جانىمغە گەر يۈزمىڭ گەزەند .
تەگمەسۇن ھۇسنۇڭغە كۆز دەپ ، ئەي قەلەندەر ، ھەر زەمان ،
جەھمەرى كۆڭلۇم ئىچىندە جانىم ئەيلەرمەن پىسەند .



هەر ئىشى ھۆكم ئەتسە قىلسام ، ئەيلەر ئول مەھ پارە رەد ،
بولسە ئەرزىم مىڭ ئەگەر قىلسام قىلۇر يەكبارە رەد .
يۇرۇر ئىردىم قۇللۇغىدا قۇل بولۇپ شامۇ سەھەر ،
يوق سىنىڭ ئوخشە قۇلۇم دەپ قىلدى ئول بىچارە رەد .
قىلغۇدەكمەن يۇرەكىمنى بۇ سەبەبدىن چاك - چاك ،
نىدۇرۇر بىلمەم گۇناھىم ، قىلدى ئول ئەييارە رەد .
شۇم رەقىب بىرلەن ، دىدىم ، تاپىشمە ، ئەي ھۇرى زەمان ،
ئاچچىغى كېلىپ سۆزۈمنى قىلدى ئول مەككارە رەد .
قىلمادى سۆزۈمنى رەد ھېچكىم ، قەلەندەر ، دەھر ئارا ،
قارىغان چاغىمدا قىلدى ئول بۇتى ئەييارە رەد .



تابەندە سىنىڭ قۇياشىڭە بەندەدۇرۇر ،
مەقسۇد مۇرادى بارچە يابەندەدۇرۇر ·
تا تۇشتى كۆزۈم يۈزۈڭە ، ئەي ھۇرى زەمان ،
مېھرىڭ ئىچىمە ھەمىشە تابەندەدۇرۇر ·
سەن غەم يېمە ، ئەي نادىرەئى دەۋرانىم ،
بۇ ھۇسنۇ جەمالىڭ سىنى تابەندەدۇرۇر ·
نې ھاجەت ئېرۇر سىنىڭ سىفاتىڭنى قىلماي ،
ھۇر ئىلە پەرى يۈزۈڭە شەرمەندەدۇرۇر ·
تاكۆردى يۈزۈڭنى ، ئەي شەمسۇ قەمەر ،
باشىدا كۇلاھۇ ئېگىنىدە جەندەدۇرۇر ·



كەيدى نارەنجى ئېگىنىنى ئېگىنگە ئول گۈلئۇزار ،
قىلغالى ئالەم ئېلىگە جەۋرۇ زۇلمىن ئاشكار .
بولمەسە ئېردى ئەگەر نارەنجى ئېگىن دىلپىسەند ،
قىلماس ئېردى ئېگىنىنى نارەنجى خۇرشىدى نەھار ،
ھەر پەرى گۈلچېھرە بولسۇن ساھىبى ھۇسنۇ جەمال ،
ئەيلەمىشدۇر ئېگىنگە نارەنجى ئېگىن ئىختىيار .
تاكى نارەنجى ئېگىنىنى كىيدىڭۇ سۇلتانى ھۇسن ،
قالمادى ئىشق ئېلىگە بىر زەررەئى سەبرۇ قەرار .
گەرچە نارەنجى كىيىپدۇر . ئەي قەلەندەر ، دىلبەرىڭ ،
بار قۇلاقىدا ئانىڭ ھەم لەئلۇ ياقۇت ئابدار .



قەبائى لالەگۇن بىرلەن تۇشۇمدە كىردى ئۇل دىلبەر ،
نەكەللۇم ئەيلەدى ماڭا ، ساچىپ ئالەم ئارا شەككەر .
دېدى : ئەي ئاشىقى سادىق ، ساڭا لۇتف كەرەم ئەيلەدى .
ئەگەر نەچۇك مەدەد قىلسە ، خۇدايىم بولسەگەر ياۋەر .
ئاياغىغە قويۇپ ، باشىم ، دېدىم① ئەي مەھۋەشى ئالەم ،
مۇرادۇ مەقسەدىڭ بەرسۇن خۇدايىم ، ئەي پەرى پەيكەر .
تەبەسسۇم ئەيلەدى باقىپ ، دېدى ئۇل نادىرى دەۋران :
ۋىسالىدىن نەسىب ئەتكەي ساڭا بىر خالىقى ئەكبەر .
قولۇم ئاچىپ دۇئا قىلدىم ، دېدىم : ھۇرى پەرىزادىم ،
خۇداۋەندىم سېنى قىلسۇن بۇ ئالەم ئەھلىگە سەرۋەر .
دېدى ئۇل گۇلرۇخى زىبا : ساڭا ئۇل قادىرى دانا ،
كۆزۈڭنى تاتىرىك بولساڭ يۈزۈمدىن ئەيلەسۇن ئەنۋەر .
دېدىم : ئەي دىلبەرى خوبان ، قۇياشدىن ئارەزىڭ تابان ،
سېنىڭدەك سۇرمەگەن دەۋران نەجەمشىدۇ نە ئىسكەندەر .



① قول يازمىدا بۇ سۆز « دېدى »دەپ يېزىلغان .

سىنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە ھەرگىز زالىمى جابىر ،
مەگەر زۇلم ئەتكەلى خەلق ئەتتى جانا خالىقى قاھىر.
جەفاۋۇ جەۋرۇ زۇلمۇڭنى ماڭا سەن ھەددىن ئاشۇردۇڭ ،
ساڭا كۆيگەن بىلەن ، ئەي نازەنىنىم ، بولمادىم كافىر .
كۆيەرمەن ئوت ئىچىدە نەرگىسى بەستىڭنى تا كۆردۈم .
ۋەيا جادۇدۇرۇر كۆزۈڭ سىنىڭ ، يا باردۇرۇر ساھىر .
ساڭا قۇل بولماقىم بولدى نەچە يىل ، ئەي پەرى پەيكەر ،
ماڭا مېھرىڭ سىنىڭ بىر زەررە ھەرگىز بولمادى زاھىر .
بۇ قاشۇ يۈزۈ كۆزۈڭ سەنئەتى سۇنئى ئىلاھىدۇر ،
سىنىڭدەك كۆرمەگەن ھېچكىم جەھاندا دىلبەرى نادىر .
سىنىڭ قايسى سىفاتىڭنى دەي ، ئەي شوخى پەرىزادىم ،
جەھانىنىڭ مەھۋەشى مەئمۇرىسەنسەن بارچەگە ئامىر .
دەر ئېردىم ھەر كۈنى بىر: دەفتەرى ھۈسنۈڭ سىفاتىدا ،
تىلىم گەر بولماساكىم ۋەسفىڭە ، ئەي دىلرەبا ، قاسىر .
غەرىبۇ ئاجىزۇ بىچارەۋۇ مەھرۇمدۇرۇر ، يارەب ،
قەلەندەرنى ، ئىلاھا ، قىلغاسەن ئىشق ئوتىدا سابىر .



تا خوتەننىڭ شەھرىدىن قىلدىڭ سەفەر ئەي گۇلئۇزار ،
نالەۋۇ ئەفغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئوخشە زارۇ زار .
نې گۇناھىم بار ئىدى سەندىن جۇدا قىلدى فەلەك ،
نې ئىلاج ئەيلەي مېنىڭ قولۇمدا يوقتۇر ئىختىيار .
مۇمكىن ئېرمەستۇركى سەنسىز① بىر زەمان قالسام تىرىك ،
فۇرقەتۇ ھەجرىڭدە باردۇر ئىچىمە يۈز مىڭ شەرار .
ۋارىسى سەنسەن بۇ دەمدە ھەيدەرى كەررارنىڭ ،
شۇم رەقىب كافىردۇرۇر سالغىل باشىغە زۇلفىقار .
ئىلتىفات ئەيلەپ بىرەر سورغىل قەلەندەر ھالىنى ،
تا يۈزۈڭنى كۆرمەسە بىردەم ئاڭا يوقتۇر قەرار .



① قول يازمىدا « سەندىن » دەپ يېزىلغان ، ترانسكرىپسىيىدە « سەنسىز » قىلىپ بې‑
رىلدى .

قولۇڭنى ناگەھان كۆردۈم ، دېدىمكىم: پادىشاھىمدۇر ،
قاشىڭ مېھرابىغە باقتىم ، دېدىم : بۇ قىبلەگاھىمدۇر .
جەھاننىڭ تەختۇ تاجىغە كۆڭۈل تارتمايدۇرۇر ھەرگىز ،
سېنىڭ ئىشىكىڭنى ياستانسام ، مېنىڭ ئول ئىززەجاھىمدۇر .
كېلىپدۇر ئاچچىغىڭ بىھەد ، غەزەبدىن بىئە دەب دەپسەن ،
قولۇڭدۇر مەن دېگەن بولسام ، كېچۈر قاتتىق گۇناھىمدۇر .
نەچە ھەجرىڭدە كۆيدۇرسەڭ ، شىكايەت قىلماقىم بىھەد ،
نەچۈككىم ئەي پەرى پەيكەر بۇ تەقدىرى ئىلاھىمدۇر .
سېنىڭدەك يوق قۇلۇم دېسەڭ تانىپ ئەي مەھۋەشۇ شوخۇم ،
سارىغ يۈز بىرلە كۆز ياشىم ئىكى مەقبۇل گۇۋاھىمدۇر .
شەھى شەھزادە رەشك ئېلتۇر مېنىڭ بۇدەۋلەتىم كۆرسە ،
كەرەم ئەيلەپ قەلەندەر[ غە ]ئەگەر دېسەڭ گەدايىمدۇر .



ئول پەرىزادى زەمانىمنىڭ لەبىنىڭ قەندى بار ،
ھەر زەمان ئول قەندىنىڭ يۈز نەۋئ شەككەر خەندى/بار ،
تاپمادىم دەردۇ غەمدىن بىردەمى ۋارەستەلىق ،
گوييا دەردۇ غەمنى جانىمە پەيۋەندى بار .
باردۇرۇر كۆڭلى ئانىڭ دەردۇ ئەلەمنىڭ مەسكەنى ،
كىمنى كىم ناقابىلۇ بەزمى ھۇنەر فەرزەندى بار .
دېگىل ئانى بۇجەھان ئىچىندە جەمشدى زەمان ،
ئانىكىم ئۇشبۇ زەماندا خاتىرى خۇرسەندى بار .
مۇمكىن ئېرمەسدۇركى كەلسەڭ ، ئەي قەلەندەر ، يار دەپ ،
ئول پەرى پەيكەرنى يۈزمىڭ زارۇ ھاجەتمەندى بار .



تەنمنى ئۆرتەگەن ئول دىلبەرىمنىڭ ئىشتىياقىدۇر ،
بەلاۋۇ دەردۇ مېھنەت كويىگە سالغان فىراقىدۇر .
بولۇپدۇر رىشتەئى زۇلفى ئانىڭ تەسبىھلەرى باغى ،
بارى ئەل سەجدەگاھى قاشىنىڭ مېھرابى تاقىدۇر .
ئۇمىدىم يوقتۇرۇر بىر زەررە ھېچكىم ئىلتىفاتىدىن ،
ماڭا لۇتفۇ كەرەم قىلغان تەمەڭ گۇلچېھرە ساقىدۇر .
كۆرۈپ رەھمى ماڭا ئول زالىمى بەدخۇنى كەلمەيدۇر ،
ئانىڭ ھىجرانىدا ئىككى كۆزۈم ئىككى بۇلاقىدۇر .
سىنىڭدەك كۆرمەگەن دەۋران جەھان ئىچرە سۇلايمان ھەم ،
كى شەھلەر مەي ئىچەر جامى سەگىنىڭ ئەسكى يالاقىدۇر .
نەچۇك جان بەرمەسۇن ۋەسلىڭ تىلەپ دەردى فىراقىدىن ،
قەلەندەرغە ۋىسالى دەۋلەتۇ ھەم ئۇمرى باقىدۇر .



مەنچە بولماق دەردۇغەم ئىلكىندە ① كىمنىڭ چاغى بار ،
يۈرەكۇ باغرىم بىلە ھەر بىرنى يۈزمىڭ داغى بار .
كۆرسەم ئول سەيیادنىڭ جانىم بىلىقدەك تالپىنۇر .
نې ئۈچۈنكىم كىرپىكىدىن قولىدا قارماغى بار .
لايىقى ئولدۇركى قىلغاي شادلىق بىرلەن ۋەرەئ ،
كىمنى كىم مەندەك جەھان ئىچرە[ كى ]بىر ئامراغى بار .
باقماغىل ئول گۈلغە دەپ زاھىد مېنى مەنئ ئەتمەكىم ،
تەلمۈرۈر يۈزىگە ئانىڭ تا كۆزۈمنىڭ ياغى بار .
شۇم رەقىبدىن ، ئەي قەلەندەر ، مۇنچە سەن ئىگرانماغىل،
گۈل بىلە بوستان باغىنىڭ بۇلبۇلى ھەم زاغى بار .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «ئىلىندە» دەپ كۆچۈرۈلگەن .

سىنىڭ ھۇسنۇڭ مېنىڭ ئىشقىم بىرى بىرگە كېلىشىپدۇر ،
ئىكى گەۋھەرنى بىر ئىققە خۇدا ۋەندىم تىزىشىپدۇر .
دىلئارامىم پەرى دېسەم ، پەرىلەر ئوخشەماس ھەرگىز ،
مەگەر بىلقىس بىلە يارىم بىر ئەمچەكدىن ئېمىشىپدۇر .
كۆرۈڭ ئىككى ۋەفالىق ئىشقىنىڭ دېھقانىنىڭ ھالىن ،
مۇھەببەت دانەسىن ئىككى كۆكۈللەرگە ئېرىشىپدۇر .
① ........................................



① بۇ يەردە مەزكۇر قول يازمىنىڭ تەخمىنەن بىرنەچچە ۋارىقى كەم .

سەندىن ئۈزدۈم كۆڭۈل ئەمدى ، ئەي نىگار ،
سەن بول ئەمدى كىمگە بولساڭ گۈلئۈزار .
مەندىن ئولدى شۆھرەتى ھۆسنۈڭ سىنى ،
قىلماغىل ئۆزۈڭگە تولا ئىپتىخار .
تا سىنىڭ بىرلەن ئىدىم ، غەملىغ ئىدىم ،
سەندىن ئاجراپ خاتىرىم تاپتى قەرار .
كۇفر ئىلىدىن بار ئىدى تەرسا قىزى ،
شەيخ سەنئاندىن بولۇپدۇر نامدار .
شىرىن ئىردى دىلرەبالاردىن بىرى ،
قىلدى فەرھاد ئىشقى ئانىڭ ئاشكار .
بار ئىدى لەيلىئى دەۋران بىر ئەرەب ،
دەھر ئارادا قىلدى مەجنۇن ئىنتىشار .
بىۋە فالىق ماڭا سەن قىلماس ئىدىڭ ،
بولسا ئىردى بەختى دەۋلەت ساڭا يار .
ئىشقىلىپ ئىشقىم سەلامەت بولسا بەس ،
باردۇر خوبلار ھەرقاياندا سەد ھەزار .
ياخشىلارنىڭ ئالدىدا ئىردىم ئەزىز ،
ساڭا بولدۇم ئاقىبەت بىئىتىبار .
بۇ سەبەبدىن ئەيلەدىم تەركىڭ سىنىڭ ،
تولا بولدۇم كۆزلەرىڭگە خارۇزار .
قالمادى بىر زەررەچە قۇربۇم مىنىڭ ،
خىزمەتىڭنى تاشلادىم ، قىلدىم فەرار .

نې ئۇچۇن سەندىن قەلەندەر كەچمەسۇن ،
شۇم رەقىبنى ئەيلەدىڭ ساھىب ۋىقار . ▲



①......................................................

نەچچەكىم زار يىغلادىم ھىجرانىڭە ،
قىلمادى تاشدەك يۈرەكىڭگە ئەسەر .
مۇنچە دىمەك ساڭا لايىق يوق ئىدى ،
تولا بولدۇق بۇ قۇلۇڭدىن بىخەبەر .
تەرك ئىشقىڭ ئەيلەدىم ، قىلدىم ۋىدائ ،
گەرچە باردۇر ئارەزىڭ شەمسۇ قەمەر .
خىزمەتىڭ قىلدىم قۇلۇڭدەك نەچچە يىل ،
قىلمادىڭ لۇتفى كەرەمدىن بىر نەزەر ،
خان ئىلە سۇلتان ، شاھلار بارچەسى ،
ئەھلى تەبئىڭ سۆزىدىن قىلغان ھەزەر .
قانچە سالدىم كۆچەتى مىھرى ۋەفا ،
مىھنەتۇجەۋرۇ جەفا بەردى سەمەر .
ئەمدى تەبئىم تۇتسى قىلماس قەبۇل ،
لەبلەرىڭدىن ئالدىدا قويساڭ شەكەر .
كويۇڭ ئىردى كۆزۈمە خۇلدى بەرىن ،
تەركىن ئەتتىم كۆرۈنۈر ئەمدى سەقەر .
ماڭا سەن نەمرۇدۇ شەددادى زەمان ،
غەيرىمە ئەدلىڭدۇرۇر گويا ئۇمەر .
ئۆزگەلەرگە باردۇ مەرىيەمدەك خۇيۇڭ ،
ماڭا تەگكەندە ئىرۇر گويا شەرەر .
جوب ئەمەس ئىردى ، قەلەندەر مۇنچە سۆز ،
بار ئىكەن ئەۋۋەلدە تەقدىرۇ قەدەر . ▲



① بۇ غەزەلنىڭ بېشى يوقالغان .

مەقسەدىڭىز نېدۇرۇر كۆڭلۈمنى ۋەيران قىلدىڭىز ،
شادۇخۇررەم ئېردىم ، ئەي گۇل ، دىيدە گىريان قىلدىڭىز .
قىلدىڭىز جەۋرۇ جەفا جانىمغە بىھەد بىھساب ،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىنى لەئلى بەدەخشان قىلدىڭىز .
بىلمەدىم جادۇمۇ   سىز يا ساھىرى ساھىبمۇ   سىز ،
بارچە ئالەمنىڭ ئېلىنى بەندە فەرمان قىلدىڭىز .
نې ئىلاج ئەيلەي مەنى ، خۇرشىدى تابانى جەھان ،
ھەيرەتى بولغان كۆڭۈلنى يانە ھەيران قىلدىڭىز .
جەننەتى فىردەۋسنى قىلماسدۇر ھەرگىز ئاررزۇ ،
تا قەلەندەرنى ، سىز ئەي گۈلچېھرە ، مېھمان قىلدىڭىز .



بىر قىيا باقمادى ماڭا نەرگىسى مەست خابىڭىز ،
بولدى كۆڭۈل قۇشغە دام تۇررەئى پىچۇ تابىڭىز .
نې بولۇر ئەي پەرىۋەشىم تويغۇچە ئارەزىڭ كۆرەي ،
مۆنچە غەزەب بىلە نېدۇر قەلەم ئۇچۇن شىتابىڭىز .
چەرخى فەلەكنى سىيۇتۇب بولدى قۇياشى تەۋسەنىڭ ،
ياڭى ئاي ئەيلەدى مەقدەم ئۆزى زەۋق بىلە كارىڭىز ،
چىن كېيىكى ئىپارىنى خالۇلەبىڭ بېرىپدۇرۇر ،
ئالەم ئارا تولۇپدۇرۇر نافەئى مۇشك تابىڭىز ،
بىرلەبىڭىزدۇ قاتىلىم ، بىرسى ئەيسىيى زەمان ،
تىر گۈزۈدۇر خەيالىڭىز ، ئۆلتۈرەدۇر ئىتابىڭىز .
بىر شىممە كەلسەڭىز بۇگۈن جانۇ دىلىم فىدا قىلاي ،
قانىم ئېتەي شەرابىڭىز ، باغرىم ئېتەي كەبابىڭىز .
قايدا باراي مەن ئەي سەنەم ، يوقتۇر يەنە بارۇر يېرىم ،
ئىشق ئېلىگە بولۇپدۇرۇر سەجدەگەھى بۇبابىڭىز .
قىلسە مەدەد بۇ بەختى بەد ئۇچراساڭىز بەناگەھى ،
كۆيدۈرەدۇر بۇ نازىڭىز ، ئۆلتۈرەدۇر ھىجابىڭىز .
مەجلىسى مەشرەبىڭنى كۆرسەكىم ئۆلگۈچە ئاررزۇ قىلۇر ،
جان قۇشىنى سەيدى ئېتەر قانۇن ئىلە رەبابىڭىز،
تەرلەسەگەر قۇياشىڭىز كۆرسە قەلەندەر ئايتادۇر ،
گۈل ئۆزە شەبنەمدۇرۇر ، يۈز ئۆزە ئول گۇلابىڭىز .



سىنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە شوخى پۇرجەفا ھەرگىز .
مىنىڭدەك يوق سىنىڭ ئىشقىڭدا بىر ئەھلى ۋەفاھەرگىز .
بۇ ئالەمنىڭ ئېلى تاپتى بارى بەرگۇ نەۋاسەندىن ،
مىنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەم ئىچىندە بىنەۋا ھەرگىز .
جەھاننى سەير ئېتىپ كۆردۇم بارىن باشدىن ـ ئاياغ بىر ـ بىر ،
سىنىڭدەك يوقتۇرۇر بىر نازەنىنى پارسا ھەرگىز .
ئۇشۇل كۇندىن ساڭا بەردىم كۆڭۈل ئەي پەرى پەيكەر ،
مۇنىڭدەك يوقتۇرۇر بىلدىمكى دەردى بىدەۋا ھەرگىز .
قەلەندەر بىلسە ئېردى ، بولماس ئېردى ، ئەي پەرى چېھرە ،
سىنىڭدەك كۆڭلى بىر نائاشناغە ئاشنا ھەرگىز .



ئەي پەرى پەيكەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى شەيدا قىلدىڭىز ،
دېمەيىن شەيداكى بۇ ئالەمدە رەسۋا قىلدىڭىز .
بۇدۇرۇر ئىنساق ئىلە سىزگە مۇسۇلمانلىق ئىشى ،
شۇم رەقىبىمغە مېنىڭ زىددىمغە سەۋدا قىلدىڭىز .
مېھنەتۇ جەۋرۇ جەفايۇ زۇلم بولدى ئىشلارى ،
بۇنە مەزھەب ئېردىكىم جانىمغە پەيدا قىلدىڭىز .
تا تۇغۇلدۇڭىز ئانادىن ئەي پەرىزادى زەمان ،
بارچە ئالەمنى ئەجەب پۇر شۇرۇ غەۋغا قىلدىڭىز .
سىزگە ئەى خۇرشىدى تابان تا قەلەندەر بولدى قۇل ،
تەختى ھۇسن ئۈزرەچىقىپ ، شەھلىقنى دەئۋا قىلدىڭىز .



يا قاشىڭغە ئوخشاماس ئاي ، كۈن يۈزۈڭە ئوخشاماس ،
لالە داغىمدەك ، ئەمەس ، ئەشكىمگە جەيھۇن ئوخشاماس .
ئىشق ئىلى ئىچرە ئەجايىب بىز ئىكەۋ مۇمتازمىز .
ساڭا لەيلى ئوخشاماسدۇر ، ماڭا مەجنۇن ئوخشاماس .
نەرگىسى بادام كۆزۈڭنىڭ رەشكىدىن قان يۇتتىلار ،
ئول ئەلىفدەك قامەتىڭغە سەۋرى مەۋزۇن ئوخشاماس .
لەبلەرىڭدەك لەئل يوقتۇر ، ئاغزىڭ ئوخشە غۇنچەئى ،
تىشلەرىڭغە ، ئەي پەرىۋەش ، دۇررى مەكنۇن ئوخشاماس .
دەۋزەخى ھەجرىڭغە كۆيدۈم رەھم ئېتىپ سوردۇر بىرەر ،
فۇرقەتىڭنىڭ ئاچچىغىدا زەھرى ئەفيۇن ئوخشاماس .
تەر غەرىبى ناتەۋاننى مۇنچە كۆيدۈرمەك نىدۇر ،
نالە ئى ئەفغانىمە سەرتارۇ قانۇن ئوخشاماس .
ئەي مۇسۇلمانلار ، نىتەي ئانىڭ بۇ دەردىغە ئىلاج ،
ئول پەرىنىڭ جەۋرىغە بۇ زۇلمى گەردۇن ئوخشاماس .
يەر يۈزىنىڭ فەتھىن ئەتتى نەچچە بىر ساھىب قىران ،
تاپمادى ھۇسن كىشۋەرىدە قاشىڭە نۇن ئوخشاماس .
شۇكرى لىللاھ ، ئەي قەلەندەر ، ئول پەرىۋەش ۋەسفىدە ،
سىنى تاپغان مەزمۇنۇڭە ھىچ مەزمۇن ئوخشاماس .



ئول پەری پەیکەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى شادان ئەيلەمەس ،
فۇرقەتىدىن ئۆلدۈمۇ دەردىمگە دەرمان ئەيلەمەس .
ئۆلگۈدەك بولدۇم غەمىدىن ، ئىلتىفاتىن كۆرمەدىم ،
غۇنچەئى لەئلى لەبىنى ماڭا خەندان ئەيلەمەس .
ئەيلەمىشدۇر جەۋرۇزۇلمىن ماڭا ئانچە ئاشكار ،
بۇ جەفانى ئەلگە ھەرگىز ھېچ مۇسۇلمان ئەيلەمەس ،
لەززەتى تاپماسدۇرۇر ھەرنىچە يۈرسە سۇبھۇ شام ،
ھەر كىشى يۈزىگە تا كۆزىگە ھەيران ئەيلەمەس .
ۋەسل باغىدىن دىماغىغە ئانىڭ بۇيى تامار ،
كىم سارىغ تا يۈزىنى كۆزىنى تا قان ئەيلەمەس .
نې ئىلاج ئەيلەي مۇسۇلمانلار ، ئۇشۇل گۇلچېھرەنىڭ ،
ماڭا كۆڭلى بىلە ھەرگىز ئەھدۇ پەيمان ئەيلەمەس .
تاپماس ھەرگىز ، ئەي قەلەندەر ، دەۋلەتى دىدارىنى ،
ھەر كىشى[ كىم ] يارىغە جانىنى قۇربان ئەيلەمەس .
تاكشى تەرك ئەتمەسە دۇنيايى دونىنىڭ شۇغلىنى ،
ۋەسل باغىنى ، قەلەندەر ، سەيرىن ئاسان ئەيلەمەس .



ھېچ كىشى مەندەك سىنىڭ ئىشقىڭدا سەرگەردان ئەمەس[1]،
باشىڭنە ئۆرگۈلەي، بىللا[2]، بۇ سۆز يالغان ئەمەس.
دېمەگىن تەرك ئەيلە ئىشقىن، ئەي زىلەيخايى زەمان،
مەن نەچۈك تەرك ئەيلەيىن ئول يۇسۇفى كەنئان ئەمەس.
ئۈز كۆڭۈل دېمە مېنى، ئەي ناسىھى بىھۇدەگوي،
بارمۇدۇر مۇمكىن كۆڭۈل ئۈزمەك مەھى تابان ئەمەس.
مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەم كۆرگەن جەھاندا ئىشق ئارا،
بولسە بولغاي ماڭا ئوخشە، بىسەرۇسامان ئەمەس.
سورغالى رەنجىمنى كەلمە[ س ]، ئەي مەسىھايى زەمان،
دېمە ئول شىرىن زەبانىم دەردىمە دەرمان ئەمەس.
قىلسە گەر جەۋرۇ جافا ساڭا قەلەندەر، سەبر قىل.
ھۇسن ئېلىنىڭ تەركىن ئەتمەك، ئەي كۆڭۈل، ئاسان ئەمەس.



[1] بۇ غەزەل قول يازمىنىڭ ئىككى يېرىدە ئۇچرايدۇ، بىرسى قىسقارتىۋېتىلدى.
[2] ئاللا بىلەن قەسەم، دېگەن مەنىدە.

تاكى نارەنجى ئېگىننى كەيدىڭ ئەي ئالى ئەساس ،
تۇشتى ئايۇ كۈن بىلە ھۆرۈ پەرىلەرغە ھەراس .
مەن قارى قۇلدىن ئەگەر سەن ئار قىلساڭ تاڭ ئەمەس .
باردۇ ياش قۇللار ساڭا ئالەمدە بىھەددى قىياس .
تاكى نارەنجى كېيىپ ، تەۋسەن ئۆزە ئالدىڭ قەرار ،
نې ھەدى باردۇر قۇياشنى ساڭا بولغاي ئىقتىباس .
تاكى چىقتىڭ سەيرى گۈلشەن ، ئەي پەرىزادى زەمان ،
يەر ئۆزە تۇشتى قۇياش دەپ ، ئېلگە بولدى ئىلتىباس .
تا كېيىپ چىقتى قەلەندەر دىلبەرىڭ يۈز ناز ئىلە ،
دېدى : قۇياشغە ياراشتى تۇرفە نارەنجى لىباس .



ئول مەھى گۇلچېھرە زەۋقى بادەيۇ جام ئەيلەمىش ،
مەي ئوتىدىن ئارەزىنى تۇرفە گۇلفام ئەيلەمىش .
بەزم ئارا ئولتۇرسە گەر ، جەمشىددەك مەي ئىچكەلى ،
بۇلھەۋەس ۋەسفىن قىلىپ ، ئاشىقنى بەدنام ئەيلەمىش .
تالىئىمنىڭ شۇملۇغىدۇر ياكى بەختىم يانغانى ،
سۇبھى ۋەسلىمنى فىراقۇ ھەجر ئىلە شام ئەيلەمىش .
مۇنچە ھەم زالىم بولۇرمۇ ماڭا ئول نامېھرىبان ،
بارچە ئەل كامىن بېرىپ ئول بىزنى ناكام ئەيلەمىش .
يانە باردۇر كۆڭلۈمە بىر داغ ناسۇردىن ھەمان ،
كىمكى بەھرام ئولسە ، ئۆزىنى گۇلەندام ئەيلەمىش .
سۇنبۇلى زۇلفى ، قەلەندەر ، ئول پەرىزادى زەمان ،
كۆڭۈلۈم ① قۇشىنى سەيد ئەتمەك ئۈچۈن دام ئەيلەمىش .



① كۆڭۈلۈم: قول يازمىدا بۇ سۆز « كۆڭلەكىم » دەپ يېزىلغان .

ئارەزى خۇرشىدى تابانىڭنى كۆرسەم ئىېردى كاش ،
مەقدەمىڭغە باش قويۇپ ، شۇل لەھز ئۆلسەم ئىېردى كاش .
بىر يولى يۈز مىڭ كۆرۈپ ، خوتەندە مىڭ يول ئۆلگۈچە ،
قۇندۇزى جەننەت نىشانغە شاد يەتسەم ① ئىېردى كاش .
ھەجرۇ فۇرقەتنىڭ ئوتىدا كىېچە ـ كۈندۈز كۆيگۈچە ،
دەۋلەتى ۋەسلىڭ نەشات ئەيشىنى كۆرسەم ئىېردى كاش .
بەرگۈچە كۆڭۈل سىېنىڭدەك زالىمى خۇنخارغە ،
كافىرى خەنجەر قولىدا قەتل بولسام ئىېردى كاش .
ئۆتتى ئۇمرۇم ، ئەي قەلەندەر ، مىھنەتۇ ھەسرەت بىلە ،
تۈش كۆرۈپ لەئلى لەبىڭ بىرگىنە شورسام ئىېردى كاش .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «كۆرسەم» دەپ يېزىلغان .

ھەر زەمان ۋەسلى خەيالى يۈرەكىم قان ئەيلەمىش ،
كۆزلەرىمنى دەمبەدەم لەئلى بەدەخشان ئەيلەمىش .
شۈكرىلىللاھكىم ، ئۇشۇل گۈلچېھرەئى نامېھرىبان ،
فۇرقەتىدە جان بېرۈرنى بىزگە ئاسان ئەيلەمىش .
شادمان بولدۇم بۈكۈن ، ئىشتتىم ئول ھۆرى زەمان ،
لۇتف ئېتىپ قارى قۇلىن ئۆزىگە مېھمان ئەيلەمىش .
بۇ نە مۇشكىلدۇر كۆرۈڭكىم ئىشق ئېلىنى ئۆلتۈرۈپ ،
شۇم رەقىبى بەددىيانەتلەرغە ئېھسان ئەيلەمىش .
چقتى نارەنجى كېيىپ بەيرەم كۈنى يۈز ناز ئىلە .
كىمكى كۆردى ئەي قەلەندەر ، ئۆزنى قۇربان ئەيلەمىش .



چىقسە ئۆيدىن نازىنىنىم گەر ئېرۇر بىزگە قۇياش ،
نې ئۇچۇنكىم يوق قۇياشغە ئاڭا ئوخشە كۆزۇقاش ،
دەۋزەخى ھەجرىڭدە مەندەك ھىچ كافىر كۆيمەسۇن ،
مۇنچە كۆيدۇرمەك مېنى نېدۇر سەبەب ، ئەي باغرى تاش .
ئىشكىڭدە شۇم رەقىبلەر ھەر يانىمدىن تارتىشۇر ،
بىر ئۆلۈك ئۇستىدە كىم كۆپ قارغە قىلغاندەك تالاش .
تاغ ئىلەتاش يىغلاشۇر قارى قۇلۇگىنىڭ ھالىغە .
نازى ئىستىغناسىدىن بىر باقمادى ئول شوخى ياش .
گەر ئانا بولسە زىلەيخا ، يۇسۇف ئولسە ئاتاسى ،
مۇمكىن ئېرمەستۇر تۇغۇلغاي ئاڭا ئوخشە ئەگمە قاش .
پەردە ئى جانىم ئىچىدە ئاسرار ئىدىم مېھرىنى ،
بى مەھەل ئەفغانلارىم قىلدى مېنىڭ سىررىمنى فاش .
تاكى بولدۇم ئەي پەرى پەيكەر گىرىفتارىڭ سېنىڭ ،
بىر كۆزۇمدىن ئاقتى قانۇ بىر كۆزۇمدىن ئاقتى ياش .
ۋەسف ئېتەي دېسەم يۈزۈڭنى ئەقلۇ ئىدراك ئۆرتەنۇر ،
دۇررۇگەۋ ھەر ساچىلۇر ھەربىر سۆزۈڭدىن جاش ـ جاش .
ناگەھان كۆرسە قەلەندەرگەر يىراقدىن يۈزىنى ،
كىم تۇشەر شىددەت بىلە ئەئزالارىغە ئېرتىئاش :

نەزارەم ھەر زەمان مەھرۇم ئۇشۇل رۇخساردىن يانمىش ،
ئېرۇر گۇل تەرگۈچىدەككىم قۇرۇق گۈلزاردىن يانمىش .
جەفاۋۇ جەۋر قىلماقدىن ئەگەر جانىمنى كۆيدۇرسە ،
مۇسۇلمان ئېرمەس ئول ئاشىق ئەگەر دىلداردىن يانمىش .
قىلىپدۇر كۇھكەنىنىڭ ئىشقى شىرۇ ئەژدەرى دەۋران ،
نې مۇمكىندۇركى خۇسرەۋ ۋەھمىدىن ئول كۇھ سارى يانمىش .
كويىدىن مەھرۇمۇ نەۋمىد ياندىم ، ھەسرەتىم باردۇر ،
ھەۋەسلىك مۇفلىسدەككىم قۇرۇق بازاردىن يانمىش .
جانىڭ شۇكرانەگە بەرگىل يەنە جان بىرلە مىننەت تۇت ،
ئىشىتتىم ، ئەي قەلەندەر ، مۇغبەچە زۇنناردن يانمىش .



چىقماغىل گۈلگۈن ئۈيۈگدىن كىچە دە ئەي شوخى ياش ،
ئەل ئارا غەۋغا تۈشەر كىچە تۇغۇپدۇر دەپ قۇياش .
رەھمۇ شەفقەتدىن بىرەر ھالىمنى زالىم سورمادى ،
مۇددەتىدۇر كىم بولۇپدۇر ھەجردىن ساھىب قاياش ياش .
ناز ئىلە چىقساڭ ئۈيۈگدىن يوقدۇرۇر رۇخسار ئىلە .
سەجدە ئەيلەر قاشلارىڭغە بۇت بىلەھەم بۇت تەراش .
تاجەمالى باكەمالىڭنى تەماشا ئەيلەدى ،
كىچەيۇ كۈندۈز كۆڭۈلگە زەھرى غەم بولدى مەئاش .
ۋا دەرىغا، بىلمەدىم ئەۋۋەلدە بۇخۇيۇڭ ① سىنىڭ ،
مەقبۇلۇڭ ئىرمەس ئىكەن ھەركىم ساڭا بولسۇن ئاداش .
گەرچە كۆردۈم بىر يۈزىنى سەير ئېتىپ باشدىن ـ ئاياق ،
كۆرمەدىم سەندەك جەھاندا تىلى يۇمشاق ، باغرى تاش .
گەر قەلەندەر سارى ئاتساڭ قاشۇ كىرفىكلەر ئوقۇڭ ،
جانۇ كۆڭلۇم ئوقۇڭ ئۈچۈن ئەيلەمىش ئىكەۋ تالاش .



① قول يازمىدا بۇ سۆز «خۇيۇڭنى» دەپ يېزىلغان .

ئىشىتتىم ئول پەرىزادىمنىكىم ئەزمى سەفەر قىلمىش ،
فىراقۇ ھەجرى بىرلە ئىشق ئېلىنى دەربەدەر قىلمىش .
بەلىدە تەركىشۇ قولىدا تىغى خۇن فىشان ئالىپ ،
غەزەب بىرلەن بارى ئالەمنى ئول زىرۇ زەبەر قىلمىش .
ياراتماپدۇر خۇداۋەندىم ئانىڭدەك قاتىلۇ جابىر ،
مۇسۇلمانلار قانىدىن دىمە ئول زالىم ھەزەر قىلمىش .
نىھايەتسىز سۆيۈندۈم مەھۋەشى شوخى پەرى پەيكەر ،
مىنى قۇل ئەتكەلى ئۆزىگە ئەمدى مۇختەسەر قىلمىش .
ئوق ئاتماقغە ئەگەر چىقسە ئوشۇل تەرساۋەشى زالىم ،
بارى ئىسلام ئېلى كۆكسىنى ئوقىغە سۇفەر قىلمىش .
ئاتار بولسا كىشىگە ناۋەكى خۇنرىز دىلدۇزىن .
ئەگەر فۇلادى جەۋشەن كىيسەكىم سۇدەك گۇزەر قىلمىش .
ئانىڭدەك كۆرمەگەن ھېچكىم جەھاندا كافىرى قاتىل ،
مۇسۇلمان قانىنى تۆكمەكنى ئۆزىگە ھۇنەر قىلمىش .
قەلەندەر كۆيمەسۇن نىدىن ئانىڭ رەشك ئوتىدا ھەردەم ،
رەقىبنى شاد ئېتەر ھەردەم ، ئانى خۇنى جىگەر قىلمىش .



ئەيلەگىل يارەب مېنى سەن داغى ھىجراندىن خەلاس ،
داغى ھىجران دېمەيىنكىم دەردى ھىرماندىن خەلاس ·
كېچەيۇ كۈندۈز دۇئايىم بۇدۇرۇر قىلغىل مېنى ،
كۇلفەتى ئەندۇھ بىلە ھەم دەردى دەۋراندىن خەلاس ·
تائەتى تەقۋا ئىبادەتنى نەسىبىم ئەيلەگىل ،
قىلماغىل يارەب مېنى ئۆلگۈنچە فەرماندىن خەلاس ·
مەقسەدىم بۇدۇر مېنىڭ دۇنيادا ئەي زىھى جەلىل ،
فىتنە ۋۇ ۋەسۋاسى بىرلەن ئەيلە شەيتاندىن خەلاس ·
ناقەتىم يوقتۇر ، قەلەندەر كىم ، ئېشىتىسەم ھىجرەتىن ،
ئاندىن ئاجرانغۇنچە ، يارەب ، ئەيلەگىل جاندىن خەلاس ·



بۇ تىرىكلىكدىن ماڭا يۈزۈڭنى كۆرمەكدۇر غەرەز ،
شەككەرىن لەئلى لەبىڭنى تۈشدە كۆرمەكدۇر غەرەز .
يوقتۇرۇر دۇنيادا ئۆزگە ماڭا مەقسۇدى مۇراد ،
خىزمەتىڭگە قۇل بولۇپ ، ئۆلگۈنچە يۈرمەكدۇر غەرەز .
بىلدىم ئەي گۈلچېھرەكىم ۋەسلىڭغە يەتمەكدۇر مۇھال ،
فۇرقەتۇ ھەجرىڭ بىلە دەردىمنى سۈرمەكدۇر غەرەز .
كېچەۋۇ كۈندۈز سېنىڭ كويۇڭنى چۆرۈلمەك سەبەب ،
شۇم رەقىبنى بويىننى تىغ ئىلە ئۇرماقدۇر غەرەز .
قىلدى دۇنيا ئىشرەتىن ئەمدى قەلەندەر مەقسەدى ،
دارى ئىشقىڭدا سېنىڭ مەنسۇر بولماقدۇر غەرەز .



مەشرىقى كويىدىن ئاتتى ماھى تابانىم تۇلۇئ،
يا بەدەخشان تاغىدىن ئول لەئلى رەخشانىم تۇلۇئ.
قەدمۇدۇر، توبامۇدۇر ياسەرۋ يا كاكۇلمۇدۇر،
ياكى جەننەت باغىدىن سەرۋى خىرامانىم تۇلۇئ.
يا پەرى يا ھۇردۇر يابىلقىسى ئالى نەسەب،
يا ئۆيىدىن قىلدى ئول خۇرشىدى دەۋرانىم تۇلۇئ.
ياقەمەر ياشەمس يائايىنەئى ئىسكەندەرى،
يا كۆزۈمگە قىلدى ئوشۇل جانۇ جانانىم تۇلۇئ.
تۇتىدەك ئەفغان قىلۇرمەن، ئەي قەلەندەر، زار ـ زار،
قىلمادى دىلبەر ئارا ئول شەككەرىستانىم تۇلۇئ.



مەن قىلۇرمەن ھەرزەمان ئۇل لەئلى رەخشاندىن تەمەئ ،
تەشنەلەب قىلغاندەك ئىرۇر ئابى ھەيۋالدىن تەمەئ .
قامەتىڭنى بىر كۆرەرگە باردۇر ئارمانىم مېنىڭ ،
قۇمرى قىلسۇن تاڭ ئەمەس سەرۋى خىراماندىن تەمەئ .
تا سېنى كۆردۇم مەن ، ئەي خۇرشىدى تابانى زەمان ،
يوقتۇرۇر ، ئەي دىلرەبا ، ئەمدى ماڭا ① جاندىن تەمەئ .
قان يۇتۇپ تاشى يۈرەك باغرىنى قان ئېتىپ ② ،
كىمگە كىم بولسۇن ئەگەر لەئلى بەدەخشاندىن تەمەئ
مەقسەدىغە يەتمەگەن مۇمكىن ئەمەسدۇر دەھر ئارا ،
كىمكى قىلسۇن ، ئەي قەلەندەر ، ماھى تاباندىن تەمەئ .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «سېنىڭ» دەپ يېزىلغان .

② بۇ مىسرا كاتىپ تەرىپىدىن خاتا كۆچۈرۈلگەن ، ھېچقانداق مەزمۇننى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ .

زۇلم كۆر گۆزدى ماڭا ئول شوخ گۈلرۇخسار شەمئ ،
قىلمادى رەھمى ماڭا ئول دىلبەرى خۇنخار شەمئ .
قان قاناتىمغە تەگۈرمەس ئېردىم ئۇشبۇ دەھر ئارا ،
تۇتىدەك سەيد ئەتتى ئول لەئلى شەكەر گۇفتار شەمئ .
بەندەلىكنى تەۋقىنى بوينىغە سالغاي شۇل زەمان ،
كىمكى كۆردى قامەتى ئول سەرۋ خۇش رەفتار شەمئ .
نالەيۇ ئەفغان بىلە ئۆلدىيۇ ھالىن بىلمەدىڭ ،
بۇلبۇلىنىڭ بىر يولى ئول گۈلشەنۇ گۈلزار شەمئ .
ئىشق ئېلىگە قىلدى تەگرى ھەجرۇ فۇرقەت قىسمەتى ،
بولمادى پەرۋانە بىرلە بىردەم ھەمئەسرار شەمئ .
ئەيلەبان لۇتفۇ كەرەم پەرۋانەسىغە ھەر زەمان ،
گەرچە ۋاسىل قىلمادى ھەم بەرمەدى ئازار شەمئ .
يوق ئىدى ھەرگىز قەلەندەرنىڭ قەرارى دەھر ئارا ،
بولدى زەنجىرى ئانىڭكىم تۇررەئى تەررارى شەمئ . ①

① شەمئ : قول يازمىدا «خۇب» دەپ يېزىلغان .

تاكى چىقتى ئۇل گۈلى گۈلزارى ئالەم سەيرى باغ ،
گۈل ئانىڭ يۈزىن كۆرەر دەپ يۈرەكىمدۇر داغ ـ داغ .
جان لەبىمگە يەتتى ، زالىم ، رەھىم ئېتىپ بىر سورمادىڭ ،
ھەرنە بولسام مەن بولاي ، تۇتسۇن خۇدايىم سىزنى ساغ .
نې ئۈچۈن جان بەرمەيىن دەردىڭدە مەن فەرھاددەك ،
يوقتۇرۇر سەندەك شىرىن ئالەمدە گەر سالى سوراغ .
تا ساڭا بەردىم كۆڭۈل ئەي مەھۋەشى خۇرشىدى فەر ،
دەردۇ مېھنەتدىن ، نىگارا ، تاپمادىم بىر دەم فەراغ .
كۆڭۈل ئۈزمەك ، ئەي قەلەندەر ، ئۇل پەرىدىن سەئب ئېرۇر ،
ئۆلگۈچە كەتمەس كۆڭۈلدىن ئىشقىدىن تۇرغان قاداغ .



سورمادىڭ ھالىمنى سەن، ئەي شوخ بىپەرۋا، دەرىغ،
ئىشق ئېلى ئىچرە مېنى قىلدىڭ ئەجەب رەسۋا، دەرىغ،
قان يۇتۇپ دىققەت بىلە ۋەسفىڭنى ئىنشا ئەيلەدىم،
بىلمەدىڭ قەدرىمنى سەن، ئەي ماھ رۇھ ئەفزا، دەرىغ.
تاكى كۆردۈم ئەنبەر ئەفشان زۇلفى مۇشكىگۈنى سېنىڭ،
تۈشتى باشىمغە مېنىڭ ئەي شوخ، مىڭ سەۋدا، دەرىغ.
تاكى كۆردۈم ئاي يۈزۈڭنى بىر زەمانى تىنمادىم،
فۇرقەتۇھەجرىڭ ئىچىمنى ئەيلەدى مەئۋا، دەرىغ.
تالئىمنىڭ يانغانىدۇر ياكى بەختىم شۇملۇغى،
ئەيلەدىڭ جان مۈلكىنى، ئەي شوخ سەن مەئۋا، دەرىغ.
مۇددەتى بولدى قەلەندەر ھەسرەتىڭدىن قان يۇتار،
قىلمادىڭ لۇتفۇ كەرەم، ئەي دىلبەرى رەئنا، دەرىغ.



ھەجر شامى ئالدىدا گويا ئېرۇر جەننەت تامۇغ ،
ئىسسىغى ھەدىسىزدۇرۇر ، ساۋۇغلۇغى مۇزدىن ساۋۇغ .
نەچچە باردىم جەننەتى كويىن تەۋافىن قىلغالى ،
قىلمادى بەختىم مەدەد ياندىم يۈزۈك كۆرمەي قۇرۇغ .
بولسالار ھۇرۇپەرى ، سەن بولماساڭ دەۋزەخدۇرۇر ،
سەن بىلە بولسام بېھىشتدۇر بوينۇمە بولسۇن قۇبۇغ .
دېدىم : «ئەي مەھۋەش ماڭا سەن بەرمەدىڭ كۆڭۈل» ، دېدى :
«مەن نەچۈك بەرسەم كۆڭۈل كۆڭلۈڭ سېنىڭ ھەدىسىز سۇلۇغ »
ئىستەسۈنلەر ، ئەي قەلەندەر ، بىر بىرىن ئالەم يۈزىن ،
يوقتۇرۇر ھەرگىز سېنىڭدەك يانە بىر كۆڭلى بۇيۇغ .



گۈلشەنۇ گۈلزارى جانىمنىڭ گۈلى تا باردى تاغ ،
قويدى فۇرقەتدىن مېنىڭ جانىمغە يۈزمىڭ دەردۇداغ .
تا سېنىڭ بىرلەن ئىدىم خوتەن ماڭا گۈلزار ئىدى ،
سەنسىزىن يالغۇز باشىمغە بولدى دەۋزەخدەك ئۇتاغ .
بولدى كۈلبەم سەنسىزىن يەئقۇبدەك بەيتۇلھەزان ،
سەن بارىپ يۇسۇفغە ئوخشە ئەيلەمىشسەن سەيرى باغ .
ئەيشۇ ئىشرەت بىرلە راھەتدۇركى تاغنىڭ يولىدا ،
گاھ ـ گاھ ماڭسام باشىم بىرلەن گەھى ماڭسام ياياغ .
بۇلبۇلى خۇشخان ئىدىم سەن بىرلە جەننەت باغىدا ،
دەۋزەخ ئىچىندە بولۇپمەن سەنسىزىن گوياكى زاغ .
سەندىن ئايرىلدىم تىرىكلىك ماڭا كۆپ دىشۋاردۇر ،
بىر سېنىڭدەك ھېچ بىلمەسمەن يەر ئۆزە سالسام سوراغ .
تا جۇدا سەندىن بولۇپمەن مېھنەتۇ غەمدۇر ئىشىم
زەھرى قاتىل توشقارىپ ، ساقى ، ماڭا تۇتغىل ئاياغ .
ھەر زەمانى بۇلبۇل ئوخشە باردۇ يۈزمىڭ ئارزۇ ،
نې ئىلاج ئەيلەيكى باردۇر تاغنىڭ يولى ئۇزاغ .



ھۇسن ئېلى ئىچرە سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەرگىز شەرىق ؛
بارچە مەھۋەشلەر سېنىڭ ئالدىڭدا باردۇرلار كەشىق ،
سەير ئېتىپ كۆردۇم جەھاننىڭ بىر بىرىن باشدىن ئاياق ،
كۆرمەدىم سەندەك يەنە بىر دىلبەرى رەئنا ھەرىق .
ئەي پەرىزادى زەمانىم ، ھالىمە رەھم ئەيلەگىل ،
ھەجرۇ فۇرقەتدىن تەنىم بولۇپدۇرۇر ھەددىن زەئىق .
پاكلىك بابىدا يوقتۇر بىر سېنىڭدەك دەھر ئارا ،
كىم يۈزۈڭنى كۆردى ، دەر : «مەريەمدىن ئېرمىشدۇر ئەفىق » .
يەر يۈزىنى سەير ئېتىپ كۆرگەن جەھان سەييالار ،
بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىلەر گۇلرۇخى زىيبا زەرىق .
باردۇرۇر مەھۋەش ، قەلەندەر ، دەھر ئارادە بىھىساب ،
يوقتۇرۇر لېكىن بىرى سەندەك لەتافەتلىك[ ئەفىق ]① .



① [ئەفىق ] : قول يازمىدا «پەرى» دەپ يېزىلغان .

ساڭا تا بولدۇم ، ئەي گۈلچېھرەئى شىرىن سۇخەن ، ئاشىق ،
مېنىڭدەك يوقتۇرۇر شۇھرەتدە ھەرگىز كۈھكەن ئاشىق .
غەمىم ، دەردىم فىراقىڭدا زىلەيخادىن كەم ئېرمەسدۇر ،
نېگە بولدۇم ساڭا ، ئەي ، يۇسۇفى گۈل پىرەھەن ، ئاشىق .
مەنى بىچارەنى گەر ئىلماساڭ كۆزۈڭگە تاڭ يوقتۇر ،
ساڭا يۇسۇفكە ئوخشە باردۇرۇرلار مەردۇ زەن ئاشىق .
مۇھەببەت تەبلىنى گەرچالسەلەر ساڭا بارى ئالەم ،
مېنىڭدەك يوقتۇ ساڭا ، ئەي مەھى سىيمىن ، بەدەن ئاشىق .
لەبىڭ بىرلەن تىشىڭگە دىلبەرى شوخى پەرىزادىم ،
ئېرۇر ياقۇتۇ لەئلۇ ، گەۋھەرۇ دۇررى ئەدەن ئاشىق .
قەدىڭگە سەرۋ ئىلە تۇبا ، ساچىڭگە سۇنبۇلى خۇبى ،
يۈزۈڭگە ئايۇ كۈن ، گۈل بىرلە شەمئى ئەنجۇمەن ئاشىق .
مۇسەخخەر ئەيلەدىڭ ئالەمنى سەن ھۇسن ئىلە ، ئەي دىلبەر ،
مۇسۇلمانۇ يەھۇدۇ كافىرۇ ھەم ھەمەن ئاشىق .
فىراقىڭدىن ئەگەر ئۆلسەم ساڭا نې غەمدۇر ، ئەي مەھۋەش ،
ساڭا باردۇر قەلەندەردەك نەچە يۈزمىڭ تۈمەن ئاشىق .



ھەق بىرىپدۇر دەۋلەت ئەي سۇلتان ، [ بىلمەك ] ياخشىراق ①،
گاھى گاھى قارى قۇل ھالىنى سورماق ياخشىراق .
گەر مۇيەسسەر بولسە ئول دۇنيادا يۈزۈڭ كۆرگەلى ،
ھۇرى جەننەتدىن كۆڭۈل ئەلبەتتە ئۈزمەك ياخشىراق .
كىچە كۈندۈز ئۆزگە مەھۋەشلەر بىلە ئەيش ئەتكۈچە ،
تۈش كۆرۈپ لەئلى لەبىڭنى بىر گىنە سۆيمەك ياخشىراق .
گەر سۇلەيمانى زەماندىن ماڭا يەتسە مەرتەبە ،
بەندە بولۇپ ئىشىكىڭدە دەۋر سۈرمەك ياخشىراق .
ئۇچراسە ئەغيار قىلغىل ئاڭا سەن قەھرۇ غەزەب ،
گەر يولۇقسە ئۆز قۇلۇڭ لۇتف ئىلە كەلمەك ياخشىراق .
كىم مۇھەببەت ئەھلى بولسە ئەيلەگەيسەن مەھرەمىڭ ،
كىمكى بولسە غەير ، ئەي مەھۋەش ، ئۈزۈلمەك ياخشىراق .
مەقسەدىمدۇر كىچە كۈندۈز ، ئەي سەنەم ، پەرۋانەدەك ،
گەر مۇيەسسەر بولسە باشىڭدىن چۆرۈلمەك ياخشىراق .
بۇلھەۋەسغە سەبرۇ تاقەت يوقتۇر ، ئەي ھۇرى زەمان ،
قانچە بولسە جەۋرۇ زۇلمۇڭ ماڭا قىلماق ياخشىراق .
ئەھلى ھىكمەت دىدىلەركىم : رەشك ئۆلۈمدىن يامان ،
يەتسە قولۇم شۇم رەقىب قانىنى ئىچمەك ياخشىراق .
سەنسىزىن ، ئەي گۇلئۇزارى ، سەيرى جەننەت قىلغۇچە ،
باغى ھۇسنۇڭدىن ، نىگارا ، بىر گۇل ئۈزمەك ياخشىراق .
ئانچە مەن كۆردۈم جەفا ، ئىشق ئىچرە كافىر كۆرمەدى ،
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ رەھم قىلماق ياخشىراق .

① قول يازمىدا بۇ مىسرا «ھەق بىرىپدۇر ھەزرەتىڭغە دەۋلەت ئەي سۇلتانى ھۇسن » دەپ يېزىلغان

سېنى كۆرگەن كىشى ئادەم ئەمەسدۇر، بولماسۇن ئاشىق،
دېمەس ئاقىل كىشى گەر خىزمەتىگە بولماسۇن ئاشىق.
ئۆزى ئۆز كۆزىدىن رەشك ئېلتۇرۇر كىم، يوقتۇرۇر رەشكىم،
نەچۈككىم شۇم رەقىبىڭ كۆزلەرىنى ئويماسۇن ① ئاشىق.
ئەگەر تەبلى مۇھەببەت چالغۇچى ② بولسە جەھان ئىچرە،
كىرەككىم تۇشدە ھەم مەئشۇق يۈزىنى سۆيمەسۇن ئاشىق.
بۇدۇر شەرتى مۇھەببەت، ئەي مۇسۇلمانلار، بەيان ئەيلەي،
يىغىنى تەرك ئېتىپ شادلىق ئۇچۇن، بىر كۈلمەسۇن ئاشىق.
تىلەكىم بۇدۇرۇر ھەقدىن، قەلەندەر، بۇ جەھان ئىچرە،
مېنىڭدەك ھېچ كىشى بىر زالىمغە بولماسۇن ئاشىق.



① بۇ سۆز قول يازمىدا «دىمەسۇن» دەپ يېزىلغان.
② چالغۇچى: قول يازمىدا «چالغۇچىدەك» دەپ يېزىلغان.

فۇرقەتىدىن يوقنۇرۇر بىر لەھزە ئارامىم مېنىڭ ،
بولمادى ھاسىل جەھاندا زەررەچە كامىم مېنىڭ .
ئول پەرىزادى زەمانۇ دىلبەرى ھۇرى نىژاد .
رام دېسەم ھەر نېچە كىم ئول بولمامىش رامىم مېنىڭ .
ئول سىتەمگەر زالىمى بىرەھمىنىڭ ھىجرانىدا ،
ئۆتتى بىردەك قايغۇ ① بىرلە سۇبھ ئىلە شامىم مېنىڭ .
تاكى بەردىم ئول پەرى پەيكەرگە كۆڭۈل دەھر ئارا ،
تولغۇسى خۇنى جىگەردىن ھەر كېچە جامىم مېنىڭ .
يوق ئىدى مۇمكىن قەلەندەر بۇ خوتەندە تۇرماقىم ② ،
زۇلفى ئىلە ساچى بولۇپدۇر ھەلقەئى دامىم مېنىڭ .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «ھەسرەت» يېزىلغان ، ۋەزن تەلىپى بىلەن ئۆزگەرتىلدى .
② تۇرماقىم ، : قول يازمىدا «تۇرماكىم» دەپ يېزىلغان .

تا سەفەر قىلماقغە ئەزم ، ئەي ماھى تابان ، ئەيلەدىڭ ،
ئىلچىلىككە ئىلچىنى گوياكى زىندان ئەيلەدىڭ .
گەرچە قىلدىڭ جانىمە ئەۋۋەلدە يۈز جەۋرۇ جەفا ،
شۇكرىلىللاھ ، ئاقىبەت دەردىمگە دەرمان ئەيلەدىڭ .
مورنىڭ ئۆيىگە تۇشكەندەك سۇلەيمانى زەمان ،
لۇتفدىن كۇلبەمگە تا ئۆزۈڭنى مېھمان ئەيلەدىڭ .
رەشكدىن جانىمنى كۆيدۈردۈڭ سەن ، ئەي سۇلتانى ھۇسن ،
شۇم رەقىبىم بىلە سەن تا ئەھدۇ پەيمان ئەيلەدىڭ .
بەسكى قىلدىڭ زىددىمە ئەغيارىمە كۆپ ئىلتىفات ،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەدىڭ .
مەقسەدىڭ نېدۇر سېنىڭ ، ئەي مەھۋەشى ساھىب جەمال .
يۈرەكىمنى قان ھەم سىينەمنى بەريان ئەيلەدىڭ .
تەرك ئېتىپ دۇنيانى ، كەيدى تەنگە ① جەند ، باشغە كۇلاھ ،
تا قەلەندەرنىڭ رەقىبىن سەن نىگەھبان ئەيلەدىڭ .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «تەندە» دەپ يېزىلغان .

ئەنبەرى ساراغە خۇشبۇيلۇق بېرۇر ئول سۇنبۇلۇڭ ،
كىم ئاياغىغە تۇشۇپدۇر ساچۇ زۇلفۇ كاكۇلۇڭ .
ئول پەرىزادىم ماڭا باقىپ تەبەسسۇم ئەيلەدى ،
ئىلتىفات ئەتتى قۇلىغە ، ئەي رەقىبلەر ، سىز ئۆلۈڭ .
گەرچە ئەل ساڭا قاقار مېھرۇ مۇھەببەت تەبلىنى ،
گۇلشەنىڭدە يوقتۇرۇر ئەسرارى مەندەك بۇلبۇلۇڭ .
تۇشتى كۆڭلۈمنىڭ قۇشى جانا ، كەبۇتەر خانەگە ،
گەر ئۇچاي دېسە ئانىڭ قۇيرۇق ، قاناتىنى يولۇڭ .
زور بازۇ بىرلە يوقتۇر ھۇسنىغە ھەرگىز ۋەفا ،
ئىلتىفات ئەتكىل ماڭا ، بۇدەم قويى ئېرمىش قۇلۇڭ .
باش ئاياغىغە چۇ قويدۇم كەتتى ئاچچىغلاپ ، باشىم ،
بەردى باشىمنى قولۇمغە دېدى : «بار ، بولدى يولۇڭ .»
مۇنچە جەۋرۇ زۇلم قىلماقدىن نې ئېردى مەقسەدىڭ ،
ئىشلەتۇر بولساڭ قولۇڭ [ مەن ] ، گەر ساتار بولساڭ پۇلۇڭ .
گەرچە بۇ ئالەم ئىچىندە قۇللارىڭنىڭ سانى يوق .
يوقتۇرۇر لېكىن ئاراسىندا قەلەندەردەك قۇلۇڭ .



يانارىم يوقتۇرۇر سەندىن ئەگەر تېرەمنى سويدۇرساڭ ،
جەفاۋۇ جەۋرۇ زۇلمۇڭ ئوتىدا ھەر نەچە كۆيدۇرسەڭ .
ئىشەنچىڭ بولماسا گەرچە قولۇڭغە ① خەت بېرەي تىلدىن ،
رەقىبى بەد دىيانەت[ سەن ] ئەگەر ئەھدىڭنى سۇندۇرساڭ .
تەبەسسۇملە ② باشىم كەسسەڭ قويارمەن جانغە يۈز مىننەت ،
فىراقىڭ دەۋزەخىدىن بىر يولى جانىمنى قۇتقارساڭ .
قاتىپ قالىپدۇرۇر باشىم ئەجەب ھەيرەتتە قالىپ مەن ،
نە بولغاي مەقسەدىڭ ، ئەي بىۋەفا ، بىر گىنە بىلدۇرسەڭ .
«مېنى ۋەسىق ئەتكەلى لايىقمۇسەن» دەپ كۆپ ئاچىغلايسەن ،
كەرەمدۇر بۇ گۇناھىنى قەلەندەردىن سەن ئۆتكەرسەڭ .
دۇئا ئەيلەي خۇداۋەندىم مۇرادۇ مەقسەدىڭ بەرسۇن ،
رەقىبى شۇمى بەدرەكنى ئەگەر كۆزىنى ئويدۇرساڭ .



① گەرچە قۇلۇڭغە : قول يازمىدا «كە قۇلۇڭغە» دەپ يېزىلغان .
② تەبەسسۇملە : قول يازمىدا «تەبەسسۇم بىرلە» دەپ يېزىلغان .

ئەي پەرىزادى زەمانىم بولسۇن ھەق يارىڭ سېنىڭ ،
ئۆتكەرۈر شەمسۇ قەمەردىن نۇرۇ ئەنۋارىڭ سېنىڭ .
كۆرسە ئېردى بۇ قەدۇ رۇخسار ئىلە قاشۇ كۆزۈڭ ،
بولۇر ئېردى يۇسۇفى مىسرى خەرىدارىڭ سېنىڭ
توكۇر ئېركەنمىز دەپ ئاگايىغلاشۇرلار زار – زار ،
تاۋۇسۇ كەبكى دەرى كۆرسە بۇ رەفتارىڭ سېنىڭ .
ھەر كىشى كۆرسە يۈزۈڭ بىئىختىيار ئەيلەر فىغان ،
ئۆزۈڭ ئىنساق ئەتكى نەتكەي ئاشقى زارىڭ سېنىڭ .
ئەيلەمىش زەۋقۇ تەئەججۇب ، بەلكى ھەيرەتتە قالۇر ،
كۆرسەلەر ھۇرۇ پەرى بۇ فېئلۇ ئەتۋارىڭ سېنىڭ .
تاڭ ئەمەسدۇر گەرتىرىلسە سوزلەسەڭ بولغان مەمات ،
ئۈرگەتۈر ئىيساغە فەتھىلىكنى گۇفتارىڭ سېنىڭ .
مەن نەچۈك جان بەرمەيىن ئالدىڭدا ، ئەي ھۇرى زەمان ،
ئۆزگەلەرنىڭ لۇتفىدىن ئوبداندۇ ئازارىڭ سېنىڭ .
ئاتلانىپ چىقساڭ ، خەلايىقدىن بولۇر يەۋمۇنۇشۇر ،
جان نەچۈك بەرمەس قەلەندەر كۆرسە دىدارىڭ سېنىڭ .



نې بولۇر ، ئەي گۇلكى ، سەن بولبۇلنى خۇررەم ئەيلەسەڭ ،
خىلۋەتى خاسىڭغە جانا ئانى مەھرەم ئەيلەسەڭ .
بارچە غەمدىن ئەيلەمىشدۇر ھەقتە ئالاشادمان ،
دەردۇ غەمدىن گەرمېنى بىرلەھزە بىغەم ئەيلەسەڭ .
مەن دۇئا ئەيلەيكى بولساڭ دەھر ئارادە كامران ،
جەۋرۇ زۇلمۇڭنى ئەگەر كىم زەررەئى كەم ئەيلەسەڭ .
يوقتۇرۇر ھەرگىز تەئەججۇب بۇ ئىشىڭدىن دەھر ئارا ،
گەرگەدانى لۇتف ئىلە ئىسكەندەرى رەھم ئەيلەسەڭ
تاڭ ئەمەسدۇر ، گەر دېسۇن : بولدۇم سۇلەيمانى زەمان ،
گەر قەلەندەرنى دەمى ئۆزۈڭگە ھەمدەم ئەيلەسەڭ .



مېنىڭ ھەجرىمگە ئەي گۈلچېھرە ۋەسلىڭنى دەۋا قىلساڭ ،
نې بولغاي ① ھاجەتىمنى ، ئەي پەرى پەيكەر ، رەۋا قىلساڭ .
ئۈمىدىم بار ئېدىكىم سەرۋدەك ئەيلەرمۇ دەپ خۇررەم ،
نېكىم زۇلمۇڭ بىلە ، ئەي دىلرەبا ، قەددىمنى يا قىلساڭ .
تىلەكىم بۇ تۇرۇر تەگرىدىن ئەي خۇرشىدى تابانىم ،
كۆڭۈلنى مېھنەتۇ دەردۇ غەمىڭگە ئاشنا قىلساڭ .
بولۇرمەن پادىشاھى بەھرۇ بەر ، ئەي خۇسرەۋى خۇبان ،
رەقىبنى شوم يۈزىنى ھەسرەتىڭدىن گەر قارا قىلساڭ .
يانارىم يوقتۇرۇر مۇمكىن سېنىڭ ئىشقىڭدىن ، ئەي دىلبەر ،
ئەگەر كىم سۆگەكىمنى بەند ـ بەندىمدىن جۇدا قىلساڭ .
ئۆتۈبدۇر قوللۇغۇڭ [ كىم ] ئەي پەرىۋەش ، ياشىم ئالتمىشدىن ،
ئۆلەر چاغىم بولۇپدۇر ، نې بولۇر جانا رىزا قىلساڭ .
قەلەندەردۇر قۇلۇڭ قارىپدۇر ئەي ھۇرۇ پەرىزادىم ،
نې بولغاي ② زۇلم ئېتەردىن ، ئەي پەرى پەيكەر ، ئىبا قىلساڭ .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «بولۇر» دەپ يېزىلغان ، ۋەزن ئېتىبارى بىلەن «بولغاي» دەپ ئېلىندى .

② بۇ سۆز قول يازمىدا «بولۇر» دەپ يېزىلغان .

ئىشرەت ئىلە جانىمە ، ئەي دوستلار ، جەۋر ئەيلەمەك .
بولماسا مەشرەبدە ئول گۈلرۇخ مېنى سىز ئىستەمەك .
قىلسام ئانىڭ فۇرقەتىدە گەر ياقامنى چاك ـ چاك ،
سىز مېنى دىۋانە دەپ ئەي تىفلىلار سىز قوغلاماڭ .
بولسە ھەجرىدە ئەگەر رەسۋالىغىم ھەددىن فۇزۇن ،
ياشلار ئوخشە مەنئ ئېتىپ ھەم يالبارىپ سىز ئالداماڭ .
دەردۇ غەمنىڭ لايىدىن قىلدى ۋۇجۇدۇمنى مېنىڭ .
مەجنۇنۇ فەرھادغە ئوخشە دوستلار سىز چاغلاماڭ .
يىبەرىڭ پاتراق بارۇر يىرىمگە ئۆلسەم دوستلار ،
يىغلاشىپ ھەسرەت بىلە بىر لەھزە ئۆيگە ساقلاماڭ .
باغلاڭىز رەختى سەفەر ھازىر ئولۇپ تەييار ئولۇڭ ،
بىۋەفادۇر بۇ جەھان ھەرگىز كۆڭۈلنى باغلاماڭ .
قويۇڭىز ئۆز ئورنۇمە دىلجەمئىلىق بىرلەن يانىڭ ،
بىر غەرىبى بار ئىدى نې بولدى ، دەپ سىز يوقلاماڭ .
ئىشتىڭ ئوبدان قەلەندەردىن نەسىھەت دوستلار ،
ماتەمىم قاتتىغ تۇتۇپ ئەفغان بىلە كۆپ يىغلاماڭ .



تا سىنىگدەك نازەنىنغە ئاشنا قىلدى فەلەك ،
مىھنەتۇ دەردۇ بەلاغە مۇبتەلا قىلدى فەلەك .
تاكى كۆردۈم ئارەزى خۇرشىدى تابانىڭ سىنىڭ ،
دەردۇ غەمدىن بەند ــ بەندىمنى جۇدا قىلدى فەلەك .
ھەر نەچە قىلدىم جەھاندا ئەيشۇ ئىشرەت ئۇمرۇمە ،
ھەر بىرى ئورنىدا مىڭ جەۋرۇ جافا قىلدى فەلەك .
كۆرمەدىم جەۋرۇ جەفادىن ئۆزگە ھەرگىز دەھر ئارا ،
لۇتف ئېتەردىن ماڭا گوياكىم ئىبا قىلدى فەلەك .
ئەلگە بەردى بەختۇ دەۋلەت ، ئىشرەتۇ راھەت تەمام ،
ماڭا يەتكەندە مەگەر مەكرۇ رىيا قىلدى فەلەك .
ئەھلى فەزلۇ دانىش ئەلگە بەردى رەنجۇ دەردۇ غەم ،
دون ئېلىن ئالەم ئارا كامىن رەۋا قىلدى فەلەك .
كىمكى بولسە بەددىيانەت ، ئاڭا ئېرمىشتۇر مۇراد ،
دىن ئېلى بىرلەن ھەمىشە ماجەرا قىلدى فەلەك .
زاھىدۇ شەيخى رىيائىغە قىلىپ لۇتفۇ كەرەم ،
ئىشق ئېلىنىڭ ھەربىرىنى بىنەۋا قىلدى فەلەك .
شۇم رەقىبى بولھەۋەسنى ئەيلەدى كامىن رەۋا ،
قۇدرەتى يەتكۈنچە ئىشق ئەھلىن ئىزائ قىلدى فەلەك .
شىكۋە قىلما بەختى بەددىن ، ئەي قەلەندەر كىم ، ئەزەل ،
بىرنى شاھى ئالەمۇ بىرنى گەدا قىلدى فەلەك .

ئىشق ئارا ئاۋارەئى بىچارە ۋار ئولماق كېرەك ،
تاشلابان مېھنەتكە ئۆزنى ، خارۇ زار ئولماق كېرەك .
كىمكى ئاشىقدۇر ئەگەر شاھزادەئى ئالەمدۇرۇر ،
شاھلىقنى تاشلابان ، بۇ يولدا خار ئولماق كېرەك .
بارچە مەخلۇقات ، مەۋجۇدات ئارا ئەيلەپ نەزەر ،
بارچەدىن ئۆزنى كەمۇ بىئېئتىبار ئولماق كېرەك .
ئاھ ئۇرۇپ قانلار يۇتۇپ ، ئول يار ۋەسلى شەۋقىدە ،
سۇدىن ئايرىلغان بالىقدەك بىقەرار ئولماق كېرەك .
بۇ دۇنيايى بىبەقادىن ئىبنى ئەدھەمدەك كېچىپ ،
جەننەتى جەڭ ئەزمى جەزمى ئول دىيار ئولماق كېرەك .
ئىختىيارى جۇزۋى بەردى بىزگە ھەق ، ئاندىن كېچىپ ،
ئاندا بارىپ شاھى ساھىب ئىختىيار ئولماق كېرەك .
گەر دېسەڭ جانىمغە يەتكەي ئاشنالىقدىن ئەسەر ،
ئىشق ئارا دائىم كۆڭۈلدە ھۇشيار ئولماق كېرەك .
بادەئى ئىسيان ئىچىپسەن ، فەقىر باشىڭدا خۇمار ،
سەن دىلى تەۋفىق سۇرۇپ بىخۇمار ئولماق كېرەك . ▲

ئەي پەرىزادى زەمانىم خاتىرىمنى شاد قىل ،
بۇ بۇزۇق كۆڭلۈمنى سەن لۇتفۇڭ بىلە ئاباد قىل .
دىلبەرىم مەكتەبدە ۋۇ مەن يول ئارادە مۇنتەزىر ،
ئەي مۇئەللىم ، بىر زەمان ① ئول سەرۋىنى ئازاد قىل .
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ ، ئەي مەھى نا مىھرىبان ،
شۇم رەقىبى بەددىيانەت جانىمغە بىداد قىلدى .
پادىشاھى ھۇسن بولدۇڭ ، ئەي مەھى شىرىن زەبان ،
ئەمدى سەن لۇتفۇ كەرەم بىرلەن مېنى فەرھاد قىل .
ئەيلەدىڭ جەۋرۇ جافا بىھەد قەلەندەر جانىغە ،
ئەمدى سەن رەسمى مۇھەببەتنى [ ماڭا ] ئىرشاد قىل .



---

① بىر زەمان : قول يازمىدا «بىر مان» دەپ ئېيىلغان

نېگە بولدۇم ئانىڭدەك دىلبەرى تەررارغە مايىل ،
لەبى لەئلى بەدەخشانۇ يۈزى گۈلزارغە مايىل .
زەمانى تاپمادىم راھەت ئۇشۇل كۈندىن كى بولۇپمەن ،
قاشى يا ، كىرفىكى ئوق نەرگىسى بىمارغە مايىل .
ئەگەر جەۋرۇ جەفا قىلسە جانىمغە دوستلار تاڭ يوق ،
نېگە بولدۇم مۇسۇلمانلار بۇتى ئەييارغە مايىل .
فىغانۇ نالەۋۇ زارى بولۇپدۇر تۇتىدەك ئىشىم ،
ئۇشۇل كۈندىن بولۇپدۇرمەن شەكەر گۇفتارغە مايىل .
قەلەندەرنىڭ جەزاسىدۇر ، بولۇپدۇر ، ئەي مۇسۇلمانلار ،
ستەمگەر زالىمى بىرەھم بىر خۇنخارغە مايىل .



نېدۇرۇر مەقسەد ساڭا كۆيدۇرمەك ، ئەي دىلبەر ، دېگىل ،
لەبلەرىڭدۇر لەئل ـ ياقۇت ، شەھد ياشەككەر دېگىل .
كۆزمۇدۇر ، چولپانمۇدۇر يا نەرگىسى باغى بېھىشت ،
يۈزمۇدۇر بۇ يا قۇياش يا لالەئى ئەھمەر دېگىل .
ساچمۇدۇر سۇنبۇلمۇدۇر يارىشتەئى جانىم مېنىڭ ،
قەدمۇدۇر تۇبامۇدۇر يا سەرۋ ئەرئەر دېگىل .①
دېمەگىل شەھلەرچە يوقتۇر سۆز ئېلىنىڭ رۇتبەسى ،
بولسە مۇشكىل سۆز ئەگەر سەن سەددى ئىسكەندەر دېگىل .
مۇنچە قاچماغلىق نېدۇر ئاندىن قەلەندەردۇر قۇلۇڭ ،
كىم ئۇچۇن ئېتىپدۇرۇر ، ئەي شوخ ، بۇ دەفتەر دېگىل .



① دېگىل : قول يازمىدا «دۇر» دەپ يېزىلغان .

يوقتۇرۇر ئالەمدە سەندەك يانە بىر ساھىب جەمال ،
يادۇرۇر مۇشكى خوتەن يا ئارەزىڭ ئۈستىدە خال .
دىمە قىلماسدۇر ماڭا ئول مەھۋەشى ياش ئىلتىفات ،
مىۋە بەرمەسدۇر شەجەر تا باردۇرۇر ھالى نىھال .
كېچەۋۈ كۈندۈز تىلەرمەن ھەقتەئالادىن مۇراد ،
كىم ساڭا مۇنكىردۇرۇر تاپىغاي قۇياش ئوخشە زەۋال .
رەھم ئېتىپ باقغىل بىرەر ھالىمغە سەن تەڭرى ئۈچۈن ،
ھەجرۇ فۇرقەتدىن بولۇپدۇر قامەتىم ئانداغكى دال .
ئازىقىپ ئېرمىش قەلەندەر مەئسىيەتنىڭ چۆلىدە ،
سەن نەسىب ئەتكىل ، ئىلاھا ، ئاڭا بىر ساھىب كەمال .



يوقتۇرۇر كۆزىگە مەندەك دەھر ئارا خارۇ زەلىل ،
قانچە قىلسام خىزمەتىڭنى كۆرۈنۈر ساڭا قەلىل .
نې بولۇرگەر گۈلشەنى ۋەسلىڭ سارى بىر باشلاساڭ ،
ھەجر ئوتۇڭچە بارمۇدۇر دېگىل ماڭا ئوتى خەلىل .
ئىشتىڭلار ، ئەي مۇسۇلمانلار ، نەسىيھەتنى ① بۇدۇر :
قىلماڭىز ئىشقى مۇھەببەت سارى ھېچكىمنى دەلىل .
بارچە ئەل قاقار ساڭا ئىشقى مۇھەببەت تەبلىنى ،
فۇرقەتۇ ھەجرىڭدە مەندەك يوقتۇرۇر ھېچكىم ئەلىل .
مۇنچە كۆيدۈرمەك قەلەندەرنى نېدۇر ، ئەي پۇر جەفا ،
سەن ئەگەر رەھم ئەتمەسەڭ ، رەھم ئەيلەگەي رەببى جەلىل .



① نەسىھەتى : قول يازمىدا «نەسىھەتىنىڭ» دەپ يېزىلغان .

ئەي خۇداۋەندا ، مېنى كۆڭلۈمنى سەن ئاگاھ قىل ،
شەفقەتۇ لۇتفۇڭ بىلە ھەم لايىقى دەرگاھ قىل .
زۇلم ئېلىگە بەرگەسەن سەن لۇتۇ ئىلە ئىنسافنى ،
كىمكى بولسە فەقر ئېلى ئالەمدە ئالى جاھ قىل .
باشلاغىل ئەھلى غۇرۇر ئەلنىڭ ھىدايەت يولىدا ،
ئۇلكى باردۇر ئاجىزۇ بىچارە ئانى شاھ قىل .
مەن دىمەسمەن نىگە [ دەر ] سەن دەۋلەتى دۇنيايىنى ،
بارچە ئەلنىڭ مەقدەمىگە مېنى خاكى راھ قىل .
باردۇرۇر ئىچىڭدە سۆزۈڭ گەرچە بىھەددى ھىساب ،
قارىدىڭ ئەمدى ، قەلەندەر ، قىسسەنى كۇتاھ قىل .



ھۇرۇ پەرىغە يوقتۇر بۇ ھۇسن ، بۇ شەمايىل ،
كىمدۇر ساڭا تەڭ ئولغاي سىيرەتى قەبايىل
خالىق سېنى ئىنگارا ئۆز نۇرىدىن ياراتتى ،
ئايۇ قۇياشقە نەھەد بولغاي ساڭا مۇقابىل .
ئەقلۇ پەراسەت ، ھۇشۇ دانىشدا يوق مىسالىڭ ،
دەرلەر بۇ ئالەم ئەھلى دەيرى مەجمەئ فەزايىل .
ئەي گەۋھەرى يىگانە ، دەي نادىرى زەمانە
سېنىڭدەك جەھاندا يوقتۇر دەپ ھۇسن ئەلى باردۇر قايىل
گەر قىلىغۇمدىن ئەي گۇل ، ئارئەيلەسەڭ تاڭ ئېرمەس ،
كويۇڭدا ئەي پەرىزاد شەھلەر بارىسى سايىل .
بىلمەس قەلەندەر ھەرگىز نېدۇر گۇناھى ئەي شوخ ،
بولمايدۇ كۆڭلۈڭ ئەي جان بىر زەر ئاڭا مايىل .



يارەب ئۇل گۇلچېھرە كۆڭلىگە مېنىڭ مېھرىمنى سال ،
سالماساڭ كۆڭلىگە مېھرىم فات مېنىڭ جانىمنى ئال .
نەچچە مۇددەتلەر جەھان ئىچىندە گەردۇن سەير ئىدىم ،
بولدى كۆڭلۈمگە مېنىڭ بۇزۇلفى دامۇ دانە خال .
يوقتۇرۇر ھۇسن ئېلىگە ئالەم ئىچىندە بۇ سىفەت ،
لەبلەرىڭدۇر لەئل ، باردۇر تىشلەرىڭ گەۋھەر مىسال .
كىشۋەرى ھۇسن ئەھلىنى ئەي دىلرەبا فەتھ ئەيلەدىڭ ،
تاپماسۇن بۇ دەۋلەتى ھۇسنۇڭ سېنىڭ ھەرگىز زەۋال .
تەرك ئېتىپمەن بۇ جەھانىنىڭ شۇغلىنى باشدىن ـ ئاياق ،
تا ئانىڭ ئىشقىدا تاپتىم ① ، ئەي قەلەندەر ، ئىشتىغال .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «تانىم» دەپ يېزىلغان .

ئاي يۈزۈڭنى تۈشدە كۆرسەم مەھۋەشىم ،
شەككەرىن لەئلىڭنى شورسام مەھۋەشىم .
قۇللارىڭدەك ئىشىكىڭە سۇبھۇ شام ،
تا تىرىكمەن دەۋر سۈرسەم مەھۋەشىم .
مەقسەدىمدۇر خەنجەرى خۇنرىز ئىلە ؛
شۇم رەقىب باشىنى ئۈزسەم مەھۋەشىم .
دەۋلەتۇ فەخرۇ سەئادەتدۇر ماڭا ،
خىزمەتىڭگە قانچە يۈرسەم مەھۋەشىم ،
مەقسەدىم بۇدۇركى ئۆيۈڭنى سىنىڭ
كىرپىكىم بىرلەن سۈپۈرسەم مەھۋەشىم .
ئەي قەلەندەر ، كۆرۈپ ئول زىبا جەمال ،
شۈكرى ئىزدنى كەتۈرسەم مەھۋەشىم .



ساڭا ئوخشه دىلبەرى شىرىن زەبانى كۆرمەدىم ،
هۇسن دەۋلەت تەختى ئۆزە كامرانى كۆرمەدىم .
نەچچەلەر قىلسام تەماشالار بەدەخشان تاغىنى ،
لەبلەرىڭدەك ، ئەي نىگارا ، لەئل قانى كۆرمەدىم .
گەرچە كۆردۇم قەلئەئى خەيبەر بىله شەهرى سەبا ،
كويۇڭ ئوخشه ئۆزۈمه [ كىم ] هەر زەمانى كۆرمەدىم .
گۇلشەنى ئالەمنى قىلدىم سەيرنى باشدىن ئاياق ،
قامەتىڭدەك باغ ئارا سەرۋى رەۋانى كۆرمەدىم .
تا تۇغۇلدۇم ئانادىن ئەي گۇلرۇخى هۇرى زەمان ،
بىر سىينىڭدەك مەهۋەشى ئارامى جانى كۆرمەدىم .
يەر يۈزىنى سەير ئېتىپ كۆردۇم تەمامىن بىر ـ بىرىن ،
مەهۋەشى دىلكەش سىينىڭدەك دىلىستانى كۆرمەدىم .
ئەي قەلەندەر ، دىلكەشۇ خاتىر نىشىن ، شىرىن كەلام ،
دىلبەرىمنىڭ ۋەسفىدەك بىر داستانى كۆرمەدىم .

تاپىلسە تەۋسەنىڭ گەردى كۆزۈمگە تۇتىيا قىلسام ،
باشى قىبلەمغە ئانى گەردىنى مەن كىميا قىلسام .
نې بولغاي ئېركىن ، دىلبەر ، مۇسۇلمانزادە گەر بولساڭ ،
فىراقى هەجرىمە جانا ۋىسالىڭنى دەۋا قىلسام .
بۇدۇر مەقسۇدۇم ، ئەي شوخى دىلارامى پەرىزادىم ،
يۈزۈڭنى كۆرسەمۇ دۇنيادا تەركى ماسىۋا قىلسام .
① ......................................................................................



① بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوق ، قول يازمىنىڭ مۇشۇ يەردىكى ۋارىقى يوقالغان .

ھەيانى تاشلادىم جانا سۆزۈمنى بىئىبا قىلدىم ،
باشىمغە ھەرنە كەلسە ساڭا ئەرزى مۇددەئا قىلدىم .
ئۇشۇل كۈندىن كى كۆردۈم ئارەزى خۇرشىدى تابانىڭ ،
غەمۇ دەردىڭنى ، ئەي گۈلچىھرە ، جانىم ئىچرە جا قىلدىم .
جەھاندا تاپمادىم ، ئەي سەرۋى ئازادىم ، دەمى راھەت ،
سىنىڭدەك دىلرەباغە تا ئۆزۈمنى ئاشنا قىلدىم .
ماڭا كۆرسەتمەدىڭ لۇتفۇ كەرەمدىن گۈلشەنى راھەت ،
نەچە پىراھەنىمنى ھەجرۇ فۇرقەتدىن قەبا قىلدىم .
مۇرادىم بولمادى ھاسىل ، قەلەندەر ، بۇ جەھان ئىچرە ،
مەگەر كىم تەگرىمە مەن تائەتى رويى رىيا قىلدىم .



يۈزۈڭگە ئوخشاماسدۇر ئاي بىلە خۇرشىدى تابان ھەم ،
لەبىڭدەك يوقتۇرۇر ياقۇت بىلە لەئلى بەدەخشان ھەم .
قۇلۇڭ گەر بولسەلەر شەھلەر ، تاڭ ئېرمەس ، ئەي پەرى پەيكەر ،
سېنىڭدەك سۇرمەگەن دەۋران جەھان ئىچرە سۇلەيمان ھەم .
تىشىڭدەك يوقتۇرۇر گەۋھەر بىلە دۇررى يەمەن ھەرگىز .
قەدىڭگە ئوخشاماسدۇر توبىيۇ سەرۋى خىرامان ھەم .
سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەرگىز تەبىبى ھازىق ئالەمدە ،
چۇ بەردىڭ دەرد ئۆزۈڭ ، ئەمدى ماڭا بەرگىل يەنە مەرھەم ① .
قەلەندەرغە بېرىپسەن ئىلمۇ فەزلى دەۋلەت ئەي راھىم ،
ئەتا قىلغىل يەنە ئاخىر دەمىدە نۇرى ئىمان ھەم .



① بۇ مىسرا قول يازمىدا «چۇ بەردىڭ دەرد ئۆزۈڭ ، ماڭا بەر ئەمدى يەنە دەرھەم ھەم» دەپ يېزىلغان ، مەزمۇن تەلپى بويىچە تۈزىتىلدى .

دەۋلەتى ئۇزما ئىكەن ۋەسلىڭ ، نىگارىم ، بىلمەدىم .
ۋەسلىگە شۇكر ئەتمەدىم ، ئەي گۇلئۇزارىم ، بىلمەدىم .
قىلمادىم جانىم فىدا ئالدىڭدا ، ئەي سەرۋى رەۋان ،
ئىچمە قالدى نەدامەت شەھسۇۋارىم ، بىلمەدىم .
مەن كۆڭۈل ئۈزدۈمكى تىنغاي خاتىرىڭ بىرلەھزەئى ،
ھەسرەتىڭدىن ئۆلەرىمنى ، كامكارىم ، بىلمەدىم .
پاي پۇستۇڭ تاپتىمۇ جان بەرمەدىم ، ئەي شوخ ياش ،
مەن قارىغان چاغىمە ، ئەي نەۋبەھارىم ، بىلمەدىم .
بۇ پۇشەيمانلىقدىن ئۆلسەم ، ئەي قەلەندەر ، تاڭ ئەمەس ،
دەۋلەتى ئۇزما ئىكەن ۋەسلىڭ ، نىگارىم ، بىلمەدىم ،



ئىستەدىم ئالەمدە سەندەك دىلرەبايى تاپمادىم ،
مەھۋەشى ، گۇلچىھرەئى نازۇك ئەدايى تاپمادىم .
سەير ئېتىپ كۆردۈم جەھاننى ، ئەي پەرىزادى زەمان ،
بىر سېنىڭ ئوخشە نىگارى پارسايى تاپمادىم ① .
ھىندۇسىند ، ئىرانۇ تۇران ، ھەم سەمەرقەندۇ بۇخار ،
يۈردۈمۇ سەندەك يەنە تەبئى رەسايى تاپمادىم ② .
گۇلشەنى ئالەمنى كەزدىم بىر ـ بىرىن باشدىن ئاياق ،
مەھۋەشىم ئوخشە گۇلى شىرىن لىقايى تاپمادىم .
تاكى ئالدى بىر پەرى پەيكەر كۆڭۈلنى سەيد ئېتىپ ،
دەردىدىن ئولدۇم قەلەندەر ، بىر دەۋايى تاپمادىم .
تالئىم بىلمەم زەبۇندۇر ياكى بەختىم شۇملۇغى ،
غۇربەت ئىچرە ئۆلدۈمۇ بىر ئاشنايى تاپمادىم .



① ② بۇ سۆز قول يازمىدا «كۆرمەدىم» يېزىلىپ قالغان .

يۈزۈڭنى كۆردۈم ، ئەي گۈل ، شاد بولدۇم ،
جەھان ئەشغالىدىن ئازاد بولدۇم .
سېنى تا كۆردۈم ، ئەي شىرىنى دەۋران ،
غەمۇ دەردىڭ بىلە فەرھاد بولدۇم .
ماڭا بولدى سېنىڭ تا ئىلتىفاتىڭ ،
بۇزۇق ئېردى كۆڭۈل ، ئاباد بولدۇم .
ۋىسالىڭ چاغلادىم مۇمكىن ئەمەسدۇر ،
فىراقۇ ھەجرىڭە مۇئتاد بولدۇم .
جەھاندا كۆرمەدىم راھەت يۈزىنى ،
نېگە ئالەمدە مەن ئىجاد بولدۇم .
تولا تارتىپ مۇھەببەتنىڭ جەفاسىن ،
غەمۇ دەرد ئېلىگە ئۇستاد بولدۇم .
ساڭا بېرىپ كۆڭۈل ئەي شوخى تەنناز .
شاد ئېردىم دەھرئارا ، ناشاد بولدۇم .
يوق ئېركەن ، ئەي قەلەندەر ، ئەقلۇ ھۇشۇم .
كى دۇنيا زالىغە داماد بولدۇم .

مەن ۋىسالىڭ باغىدىن كۆزۈمنى گۈلزار ئەيلەدىم ،
بۇلبۇلى بىچارەنىڭ كۆڭلىنى ئەفگار ئەيلەدىم .
بولدى بۇلبۇلدەك ئىشىم ھەجرىڭدە فەريادۇ فىغان ،
تا ساڭا ئىشقىمنى ، ئەي گۈلچېھرە ، ئىزھار ئەيلەدىم .
كەلمەدى رەھمىڭ ماڭا ، ئەي شوخى شەھر ، ئاشۇبى دەھر ؛
ھەر نەچە دەردۇ غەمىڭدىن كۆزنى خۇنبار ئەيلەدىم .
دەۋلەتىڭ بولسۇن فۇزۇن دەپ ، ئەي پەرى پەيكەر ، سېنىڭ ،
دۇشمەنىڭنىڭ قەتلىغە ئۆزۈمنى تەييار ئەيلەدىم .
كىم ئىشنى ، ئەي قەلەندەر ، دېدى بۇلبۇلدۇر مەگەر ،
تا سېنىڭ ۋەسفىڭغە ، ئەي گۈل ، نەچچە گۇفتار ئەيلەدىم .

بىر كۆكۈل نا ئاشناغە ئۇچرادىم ،
بىلدىم ئەمدى پۇر جەفاغە ئۇچرادىم .
شۇم ئىكەن بەختىم مېنىڭ ، ئەي دوستلار .
ئول كۆكۈل نائاشناغە ئۇچرادىم .
كىرفىكى ئوقىدىن دەمى تاپماي ئەمان ،
تاكى ئوشۇل قاشى ياغە ئۇچرادىم .
شۇكرىلىللاھ چىقتىم ئۆيدىن ناگەھان ،
مەھۋەشى شىرىن لىقاغە ئۇچرادىم .
كۆرمەدىم بىردەم جەھاننىڭ راھەتىن ،
تاكى ئول نازۇك ئەداغە ئۇچرادىم .
نالۇيۇ ئەفغاندىن ئەمدى چارە يوق ،
كافىرى قاشى قاراغە ئۇچرادىم .
بارچە ئەل دەردىگە تاپىپدۇر دەۋا ،
مەنغۇ دەردى بىدەۋاغە ئۇچرادىم .
گەرچە كۆردۈم ، ئەي قەلەندەر ، كۆپ غەزەب ،
ئاقىبەت لۇتفۇ ئەتاغە ئۇچرادىم .

ۋەسفىڭ ئەيلەرمەن دەمى، ئاغزىمدا تا بادۇر تىلىم،
باغلادىم تا ئۆلگۈچە بۇ ئىشكە، ئەي دىلبەر، بىلىم.
تولدى ئىچىمدە تۈتۈن، باشىمدادۇر يۈزمىڭ شەرار،
كىمكى بۇ ھالىمنى كۆردى دېدى: «بۇ ئېرمىش ھەلىم.»
جان بېرۇر سۆز بىرلە ئاغزىڭ سائەدەك باردۇر قۇياش.
رەشك ئېتەر بۇ ئىككىسىدىن ئىيساۋۇ مۇسا كەلىم.
كەتمەگەي مېھرىڭ مېنىڭ باشىمدىن ئەي ھۇرى زەمان،
قىلسە بۇ گەردۇنى دون سۆڭەكلىرىمنى گەر رەمىم.
باردۇرۇر مېھرىڭىيا بىلمەم ساڭا، ئەي دىلرەبا،
كىم سېنى كۆرسەم سۆيۈنۈر تەندە بولسا ھەر قىلىم
مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەم بولدى نەسىھەت سۇبھۇ شام،
كىمگە بولسە، ئەي قەلەندەر، دانىشۇ تەبئى سەلىم.



بىھىشتىم ئولدۇرۇر ، جانا ، ئەگەر ئالدىڭدا ئولتۇرسام ،
نەچە شەھدۇ شەكەر سۆزلەر قىلىپ لەئلىڭنى كۈلدۇرسەم .
جەفايۇ جەۋر بىھەد بەسكى كۆردۇم بىۋەفالاردىن ،
چىقار جانىم مۇھەببەت ئاتىنى گەر تىلگە كەلتۇرسەم .
بۇدۇر مەتلەب ماڭا ، ئەي مەھۋەشى شوخى پەرىزادىم ،
رەقىبىمنى تەئەددى زۇلمى بىرلەن قىيناپ ئۆلتۇرسەم ① .
مىنىڭ چىقمايدۇ دەردىم ، ئەي قەلەندەر ، زەررەچە ھەرگىز ،
رەقىبى بەددىيانەتنى ئەگەر ئوت ئىچرە كۆيدۇرسەم .



① بۇ مىسرادا سۆزلەر ئالماشتۇرۇلۇپ ، «رەقىبىمنى قىيناپ زۇلمۇ تەئەددى بىرلەن ئۆلتۇرسەم» دەپ يېزىلغان . ۋەزىن تەلىپى بويىچە تۈزىتىلدى .

نە بولغاي دېسەڭ ، ئەي گۈلرو ، بىرەر ئەرزىڭنى مەن قولسام ،
كۆڭۈلدە قالمامىش ئەرمان ئەگەر ھەسرەت بىلە ئۆلسەم .
ۋىسالىڭدىن ماڭا بەسدۇر سېنىڭ ، ئەي مەھۋەشى ئالەم ،
ئەگەر بىر يەر يۈزىلە ① بىر فەلەكنىڭ ئاستىدا ئۆلسەم .
مۇرادۇ مەقسەدىم ھاسىل بولۇر ئولدەم جەھان ئىچرە ،
رەقىبنى بەندۇ بەندىدىن قىلىچ بىرلەن ئەگەر بۆلسەم .
مېنىڭ چىقمايدۇ دەردىم زەرەچە ھەرگىز مۇسۇلمانلار ،
رەقىبى شۇمنىڭ ساققالىنى بىر - بىر ئەگەر يۇلسەم .
«قۇلۇمسەنسەن ، قەلەندەر » دېسەڭ ، ئەي شوخى پەرىزادىم ،
بېھىشتى جاۋىدان كىرگەنچە بولغايمەن ئەگەر ئۆلسەم .

① يۈزىلە : قول يازمىدا «يۈزىنىلە» دەپ يېزىلغان .

سىنىڭ زالىملىقىڭنى بىلمەس ئىدىم ،
ئەگەر بىلسەم كۆڭۈلنى بەرمەس ئىدىم .
ئەگەر بىلسەم ساڭا كۆڭۈل تۇشەرنى ،
خوتەن شەھرىگە ھەرگىز كەلمەس ئىدىم .
ئەگەر بىلسەم ئىدىم سەن بىۋەفاسەن ،
سىنىڭ سارى كۆزۈمنى سالماس ئىدىم .
ئۆزۈمنى قىلماس ئىردىم مۇنچە رەسۋا ،
ئەگەر ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرمەس ئىدىم .
كۆڭۈل بەرگۈنچە سەندەك بىۋەفاغە ،
ئانى ئوتغە سالىپ كۆيدۈرمەس ئىدىم .
ئەگەر بىلسەم ماڭاكىم يوقتۇ مەيلىڭ ،
بارىپ ھەر كۈن سىنى مەن كۆرمەس ئىدىم .
سىنى گەر كۆرمەس ئىدىم ، ئەي پەرىزاد ،
خوتەن شەھرىدە بىردەم تۇرماس ئىدىم .
قەلەندەر يۈتماس ئىردى ھەر زەمان قان ،
پەرىۋەشلەر يۈزىگە باقماس ئىدىم .



قارىدىم بۇ جەھان ئىچرە قاچانچە شورۇ شەر قىلسام،
رەفىقىم ئەيلە تەۋفىقنى، بۇ فېئىلىمدىن ھەزەر قىلسام.
جەھان شاھى بولۇپ قەسرىمنى يەتكۈرسەم فەلەك ئۆزرە،
نې سۇد يەرگە كىرەرمەن ھەر نەچەكىم كەررۇ فەر قىلسام.
ئەجەل زەھرىنى ئىچمەكدىن كىشىگە يوقتۇرۇر چارە،
ئەگەر تۇتى سىفەت يېمەك غىزايىمنى شەكەر قىلسام.
بۇ دۇن پەرۋەرلەر ئىچرە ئېئتىبارىم بولماغاي ھەرگىز،
پەيەمبەر مۇئجىزى ئوخشە ئەگەر شەققۇل ـ قەمەر قىلسام.
قويۇپ بارغۇمدۇرۇر ئاخىرى بۇ دەھرى بىبەقا ھەرگىز،
يۈزىدۇر لەئلۇ گەۋھەر ………… ① سىيمۇ زەر قىلسام.
كۆزۈمنى ئاچغالى قويماس مىنى بۇ غەفلەتى دۇنيا،
بولۇرمەن لايىقى خىزمەت ئەگەر تائەت سەھەر قىلسام.
ئەگەر ئىبسادىن ئۆتسەم نەچچە مەنزىل يۇقارى تاڭ يوق،
قەنائەتنى ئۆزۈمگە، ئەي قەلەندەر، بالۇ پەر قىلسام.



① قول يازمىدا بۇ يەردىكى سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەن.

تۇشدە كۆردۇم سىزنى قۇچۇپ دىلبەرىم ،
رەڭگى رويۇم كەتتى ئۆچۈپ دىلبەرىم .
دەۋزەخى ئىلچىدە سىز بىزنى قويۇپ ،
باردىڭىز سىز باغقە كۆچۈپ دىلبەرىم ،
بارۇر ئېردىم ھەر زەمانى مىلك يولى ،
گەر قاناتىم بولسە ئېردى دىلبەرىم .
تۇشدە كۆرسەم شۇم رەقىبى بەستەنى ،
ئويغانۇرمەن تۇرفە چۆچۈپ دىلبەرىم .
گۇل يۈزۈڭنى ھەر زەمان ئەيلەپ خەيال ،
مەن ئالۇرمەن نەچچە مۇجىب دىلبەرىم .
تاكى سەن باردىڭ ، قەلەندەر قالدى زار ،
مىھنەتى ھەجرىڭنى قۇچۇپ دىلبەرىم .



خىزمەتىڭنى كۆردۈمۇ بىر ئىلتىپاتى كۆرمەدىم ،
شەربەتى لەئلى لەبىڭنى تۈشدە ھەم بىر كۆرمەدىم .
ئۆلگۈدەكمەن ئاقىبەت بۇ ھەسرەتۇ ئەرمان ئارا ،
گەۋھەرى مەقسۇدنى قولۇمغە بىر كەلتۈرمەدىم .
قىلمادىم كۆردۈم ئاچىلغۇڭ [ دۇر ]جەھاندا بىر كىشى ،
شۇم رەقىبنى ئۆلتۈرۈپ ئوتغە تەنىن كۆيدۈرمەدىم .
تا كۆڭۈل بەردىم ساڭا ، ئەي مەھۋەشى ھۇرى زەمان ،
راھەتى دەۋران يۈزىنى بىر زەمانى كۆرمەدىم .
ئۆتتى ئۇمرۇم ، ئەي قەلەندەر ، فۇرقەتۇ ھىجران بىلە ،
باغى ۋەسلىغە كىرىپ بىر سائەتى ئولتۇرمادىم .



سىنىڭ بىرلەن ئەگەر ئەھدۇ ۋەفا ، ئەي سىيمبەر ، قىلسام ،
نە ھاجەتدۇر ئۆزۈمنى پادىشاھى بەھرۇ بەر قىلسام .
مۇيەسسەر بولماغۇمدۇر گۇلشەنى ۋەسلىڭ تەماشاسى ،
كۆزۈمنىڭ نۇرىنى ھىجرانىڭا خۇنى جىگەر قىلسام .
مەگەر تاپغاي مىنى كۆڭلۈم دەمى ئاسۇدەلىق جانا ،
خوتەننىڭ شەھرىدىن دەردى فىراقىڭدىن سەفەر قىلسام .
بولۇر ھەر سەرۋى بىر ئوق ، ھەرگۇلى بىر داغى ھىجرانىم ،
ئەگەر گۇلزارى جەننەت سارى سەنسىز يارلىقەر قىلسام .
نە مۇشكىلدۇر مۇسۇلمانلار ئىشتمەسدۇر پەرىزادىم ،
فىغانۇ نالەدىن ئالەمنى گەر زىرۇ زەبەر قىلسام .
سىنىڭدەك بىۋەفادىن مەن ۋەفا كۆز تۇتماقىم ئانداق ،
ئىرۇركىم بىر گەدايىدىن تەمەئ لەئلۇ گۆھەر قىلسام .
مىنىڭ مىھرىم سىنىڭ ئانداقدۇرۇركىم ، ئەي دىلئارامىم ،
مۇسۇلمان بولمايىن جەۋرۇ جەفايىڭدىن گۇزەر قىلسام .
مىنىڭ جان تاپماقىم ئولدۇر نەسىب ئەتسە خۇداۋەندىم ،
تەسەددۇق خەستە جانىمدىن ساڭا ، ئەي سىيمبەر ، قىلسام .
مۇرادى مەقسەدى بۇدۇر قەلەندەرنىڭ جەھان ئىچرە ،
فىراقىڭ ئوقىغە كۆكسۈمنى ، ئەي دىلبەر ، سۇفەر قىلسام .



سىنىڭدەك بىۋەفاغە بىۋەفالىق قىلماقىم لازىم ،
پەرىۋەشلەرنى ئىستەپ يەنە بىرنى تاپماقىم لازىم .
سىنىڭدەك تاپماسام دىلبەر ئەگەر ، ئەي ھۆرى دەۋرانىم ،
خوتەننى تاشلاپ ئۆز شەھرىمغە يانىپ بارماقىم لازىم .
چىقىپ گەر بارماسام خوتەنگە ، ئەي خۆرشىدى تابانىم ،
رەقىبى شۇمى بەدرەك ھەسرەتىدىن ئۆلمەكىم لازىم .
ۋەفالىق چاغلادىم مەن بىلمەدىمكىم بىۋەفا ئىركەن ،
ۋەفاسىز ياردىن كۆڭلۈمنى ئەمدى ئۈزمەكىم لازىم .
ۋەفا ھەر نەچچە قىلدىم ، ھەر بىرىگە مىلڭ جەفا قىلدىڭ ،
مۇھەببەت رىشتەسىنى سەندىن ئەمدى ئۈزمەكىم لازىم .
ئۈزۈپ كۆڭلۈمنى سەندىن ، گەرچە بار سەن نادىرى دەۋران ،
يەنە بىر دىلرەبا بىرلەن مۇھەببەت تۈزمەكىم لازىم .



مەن ۋەفا ئەھلىدۇرۇرمەن بىر ۋەفادار ئىستەسەم ،
يوق سىنىڭدەك بىۋەفا شوخى ستەمكار ئىستەسەم .
تاپ ئۆزۈڭدەك بىۋەفانى سەن ئاڭا ھەم يار بول ،
مەن ئۆزۈمدەك رەھىملىك بىر يارى دىلدار ئىستەسەم .
گەر قىچىشسە قولۇم ئانىڭ دەفئىغە قەتل ئەتكەلى ،
شۇم رەقىبى بەد دىيانەت بىرلە ئەغيار ئىستەسەم .
ئول پەرى پەيكەر ياراتماي تاشلادى ئاخىر مىنى ،
بۇ كەساد ئىشقىمغە ئەمدى بىر خەرىدار ئىستەسەم .
يۈرسەم ئالەمنى ، قەلەندەر ، سەير ئېيتىپ باشىدىن ئاياغ ،
ئۆزۈم ئوخشە بىر غەرىبى سىينە ئەفگار ئىستەسەم .



« ئۇچرادى يولدا سەرۋى ئازادىم ،
دېدى : «يول بولسۇن » ئول پەرىزادىم .
شادۇ خۇررەم بولۇپ قىلىپ تەئزىم ،
دېدىم : «ئەي مەھۋەشۇ نىكۇزادىم .
تا جەھان بولسا ، ئەي پەرى ، پەيكەر ،
يوق مېنىڭ قۇللۇقۇڭدىن ئازادىم .
تا ساڭا بەردىم ، ئەي پەرى ، كۆڭۈل ،
كۆرمەدى كىمسە خاتىرى شادىم .
دېدى ئول گۇلرۇخ ئىلتىفات ئەيلەپ :
«مەن شىرىن ، سەن بۇ دەمدە فەرھادىم .»
كافىرى خەيبەر ئولسە رەھم ئەيلەر ،
گەر ئىشتىسە بۇ دادى بىدادىم .
دەرمەن ئۆزۈمنى پادىشاھ بولدۇم ،
گەر بەرار قىلسا ئول پەرى يادىم .
ھۇسن شاھى بۇ دەمدە بولۇپسەن ،
سەن ئىشت ئەمدى ئەرز ئىلە دادىم .
سەن جانىڭنى ، قەلەندەر ، ئەيلە فىدا ،
دېدى : «يول بولسۇن» ئول پەرىزادىم .▲

غەمىڭدىن ئۆلدۇم ، ئەي نامېھرىبان ، بىر گىنە سۆيمەسسەن ،
جەفاۋۇ جەۋر ـ زۇلم ئەتمەكدىن، ئەي گۇلچېھرە، تويماسسەن .
فىراقۇ رەشكۇ ھەسرەت ئوتىدا كۇل ئەيلەدىڭ جانىم ،
رەقىبى شۇمى بەدرەك تىرەسىنى نېگە سويماسسەن .
ماڭا لۇتفۇ تەرەھھۇم ئەيلەپ ، ئەي دىلبەر ، رەقىبىمنى
غەمۇ دەردۇ ئەلەم ، رەشك ئوتىنى جانىغە قويماسسەن .
رەقىب كۆرسە يۈزۈڭنى ① قان يۇتارمەن رەشكىدىن ھەردەم ،
نېگە خەنجەر بىلەن ، ئەي پۇر جەفا ، كۆزىنى ئويماسسەن .
فىراقىڭ چۆلىدە ئۆلگەي ② قەلەندەر سۇساپ ، ئەي دىلبەر ،
مۇھەببەت بادەسىدىن زەررەئى جانىغە قۇيماسسەن .



---

① رەقىب كۆرسە يۈزۈڭنى : قول يازمىدا « رەقىب كۆرەر يۈزۈڭدىن » دەپ يېزىلغان .

② بۇ سۆز قول يازمىدا «ئۆلەر» دەپ يېزىلغان ، ۋەزىن تەلىپى بىلەن ئۆزگەرتىلدى .

قاچانكىم زۇلفى مۇشكىگىنكى سەن ھەر تاب ئەيلەرسەن ،
يۈرەكلەر تاش ئەگەر بولسۇن ئانى سىماب ئەيلەرسەن .
نەچۈك مەن ئۆلمەيىن دەردۇ غەمىڭ رەشكى ئىلە ھەسرەتدىن ،
رەقىبلەرنى ئۆزۈڭگە① مۇنىسۇ ئەھباب ئەيلەرسەن .
نە ئېركىن مەقسەدىڭ بىلمەم مەن ، ئەي خۇرشىدى تابانىم،
سالىپ زۇلفۇڭ بىلە تاب بارچەنى بىتاب ئەيلەرسەن .
گۇناھىم نې ئىكەن بىلمەم مەن ، ئەي سەرۋى خىرامانىم ،
مېنى ، ئەي رۇستەمى بىدادگەر سۇھراب ئەيلەرسەن .
غەزەب بىرلە چىقىپدۇرسەن ، قەلەندەر قورقادۇر بىھەد ،
ئەجەب گۇلگۇن قەبانى قەتل شەيخۇ شاب ئەيلەرسەن .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «ئۆزىگە» دەپ يېزىلغان .

قالمادى دەردۇ غەمىڭدىن تەندە جانىم ، قايداسەن ،
جان لەبىمغە يەتتى ، ئەي زالىم نىگارىم قايداسەن .
ئالغالى كەلدى جانىمنى ھەجرىڭ ، ئەي سۇلتانى ھۇسن ،
بارچە خوبلار سەرۋەرى ، ئەي نامدارىم قايداسەن .
سەنسىزىن بىلمەم ئۆزۈم بەلكىم ئۆلۈك يا مەن تىرىك ،
بائىسى ئۇمرى ئەزىزۇ ئىفتىخارىم قايداسەن .
نې كۆزۈمدە باردۇر ئۇيقۇ بەلكى يوق جىسمىمدا جان ،
ھەسرەتۇ غەمدىن ئۆلەرمەن غەمگۇسارىم قايداسەن
نالەۋۇ ئەفغان بىلە يىغلار قەلەندەر زار - زار ،
دېمەدىڭ لۇتفۇ كەرەمدىن دىلفىگارىم قايداسەن .



مۇھەببەتدىن بىرەر ، گۈلچېھرە ، سەن كۆڭلۈمنى ئالماسسەن ،
كەرەمدىن بىر نەزەرنى بۇ قۇلۇڭ سارىغە سالماسسەن .
سەنەۋبەر ئاجىزۇ ئاسرايدۇ يۈز كۆڭلۈڭ ، ئەي زالىم ،
نېدىن بىر گىنە كۆڭلىنى سەن ، ئەي گۈل ، ئاسرا ئالماسسەن .
جەفاۋۇ جەۋر - زۇلمۇڭ ماڭا بولدى گويىيا قىسمەت ،
ماڭا مىڭ جەۋر قىلساڭ شۇم رەقىبغە بىر قىلالماسسەن .
نې ئېركىن مەقسەدىڭ بىلمەم مەن ، ئەي شوخى پەرىزادىم ،
نەچە ئەرز ئەيلەسەم ئەرزىمنى سەن بىر پۇلغە ئالماسسەن .
مۇرادىڭ نېدۇرۇر ، ئەي دىلبەرى خۇرشىدى تابانىم ،
رەقىبى شۇمنىڭ باشىنى تىغىڭ بىرلە ئالماسسەن .
ماڭادۇر نەچچە بەيت يارىم ۋەيا يانىپدۇرۇر بەختىم ،
جەفاۋۇ زۇلمدىن جانىمغە قىلماقدىن دەم ئالماسسەن .
قەلەندەردەك بولۇرمەن دەپ مۇھەببەت سارى سەن ماڭساڭ ،
مۇھەببەت تەبلىنى ، ئەي بۇلھەۋەس ، ھەرگىز چالالماسسەن .



فىراقىڭدىن ئىچىمدە ئوت ، نىگارا ، تا قاچان يانسۇن ،
تەسەددۇق ئەيلەسۇن بۇ تەننى ساڭا ئەمدى ئۆرتەنسۇن .
بۇ قاشۇ يۈزۈ كۆزلۈڭنى خۇدا خەلق ئەتتى قۇدرەتدىن ،
مۇسۇلمان يوقتۇ سەندىن ھەر كىشى تا ئۆلگۈچە تانسۇن .
بولۇپدۇر ھالەتى نەرئەم ① مەدەد قىل تالىئىم كىرگەي ،
بىرەي جانانغە جانىمنى ئەجەل نەۋمىد بولۇپ يانسۇن ،
دېگىلكىم جەننەتى فىردەۋس ئەئلانى مەكان تۇتتى ،
ئىشىكىڭنى سېنىڭ ، ئەي دىلرەبا ، ھەركىمكى ياستانسۇن .
سۇ ساپ قالىپدۇرۇر يولغە ، قەلەندەردۇر قۇلۇڭ ، رەھم ئەت ،
ئاڭا بەر شەربەتى لەئلىڭنى ، جانا ، تويغۇچە قانسۇن .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «نرعم» شەكلىدە يېزىلغان ، مەنىسىنى ئېنىقلاشقا بولمىدى .

مەندەك ئىشق ئوتىدا كۆيگەن بارمۇكىن ،
دەردۇ مىھنەت كۆزىن ئويغان بارمۇكىن ؟
ھەجر ـ فۇرقەت شىددەتىن بىھساب ،
جانىدىن ھەر لەھزە تويغان بارمۇكىن ؟
يۈرەكىدىن داغى ھەسرەت ھەر زەمان ،
ماڭا ئوخشە تولا قويغان بارمۇكىن ؟
دىلرەباسىنىڭ لەبى جان بەخشىدىن ،
تۈشىدە بىر گىنە سۆيگەن بارمۇكىن ؟
ئىككى كۆزىدىن قەلەندەردەك مۇدام ،
جەيھۇن ئوخشە ياشنى ① قۇيغان بارمۇكىن ؟



① ياشنى : قول يازمىدا «تاشنى» دەپ يېزىلغان .

يۈرەكىم قان بولۇپ ئاقتى ①، بىرەر ھالىمنى سورمايسەن،
رەقىبلەرنىڭ قاتارىدا مېنى، ئەي شوخ، كۆرمەيسەن.
پەرىشان ئەيلەمە زۇلفۇڭ، پەرىشان بولماسۇن ھالىم،
بۇ ھالىمنى كۆرۈپ زۇلفۇڭ نېگە، دىلدار، ئۆرمەيسەن.
بۇ دۇرمۇ ھۆسن ئېلىنىڭ مەزھەبى. ئەي دىلبەرى رەئنا،
نەچەلەر ۋەئدە قىلدىڭ بىرىگە، ئەي يار، تۇرمايسەن ②.
ساڭا بەرگەن بۇ دەۋلەتنى خۇدا ھېچكىمگە بەرمەپدۇر،
نېگە بۇ دەۋلەتى ھۆسنۇڭنى سەن سەرشار سورمايسەن.
نې ئېركىن مەقسەدىڭ، جانا، گۇناھىم بىلمەدىم ھەرگىز،
كۆزۈمگە جىلۋە ئەيلەپ، ئەي پەرى رۇخسار، يۈرمەيسەن.
تۇشۇمدە كىردى ئول خۇرشىدى تابان خىرام ئەيلەپ،
تۇشۇڭنى فەخر ئېتىپ ئەلگە، قەلەندەر، نېگە ئۆرمەيسەن.



① يۈرەكىم قان بولۇپ ئاقتى: قول يازمىدا «يۈرەك قان بولدى ئاقتى» دەپ يېزىلغان.
② تۇرمايسەن: قول يازمىدا «توبىمايسەن» دەپ يېزىلغان.

كۆكسۈمنى تۇتتۇم ئوقىغە ، ئوق ئاتتى ئول نامېھرىبان ،
ئوقىغە كىم قىلدىم مەگەر گەردۇن قۇياشىنى نىشان ،
بۇ قاشۇ يۈز بىرلەن ئەگەر مەھشەردە كۆرسە گەر ئانى ،
ئۆز قۇدرەتىغە ئافەرىن ئەيلەر خۇدايى لامەكان ،
قىلدىم جەھاننىڭ سەيرىنى كۆردۈم پەرىۋەشلەر بارىن ،
پاكلىك ئۈنىڭدەك ① كۆرمەدىم ھەر نەچچە قىلدىم ئىمتىھان .
فەرھادۇ مەجنۇن كۆرمەگەن ، ھىجرانىدا مەندەك كۆيمەگەن ،
كۆڭلى قاتىغراق خارەدىن لېكىن ئېرۇر شىرىن زەبان .
باردۇر مۇرادى مەقسەدىم ۋەسفىنى دەفتەرلەر قىلاي ،
نېتەي قارىلىق (يەتتىكىم) بەرمەس ② ئەجەل ئەمدى ئەمان .
ھۇرۇ پەرىغە بىر نەزەر قىلماس قەلەندەر ئۆلگۈچە ،
ئەمما نېتەي بىر پۇرجەفا باردۇر ئەجايىب بەدگۇمان .

① ئۈنىڭدەك : قول يازمىدا «ئولدەك» دەپ يېزىلغان .

② بەرمەس: قول يازمىدا «ئېرمەس» دەپ يېزىلغان .

ئەي مۇسۇلمانلار مىنىڭ ھالىمغە رەھم ئەيلە بۇكۈن ،
ھەجرۇ فۇرقەتدىن بولۇپدۇر ھالەتىم ھەددىن زەبۇن .
دىمەگىز باردۇر پۈتۈن كۆڭلۈم مىنىڭ ، ئەھبابلار ،
تەگسە مۇنچە غەم تاشى ئول شىشە قالۇرمۇ پۈتۈن .
كەتمەگەي كۆڭلۈمدىن ھەرگىز مىھرى رۇخسارىڭ سىنىڭ ،
ئەيلەسۇن تۇفراق تەنىمنى ، خەرج ھەم قىلسۇن پۈتۈن .
مۇنچە ئۆچ ئولماق فەلەك ئىشق ئەھلىغە بىلمەم نىدۇر ،
قىسقە قىلدى سۇبھى ۋەسلىن ، شامى ھىجرانىن ئۇزۇن ،
ئەيلەدىڭ مەجنۇن ، قەلەندەرنىڭ ① قارىلىق چاغىدا ،
مەقسەدىڭ نىدۇر ، فەلەك ، ياشلارغە سەن قىلدىڭ ئويۇن .



① بۇ سۆز قول يازمىدا «قلندرسک» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان .

ئاتلانىپ چىقسە نىگارىم ناز ئىلە گۇل باغدىن ،
كىم چىقارالماس قۇياش باشىنى مەشرىق تاغدىن .
تىشلارىڭ تەڭ كۆرسە ئېردىلەر ئەگەر دۇررۇ گۇھەر ،
چىقماس ئېردىلەر خىجالەتدىن سەدەف قۇرساقدىن ،
قولغە كەلتۈرمەك مەھال ئېرمىش دۇرى مەقسۇدىنى ،
كىم مىنىڭدەك ئوشۇرۇپ قويسە قەدەم ئۇرچاغدىن .
كۇلبەمە قويساڭ قەدەم گەر لۇتف ئىلە ، تەييار ئېتەي ،
مەيى جانىم شىرەسىدىن ، شەمئىنىڭ كۆز ياغدىن .
ئەي كۆڭۈل ، قىلما شىكايەت يار جەۋرۇ زۇلمىدىن ،
جانۇ دىل راھەت تاپار دىلدار دەردۇ داغدىن .
بەرسە ئېردى ھەقتەئالا قۇدرەتۇ قۇۋۋەت ماڭا ،
ئۆتكەرۇر ئېردىم قامۇشلار شۇم رەقىب تىرناغدىن .
بىرلەشىپ ئېركەن قەلەندەر جانۇ كۆڭۈل يار ئىلە ،
نې بەلا ، مۇشكىل ئىكەن ئايرىلسە جان ئورتاغدىن .



سېنىڭ ھىجرانىڭە تاڭ ئاتغۇچە ، ئەي يار ، يىغلارمەن ،
ياقامنى چاك ئېتىپ ، ھەسرەت بىلە بىسيار يىغلارمەن .
بىرەر لۇتفۇ كەرەمدىن رەھىم ئېتىپ ھالىمغە باققايسەن ،
نەچە دەردۇ غەمىڭدىن ، ئەي مەھى تەررار ، يىغلارمەن .
نې بولۇر شەفقەتىڭدىن بىر گىنە يۈزۈڭنى كۆرسەتسەڭ ،
فىراق ـ ھەجرىڭە بۇلبۇلدەككى ، ئەي گۈلزار ، يىغلارمەن .
كېلۇر كافىرنى رەھمى گەركۆرەر بولسا بۇ ھالىمنى ،
رەقىبىڭ رەشكىدىن ھەر سائەتى خۇنبار يىغلارمەن .
كۆرۈپ مەن تا جەمالىڭنى سېنىڭ ، ئەي لەيلىئى دەۋران ،
ئىشقىڭدە بولۇپ مەجنۇن قەلەندەرۋار يىغلارمەن .①



① يىغلارمەن : قول يازمىدا «يىغلارسەن» دەپ يېزىلغان .

جەھان گۇلزارىدا بىر مەھۋەشى شىرىن زەبان سەنسەن ،
قۇياشنىڭ رەشكىيۇ ھۇرۇ پەرى سىيمى بەدەن سەنسەن ،
ئەجەب ئىرمەسكى تۇندەلىكنىكىم سەن ئەلگە سالدۇرساڭ ،
گۇلىستانى ئىرەم باغىدا سەرۋۇ ياسىمەن سەنسەن .
ساڭا بەرمەي كۆڭۈل نېتكەي خەلايىق ، ئەي مەھى دەۋران ،
پەرىزادى زەمانۇ دىلرەباۋۇ گۇلبەدەن سەنسەن .
ساڭا كىم بەرمەسە كۆڭۈل بەشەرنىڭ جىنسىدىن ئىرمەس ،
بەدەخشان لەئلىسى ھەم گەۋھەرۇ دۇررى ئەدەن سەنسەن .
نېچۇنكىم بولماسۇن ئالەم مۇئەتتەر چىقساڭ ئۆيۈڭدىن ،
ئىپارۇ ئۇدۇ ئەنبەر ، سۇنبۇلۇ مۇشكى خوتەن سەنسەن .
تاڭ ئىرمەسدۇر قەلەندەر رەشكىدىن پەرۋانەدەك كۆيسە ،
نېدىنكىم دەھرنىڭ بەزمىدە شەمئى ئەنجۇمەن سەنسەن .



گۈلرۇخۇم بىرلەن ئىچشىم جامى گۈلگۈندۇر بۇ كۈن ،
ئىشرەتىم جەمشىدۇ ئىسكەندەردىن ئەفزۇندۇر بۇ كۈن .
ۋەسل باغىدا نىگارىم ئەيلەگەچ كۆپ ئىلتىفات ،
سۆزنى جۇشى كۆڭلۈمە دەريايى جەيھۇندۇر بۇ كۈن .
گۈلشەنى دۇنيادا تا قويدۇم قەدەم يۈز شۇكرىكىم ،
رەشك ، ھەسرەتدىن رەقىبىنىڭ يۈرەكى قاندۇر بۇ كۈن .
لۇتفىدىن ئەز بەسكى قىلدى دىلبەرىم كۆڭلۈمنى شاد ،
ئالدىمە شاگىردىم ئوخشە يۈز فلاتوندۇر بۇ كۈن .
سىنى مەن ۋەسف ئەتكەلى ، ئەي دىلرەبا ، سۇردۇم قەلەم ،
سۆزلەرىم باشدىن ئاياغى دۇررى مەكنۇندۇر بۇ كۈن ،
تاكى بەردى ، ئەي قەلەندەر ، لۇتفىدىن جامى مۇراد ،
تالئىمنىڭ زىرى دەستى چەرخى گەردۇندۇر بۇ كۈن .



ئەگەر گۈل بىرلەن ئولتۇرسام دەمى غەمناك ئەيلەرمەن ،
ۋەگەر غۇنچە بىلە بولسام گىرىبان چاك ئەيلەرمەن .
فەلەك بەختىمنى ئەيلەپدۇر قارا ئانداق ، مۇسۇلمانلار ،
ئەگەر كىم قارغە باقسامەن ئۇشۇلدەم زاك ئەيلەرمەن .
مۇيەسسەر بولماغاي ۋەسلىڭ ماڭا ، ئەي دىلبەرى زالىم ،
فىراقىڭدىن ياقامنى ھەر زەمانى چاك ئەيلەرمەن .
ئەگەر بەرسۇن خۇداۋەندىم ئەگەر ئۆز لۇتفىدىن قۇدرەت ،
رەقىبىنىڭ يىلدىزىنى يەر يۈزىدىن پاك ئەيلەرمەن .
قەلەندەرنىڭ قىلىپدۇر تەلخ كامىنى فەلەك ئانداق ،
شەكەرنى ئاغزىمەﷺالسام ئەگەر تەرياك ئەيلەرمەن .



كىلۇر بولسە ماڭا گەر مىھنەتۇ دەردۇ مۇڧىد ئاندىن ،
تاڭ ئېرمەستۇر تىرىلسە ، كەلسە ئۆلۈككە نەۋىد ئاندىن .
ئۇنەر باسقان ئىزىدىن جان گۇلى ، جەننەت ئارا كىرسە ،
مەھال ئېرمىش كىلۇر دەپ كۇلبەمە ، تۇتسام ئۇمىد ئاندىن .
خۇدايىمنىڭ ئەزىزراق ھېچ ئانىڭدەك بەندەسى يوقتۇر ،
شەقى بولسە قۇلى ، تاڭ يوق ئەگەر بولسە سەئىد ئاندىن .
جەفايۇ جەۋر تاشىدىن قاچۇرماسمەن باشىم ھەرگىز ،
نەھۇكمى قىلسە جان بىرلەن ئېرۇرمەن مۇستەفىد ئاندىن .
نە ئېركىن مەقسەدى بىلمەم ، قەلەندەر ، ئول پەرىۋەشنىڭ ① ،
قۇلىغە كەلمەدى نامە بولۇپ ۋەقتى مەدىد ئاندىن .



① پەرىۋەشنىڭ : بۇ سۆز قول يازمىدا «پەرىۋەشدىن» دەپ يېزىلغان .

ماگا ياله‌پدۇرۇر كىرفىك ئوقىن بىر نه‌رگىسى مه‌ئشۇق ①،
دېمه‌ن ده‌ۋله‌ت قۇشى كېلۇر بولۇرغه كۆڭلۈمه مه‌قرۇن .
سېنىڭ هۇسنۇڭ قارىنى نه‌ۋجه‌ۋان ئه‌تسه ئه‌جه‌ب ئېرمه‌س ،
ئېرۇر مه‌شهۇر جه‌هاندا كىمىيا مىسنى قىلۇر ئالتۇن .
يۈره‌ك قان بولدىيۇ ئاقاردى كۆزۈم ئىنتىزارىدىن ،
له‌بى له‌ئلى به‌ده‌خشاندۇر ، تىشىدۇر گه‌ۋهه‌رى مه‌كنۇن .
فىراقىدا ئاقار بىهه‌د ئىكى كۆزۈم ياشى تۇرماي ،
ئانى كۆرگه‌ن گۇمان ئه‌يله‌ر بىرى سه‌يهۇن ، بىرى جه‌يهۇن .



① مه‌ئشۇق : بۇ سۆز غه‌زه‌لنىڭ كېيىنكى مىسرالىرى بىله‌ن قاپىيداش ئه‌مه‌س ، كاتىپ-
نىڭ سه‌هۋه‌نلىكىدىن يه‌گگۈشلىنىپ كه‌تكه‌ن بولسا كېره‌ك .

ئايتىڭ ئول زالىمغەكىم زۇلمىن ماڭا تاتۇرماسۇن،
ھەجرۇ فۇرقەت ئوتىدا مۇنچە مىنى كۆيدۇرمەسۇن.
ئەي مۇسۇلمانلار، ئاڭا پەندى ـ نەسىھەت بىرلە دەڭ،
زۇلم ئىلە جەۋرۇ جەفاسىنى ماڭا ئۆستۇرمەسۇن.
دەۋزەخى ئوتىدا قىلماس تاقەتۇ سەبرۇ قەرار،
ھەجرۇ فۇرقەت ئوتىدا ھەركىم مىنى كۆيدۇرمەسۇن.
دىسە بولغاي ئول كىشىنى ساھىبى ئەھلى خىرەد،
تاتىرىكدۇر ئەھد قىلغان بولسە ئول سىندۇرماسۇن.
گەۋھەرى مەقسۇدىنى ئالەمدە تاپماقدۇر مەھال،
ماسىۋادىن ① كوڭلىنى ھەرگىزمۇ[ ئول ]تىندۇرماسۇن.
تائەتۇ خەيرى سەخا بۇ ئەل رىيايى ئەيلەمىش،
ئەھلى تەقۋا ئولدۇرۇر نەقۋاسىنى بىلدۇرمەسۇن.
ناسىھا، ئايتغىلكى[ ئول ] قىلسۇن بەرى لۇتفۇ كەرەم،
جەۋر ـ زۇلمى قەتل ئىشىغە ئۆزىنى كۆيدۇرمەسۇن.
تاپماغاي ھەرگىز شەرابى ئەنتەھۇرنىڭ لەززەتىن،
بىر پەرى پەيكەر لەبىدىن بىرگىنە سۆيدۇرمەسۇن.
قىلماغاي ئىرشادىنى ھىچكىم جەھاندا ئىئتىبار،
تاپماغاي ئىشقى مۇھەببەت خەتغە قوقادۇرماسۇن ②.
ئەي مۇسۇلمانلار، ئاڭا ئايتىڭ قەلەندەر ھالىنى،
شۇم رەقىبغە لۇتف ئىتىپ، بىچارەسىن ئۆلتۇرمەسۇن.

---

① ماسىۋادىن: قول يازمىدا «ماسۋادىدىن» دەپ يېزىلغان.

② قوقادۇرماسۇن — بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، ئەينەن ئېلىندى.

قان يۇتارمەن ھەر زەمان بىر لەئىل شەككەر بار ئۈچۈن ،
نۇن بولۇپدۇر قامەتىم بىر سەرۋى خۇش رەفتار ئۈچۈن .
مىھنەتۇ دەردۇ غەمدىن يوقدۇرۇر بىردەم قەرار ،
ئوت تۇشۇپدۇر ئىچىمە بىر نەرگىسى بىمار ئۈچۈن .
نالەۋۇ ئەفغاندۇرۇر ئىشىم ھەمىشە زار ـ زار ،
بۇلبۇلى نالان دۇرۇرمەن بىر گۇلى رۇخسار ئۈچۈن .
بۇ جەھاننىڭ ئىچىدە ئازادەئى دەۋران ئىدىم ،
قۇل بولۇپدۇرمەن بۇ دەم بىر شوخى خۇش گۇفتار ئۈچۈن .
ئۆلگۈدەكدۇرمەن قەلەندەر دەردى غەمدىن ئاقىبەت ،
شۇم رەقىبىنىڭ رەشكىدىن ھەم ھەسرەتى ئەغيار ئۈچۈن .▲

نې ئۇمىدى رەھم ئېتەي ئول دىلبەرى ئەييارەدىن ،
كۆڭلى قاتتىغراق ئېرۇر ئول گۇلى سەڭگى خاردىن .
فۇرقەتى ھەجرىڭدە ئۆلدۇم ئەي پەرىزادى زەمان ،
سورمادىڭ نېلەر ئۆتەر بۇ يۈرەكى سەدپارەدىن .
كىمگە دەي دەردۇ غەمى ھىجرىنى ئەي پەرۋەردىگار ،
نېلەر ئۆتتى جانىمە ئول كۆزۇ قاشى قارەدىن .
بولدى مۇددەتلەر مېنىڭ سارىغە جانا باقمادىڭ ،
نې گۇناھ ئۆتۈپدۇرۇر بۇ ئاجىزى بىچارەدىن .
كۆرسە گەر ھالىم مېنىڭ شەددادى دەۋران رەھم ئېتەر ،
بولمادى رەھمى ماڭا ئول شوخ گۇل رۇخسارەدىن ،
قېرىدىم مەن خىزمەتىدە ئول گۇلى نەۋرەستەنىڭ ،
كۆرمەدىم لۇتف كەرەم ئول مەھۋەشى مەككارەدىن .
يىغلادى دەردۇ غەمىڭدىن ، ئەي ، قەلەندەر زار – زار ،
ئىلتىفاتى بولمادى ئول دىلبەرى مەھ پارەدىن . ▲



خەستەدۇر كۆڭلۇم مېنىڭ بىر نەرگىسى بىماردىن ،
بۇلبۇلى مەھزۇن بولۇپ مەن بىر گۇلى رۇخساردىن .
ئەي مۇسۇلمانلار مېنىڭ ھالىمغە سىز رەھم ئەيلەگىز ،
تۇتىدەك زار يىغلارەم بىر لەئلى شەككەر باردىن
بىر پەرىزادى جەھانىنىڭ ھەر زەمان ھىجرانىدە ،
قان تۆكەرمەن بىنەھايەت دىدەئى خۇنباردىن .
قان بولۇپ ئاقتى يۈرەكىم دەردى غەمدىن ھەر سارى ،
بولمادى رەھمى ماڭا ئول زالىمى ئەيياردىن .
يىغلاماي نىتكەي قەلەندەر ھەر زەمانى زار ـ زار ،
بىر دەمى چىقماس خەيالى سىنەئى ئەفكاردىن . ▲



ئاچقىل ئول گۈللۈك ئىشىكىنى بىر كۆرەي ، ئەي باغبان .
كۆرمەسەم ئول گۈل يۈزىنى ئىشىمدۇرۇر ئاھۇ فىغان .
فۇرقەتىڭدىن بولدى قەددىم ، ئەي پەرىۋەش ، تالىدەك ،
كىم يۈزۈمگە باقتى ، دەر : بۇ يۈز ئەمەس ئېرمىش سامان .
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ رەھم قىلغىل جانىمە ،
مېھنەتى دەردۇ غەمىڭ بىر لەھزە بەرمەيدۇ ئەمان .
مۇنچە يىغلاتماقدىن ، ئەي گۈلچېھرە ، قەسدىڭ بىلمەدىم ،
كۆرسە ھەركىم كۆز ياشىمنى دەركى : ئېرمىشدۇر قىيان .
رەھم ئېتىپ باقغىل بىرەر جانا قەلەندەر ھالىغە ،
مېھنەتى دەردۇ غەمىڭ بىرلەن بولۇپدۇر تەۋ ئەمان . ▲



............................................................

............................................................

نې ئۇچۇن مەن قىلمايىن ئۇيقۇنى كۆزۈمدىن ھەرام،
كۆمەگەندۇر ھېچ كىشى ھەرگىز خەرىدار ئۇيقۇسىن.
ئۆزگەلەرگە شادۇ خەندان باردۇر ئىشرەت ئۇيقۇغە،
كەلتۇرۇر كۆرسە مېنى كۆزگە بىكار ئۇيقۇسىن.
بىزنى كەتسۇن دەپ چىقىپ كۆزنى سالمىش ئۇيقۇغە،
............................................................ ①. ▲



① ئەسلى نۇسخىدا بۇ شېئىرنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق، ئەينى پېتى ئېلىندى.

نا گەھان (كەلدىڭ) كى ئەفسۇس، ئەفسۇس ئەي خۇرشىد جەھان،
ئەيلەدىڭ بۇ شەھرى چىننى گۇيىيا باغى جىنان.
كىمكى كۆردى ئىسمەتىڭنى ياكى ئىشتىنى دېدى:
پاكلىك بابىدا سەن ـ سەن مەريەمى ئاخىر زەمان.
لەبلەرىڭدۇر، لەئلۇ تىشىڭ گەۋھەرى سىيرابىدۇر.
يوقتۇرۇر مىسلىڭ سېنىڭ، ئەي مەھۋەشى بىلقىس نىشان.
نې ھەدى باردۇر پەرىيۇ ھۇر تەڭ بولسۇن ساڭا،
بار ئۇلار يەر بىرلە تەڭۇ سەن ئېرۇرسەن كەھكەشان
مەن قۇلۇڭدىن ئارى قىلمە كەھرەبا سارىغە باق،
ئاشىقىن تارتار ئۆزىغە گەرچە ئۇل باردۇر سامان. △



قەدىڭ سەرۋى خىرامانىدىندۇ مەۋزۇن ،
يۈزۈڭ خۇرشىدى تاباندىندۇ ئەفزۇن .
سىنى تا كۆردۈم ، ئەي سۇلتانى خوبان ،
يۈرەكىم پارە كۆزۈم باردۇ پۇرخۇن .
بىرىپ مەن تا كۆڭۈلنى ساڭا ئەي شوخ ،
بولۇپدۇر كۆزلەرىم سەيھۇنۇ جەيھۇن
ئىرەمنىڭ باغىدۇر ، خوبلارنى شاھى ،
سىنىڭ كويۇڭنىڭ ئالدىدا دۇ ھامۇن
قەلەندەر دىلبەرىڭ ئەزبەس غەنىدۇر ،
ئېرۇر ئول دايىنۇ خوبلاردۇ مەديۇن .△



مېنىڭدەك كىمگە بەردى تەڭرى دەۋران ،
كى قىلغاي دىلبەرى ئۆيىگە مېھمان .
بارى ئەلنى ئەگەرچە قۇل قىلىپسەن ،
بىرسى يوق مېنىڭدەك بەندە فەرمان .
جەھان رەۋشەن بولۇر چىقساڭ ئۆيۈڭدىن .
يۈزۈڭ قۇياشمىدۇر يا ماھى تابان .
نېدۇر مەقسۇدۇڭ ، ئەي ھۇرى زەمانە ،
يۈرەكىم ئەيلەدىڭ باغرىم بىلە قان .
نېچۈك گەردۇنغە يەتمەيدۇر فىغانىم ،
قويۇپسەن يۈرەكىمگە داغى ھىجران .
بۇ لۇتفۇ ئىلتىفاتىڭدىن قەلەندەر ،
سۆيۈنۈپ ئاز ئېرۇر بەرسەم ئەگەر جان .△



قىلدى مېھمان بىر كېچە موللا زەمان ،
بار ئىكەن بارچە بېخىللاردىن يەمان .
تارتتى ئاتىمنىڭ كۆزى ئاڭ ئاتقۇچە ،
تاپمادى ئىستەپ كۆزىگە بىر تال سەمان ①. △



① ئەسلى قول يازمىدا «قويغالى ئىستەپ كۆزىگە تاپمادى بىر تال سەمان» بولۇپ ، نەشىرگە تەييارلاشتا «قويغالى» دېگەن سۆز قىسقارتىلغان .

ئەي پەرى پەيكەر ساڭا تا ئاشنا بولدۇم بۇ كۈن ،
مېھنەتۇ جەۋرۇ جەفاغە مۇبتەلا بولدۇم بۇ كۈن .
گۇلشەنى گۇلزار ۋەسلىڭنى تەماشا قىلغالى ،
پەيرەۋى ھەم ھەمدەمى بادى سەبا بولدۇم بۇ كۈن .
تا سېنىڭ دەردۇ غەمىڭنى ھەق ماڭا قىلدى نەسىب ،
ئەيشۇ ئىشرەت بىلە راھەتدىن جۇدا بولدۇم بۇ كۈن .
كۆرۈپ ئەي خۇرشىد تابانى جەھان ئارا يۈزۈڭ ،
بارچە خوبلاردىن ئۆزۈپ كۆڭۈل سەۋا بولدۇم بۇ كۈن .
شۇم رەقىب سەگكە قىلدىڭ تا سەن ، ئەي گۇل ئىلتىفات ،
ئۆلمەكىگە رەشكىدىن جانا رىزا بولدۇم بۇ كۈن .
ئەي پەرىزادى زەمانىم ، تا ماڭا مەيل ئەيلەدىڭ ،
فەخر ئېتىپ دەرمەن بۇ دەم ئاھەنرەبا بولدۇم بۇ كۈن .
دەۋلەتى ھۇسنۇڭدىن ئەي گۇلچېھرەئى شەمسۇ قەمەر ،
بارچە ئىشق ئەھلى ئارادە پىشەۋا بولدۇم بۇ كۈن .
تاپتى ئەل بەرگۇ نەۋا دىلدارىدىن ئۇششاق ئارا ،
مەن سېنىڭ ئىشقىڭ غەمىدىن بىنەۋا بولدۇم بۇ كۈن .
مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي لەيلى شىرىن كارى دەھر ،
مەجنۇن ئوخشە سۆزلەمەككە بىئەبا بولدۇم بۇ كۈن ①.
تاكى بولدۇم ئەي قەلەندەر ئول پەرىۋەشنىڭ قۇلى ،
بۇ شەرەفدىن ساھىبى تاجى قەبا بولدۇم بۇ كۈن . △



① ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدىكى قول يازمىدا غەزەلنىڭ بار بولسىمۇ ، بىراق بۇ غەزەل مىسرالىرىنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ سانىغاندا ، 5 ـ ، 8 ـ مىسرالار مەزكۇر قول يازمىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن دىۋانغا كىرگۈزۈلمىدى .

سەن ئېرۇرسەن گۈلشەنۇ باغى چەمەن ،
مەن ئېرۇرمەن بۇلبۇلۇڭ ئەي سىيىم تەن .
لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشانىدۇرۇر ،
تىشلەرىڭ دۇر گەۋھەرى دۇررى ئەدەن .
قامەتىڭدۇر سەرۋى گۈلزارى بىھىشت .
خەتتىنۇ زۇلفۇڭ سۇنبۇلۇ ھەم ياسىمەن .
يۈزمۇدۇر يا باردۇرۇر شەمسۇ قەمەر ،
خالمۇدۇر يا باردۇرۇر مۇشكى خوتەن .
ئەي قەلەندەر ، ئەمدى سەن پەرۋانە بول ،
دىلبەرىڭ بولۇپدۇ شەمئى ئەنجۇمەن . △



ئۆيۈڭدىن چىقساڭ ئەي خۇرشىدى تابان ،
قۇياش بولۇر بولۇت ئىچىندە پىنھان .
لەبىڭ لەئلۇ تىشىڭدۇر دۇررى گەۋھەر ،
قەدىڭدەك يوقدۇرۇر سەرۋى خىرامان .
لەبىمغە يەتتى جانىم ، سەن كىرىپ ئال .
ئەجەل شەرمەندە بولۇپ قالسە ھەيران .
ئۆزەر مەندىن كۆڭۈل دەپ ، قىلماغىل زۇلم ،
كى سەندىن ئۆزمەكىم كۆڭۈل نى ئىمكان .
نې قىلدىم ساڭا ، ئەي ھۇرۇ پەرىۋەش ،
يۈرەكىم بىلە باغرىم ئەيلەدىڭ قان .
تىلەرمەن دەۋلەتۇ ئۇمرۇڭنى ھەردەم ،
مېنىڭ ئۆلتۈرمەكىمدۇر ساڭا ئارمان .
تىرىك قويماس كىشىنى بىر زەمانى ،
نەسىب ئەتمە ، ئىلاھا ، داغى ھىجران .
قەلەندەرغە بۇيۇرغىل خىزمەتىڭنى ،
قۇلۇڭدۇر جان بىلەن ئول بەندە فەرمان . △



تىرىلسە گەر ئۆلۈك تاڭ يوقتۇ سۆزدىن ،
ئەگەر كىم بولسە ئول سۆز دىلفۇرۇزدىن .
بۇ غەمدىن گەر ئۆلۈپ كەتسەم ئەجەب يوق ،
سالۇر بولسە مېنى ئول شوخ كۆزدىن
ماڭا لۇتف ئەتمەسە ئول ھۇرى دەۋران .
مەن ئاندىن كۆرمەگۈم كۆرگۈمدۇر ئۆزدىن .
قەلەندەردىن ، نىگارا ، ئارى قىلمە ،
ئىگىن چانمايدۇ خوبلار كەيسە بۆزدىن .



مەھشەردە يۈزۈڭنى كۆرسە رەھمان ،
قالۇر ئۆزى قۇدرەتىغە ھەيران .
غىلمان بىلە ھۇرى خىزمەت ئەيلەر.
جەننەت سارى بولسالڭ ئەر خىرامان .
سەن قارىلىغىمغە رەھم ئەيلە .
ئەي دىلبەرى ياش ، ماھى تابان .
كۆرسە ئىدى سىنى ، بىلقىسنى
ئىلمەس ئىدى كۆزىگە سۇلەيمان .
ھەرگىز لەبىڭ ئوخشە كۆرمەگەن لەئلى ،
ئۇمرىدە بىرەر شەھى بەدەخشان .
قىلدى سىنى ھەق ھۇمايى دەۋلەت ،
كىم كۆردى يۈزۈڭنى بولدى سۇلتان .
ئادەم ئەمەس ئول جەھاندە ھەرگىز ،
كىم كۆردى يۈزۈڭنى بەرمەدى جان .
سەندىن دەمى تاپسەكىم جۇدالىق ،
تاڭ يوقتۇر ئەگەركى بولسە سەرسان .
كۆرسەم سىنى گەر جانىمنى بىرىپ ،
دەرمەن ئەجەب ئالدىم ئانى ئەرزان .
دىدى : سىنى كۆردىكىم تاپىلماس ،
ۋەسفىڭدە جەھاندە ھەددۇ پايان .
باردۇر قارىلىق چاغىم ئۆلەرمەن ،
قويمە يۈرەكىمگە داغى ھىجران .
مەندەك سىنى دەردىگە چىدالماس ،

رۇستەم بىلە بەرزۇ ، نەرىمان .
جايى ئانى بولغۇسىدۇر جەننەت .
كىم ساڭا قىلۇر جانىنى قۇربان .
ھەر كىمسەنى باردۇ بىر مۇرادى ،
ماڭا سېنى كۆرمەكىڭدۇ ئارمان .
نېدۇر سېنى مەقسەدىڭنى بىلمەم .
يۈرەك بىلە باغرىم ئەيلەدىڭ قان .
بىچەرە قەلەندەر ئۆلگۈدەكدۇر ،
سەن دەردۇ غەمىگە ئەيلە دەرمان . △



بولۇپدۇر سەير ئۈچۈن ئۇل گۈلئۇزارىم راكىبى تەۋسەن ،
قىسپىدۇر ئۇتاغاتى يانىدە زىننەت ئۈچۈن سەۋسەن ·
بولۇر ئىشقۇ مۇھەببەتنىڭ كەمالى ھۆسنى دىلبەردىن ،
كېچە رەۋشەن بولۇر ھەر قانچەئى كىم بولسە ئاي رەۋشەن
نېھەدكىم ئوخشەغاي بىلقىس سېنىڭ ھۆسنۈڭگە ئەي دىلبەر ،
تاڭ ئېرمەسدۇركى قىلسۇن خىزمەتىڭنى شىرىنى ئەرمەن ·
سېنىڭ كىرپىكلەرىڭ ئەي مەھۋەشۇ گۈلچېھرەئى دەۋران ،
ئۆتەر تۇرماي تەندىن ھەر كىشىكىم كەيسە يۈز جەۋشەن ·
نې ھەددى بار قەلەندەركىم كۆتەرگەي ئىشقىنىڭ دەردىن
ئەگەرچەندىكى بولسە رۇستەمۇ بەرزۇ بىلە بەھمەن · △



……………………………………

تۇتۇپ هۇسنى ئانىڭ رويى زېمىننى ،
نې مۇمكىن قاچماقىم ئەي مەردى رەھ ، مەن .
قىلۇرلەر بۇلبۇل ئوخشە ئاندە ئەفغان ،
كويۇڭدۇر بارچە ئەل كۆزىگە گۇلشەن .
قۇلۇڭمەن تا تېنىمدە باردۇ جانىم ،
بۇ سۆزۈمدۇر مېنىڭ ئەلبەتتە بىزەن .
سۇباتى يوق جەھاننىڭ ، فانى بولغىل ،
قەنى جەمشىدۇ ئىسكەندەر بەھمەن ؟

…………………………………… ①·△



① بۇ غەزەلنىڭ باش ـ ئاخىرى يوقالغان .

كەيسە نارەنجى ئېگىننى ئول مەھى شىرىن نىشان ،
تاڭ ئەمەس فەرھاد بولسامكىم ئانى كۆرگەن زەمان .
تاكى كۆردۈم ئول گۈلى گۈلزارى جەننەتنىڭ يۈزىن .
بۇلبۇل ئوخشە بولدى ئىشىم نالەۋۇ ئاھۇ فىغان .
قۇمرىدەك بوينۇمغە سالدىم بەندەلىكنىڭ تەۋقىنى ،
تاكى كۆردۈم قامەتىڭ ، ئەي دىلبەرى سەرۋى رەۋان .
نې كۈن ئېردى ئاي يۈزۈڭنى كۆردۈم ، ئەي ھۇرى پەرى ،
كۆزلەرىم دۇر فۇرقەتىڭدىن ھەر زەمان گەۋھەر فەشان .
كىمكى كۆردى ئارەزىڭنى ئەي پەرى پەيكەر دېدى :
يۇسۇفى كەنئانىدىن ھۇسنۇڭ سېنىڭ ئېرمىش نىشان .
تۇشتى كۆزۈم تا جەمالىڭ با كەمالىڭغە سېنىڭ ،
مېھنەتۇ دەردۇ غەمىڭدىن بىر زەمان تاپمام ئامان .
تا تىشىڭ بىرلەن لەبى لەئلىڭنى مەن قىلدىم خەيال .
بىر كۆزۈمدىن ئاقتى ياشۇ بىر كۆزۈمدىن ئاقتى قان .
ئەي پەرىزادى زەمانۇ ھۇرى دەۋرانىم مېنىڭ ،
شۇم رەقىبكە باقماكىم باردۇر يامانلاردىن يامان .
تۇمۇرىن تۇتمە كۆيەر قولۇڭنى تارتغىل ئەي تەبىب ،
مەريەمى دەۋراندۇرۇر ئىسمەتدە ئول ھۇرى زەمان .
لايىقۇ ئەنسەبدۇرۇركىم دىسە «لا يۇدرەك » ① دۇرۇر .
كىم دىسە ئايۇ قۇياشنى سەندىن ئېرمىشدۇر نىشان .
بۇلبۇلى نالاندۇرۇرمەن ساڭا ئەي سىيمىن بەدەن ،
تا كۆرۈپمەن گۈل يۈزۈڭ ۋەسفىڭنى قىلغۇم داستان .
جان بىلە باردۇر قەلەندەر ئەي پەرى پەيكەر قۇلۇڭ ،
كىمنى كۆرسە مەقسەدى قىلسۇن سېنىڭ ۋەسفىڭ بەيان . △

① «بىلىپ بولغىلى بولماس ، تېگىگە يەتكىلى بولماس» دېگەن مەنىدە .

بىر پەرى پەيكەر خەيالىدىن ھەمىشە شادمەن ،
مىھنەتۇ جەۋرۇ جەفايى دەھرىدىن ئازادمەن .
قىلدى كۆپ جەۋرۇ جەفا جانىمغە ئۇل شىرىن جەمال ،
دەردۇ غەمنىڭ تاغىدەك گوياكى بىر فەرھادمەن .
بۇدۇرۇر ھالىم مىنىڭ ، ئەي دىلبەرى نامىھرىبان ،
ۋەسلىڭ ئىلە شادۇ ھەجرىڭ بىرلەكى ناشاد مەن .
كۆرمەدىم راھەت يۈزىنى بىردەم ئەي ھۇرى زەمان ،
نې كى بولدۇم بۇ جەھاننىڭ ئىچىدە ، ئەي جان ، مەن .
تا كۆڭۈل بەردىم ساڭا ، ئەي مەھۋەشى خۇرشىد فەر ،
بارچە ئەيشى راھەتىمنى ئەيلەدىم بەربادمەن .
بىر زەمانى تاپمادىم راھەت بىلە سەبرۇ قەرار ،
تا ساڭا بەردىم كۆڭۈل ئەي شوخ ھۇرۇ زادمەن .
بەسكى كۆيدۈم ، ئەي قەلەندەر ، ئۇل پەرىۋەش ئوتىدا ،
ئىشق ئىلىگە دەھر ئارادا ساھىبى ئىرشادمەن . △



يۈزۈمگە ياپتى باغنىڭ ئىشكىنى ،
ئىلاھا ، باغباننىڭ قولى سىنسۇن .
رەقىبى شۇمنىڭ قانىنى ئىچسەم ،
دەمى كۆڭلۈم مېنىڭ شايەدكى تىنسۇن .
خەلايىقدىن بولۇر مەھشەر كۈنىدەك ،
ئەگەر سەير ئەتكەلى تەۋسەنغە مىنسۇن .
تۈشۈرمەي دامىغە قويمايدۇ ھەرگىز ،
يىراقدىن كىمنى كىم كۆزىگە ئىلسۇن .
تاڭ ئېرمەس رەھم ئېتىپ ئول يىغلاسۇن قان ،
ئۇشول زالىمغە گەر ھالىم بىلىنسۇن .
بۇ ئىشدىن بولماغۇم ھەرگىز پۇشەيمان ،
ئانىڭ يولىدە گەر تېرەم تىلىنسۇن .
جەفاۋۇ جەۋرى قىلماق بىلە ياناس ،
قەلەندەر جانىمغە قانچە قىلىنسۇن .△

لەئل قىلدى دەئۋىسىن لەئلى لەبىڭ بىرلە ئەيان ،
ئاستىلار ئوغرى كەبى بوينىنى باغلاپ شۇلزەمان .
بىر ئانىڭدەك يوقدۇرۇر لەئلى بەدەخشان تاغىدا ،
لەئلىكىم سۆز بىرلە بولغاي ھەر زەمان گەۋھەر فىشان .
تۇتى قىلدى خەت بىلە لەئل لەبىڭنىڭ ۋەسفىنى ،
پەرلەرى بولدى زۇمۇرەد لەئلى مىنقارى رەۋان .
لەئلىنىڭ ئالدىدە نېچۈك يوقتۇ تاشنىڭ قىممەتى ،
لەبلەرىڭ ئالدىدا بولۇر لەئل ھەم ئاندىن نىشان .
گەر قەلەندەرنىڭ سۆزى شىرىنۇ رەڭگىندۇر ، نېتاڭ ،
باردۇرۇر كۆڭلىدە دائىم ئول لەبى شەككەر فىشان . △



يۈزۈڭنى كۆردۈم ئەي خۇرشىد تابان،
دىمەي خۇرشىد تابان نۇرى ئىمان.
مۇسۇلمانزادە بولساڭ رەھم قىلغىل،
يۈتارمەن فۇرقەتىڭدىن ھەر زەمان قان.
قىلۇر ھەسرەت بىلەن يۈز ئافەرىنلەر،
ئەگەر كۆرسە يۈزۈڭنى ماھى كەنئان.
بىرەر سورساڭ نې بولۇر ئاغرىقىمنى،
سىنىڭدەك يوقتۇرۇر دەردىمگە دەرمان.
ئەگەر ھەجرىڭدە ئۆلسەم ئەي پەرىزاد،
ئىچىڭ ئاغرىپ بولۇرسەن سەن پۇشايمان.
سىنىڭدەك ياخشىلىقدا يوق جەھاندا،
يامانلىقدا مىنىڭدەك يوقتۇر ئەي جان.
ئوشۇل كۈندىنكى كۆردۈم ئارەزىڭنى،
بولۇپمەن قۇللارىڭغە بەندە فەرمان.
ئالىپسەن تاقەتۇ سەبرۇ قەرارىم،
يۈرەككە تاكى قويدۇڭ داغ ھىجران.
قەلەندەر تا تىرىكدۇر بۇ جەھاندە،
قىلۇر ۋەسفىڭ سىنىڭ، ئەي، ماھى دەۋران. △



ماڭا كۆرسەتتى ئۇل گۇلچېھرە قاشىن ،
ھىلال ئەيلە دېدى قىلغان تالاشىن .
ئۇشۇل ھۇرى پەرىزادى زەمان دەر :
يۈزۈمنىڭ زەررەسى گەردۇن قۇياشىن .
تولۇن ئايدەك ماڭا ئۇل مەھۋەشى ياش ،
سورادىم دېدى : دۇر ئۇن تۆرت ياشىن .
خىجالەتدىن ئۆلەر بىلقىسى دەۋران ،
ئەگەر كۆرسە ئانىڭ ھۇسن قاماشىن .
تۆكەر ھەدسىز قەلەندەر كۆزىدىن ياش ،
قارىلىقدە كۆرۈپ ئۇل شوخ ياشىن . △



قارىغان چاغىمە بىر ياش دەۋران ،
ئۇتۇپ كۆڭلۇمنى قىلدى يۇرەكىم قان .
تۇشۇپ قۇشقاچ كەبى قولىدا كۆڭلۇم ،
بىلۇر جانىدىن ئەزىز ، ئۆلتۇرۇر ئاسان .
ئانىڭدەك غۇنچە ئى نەۋرەسىغە كۆيمەك ،
ماڭا قىسمەت قىلىپدۇرلەركى رەھمان .
قارى دەپ بىر گىنە سۆيمەيدۇ ياشىم ،
ئاڭا ھەقدىن مەگەر بولدى بۇ پەرمان .
ئەگەر بىر سۆيمەيىن ئۆلسە قەلەندەر ،
ئانىڭ ئىچىدە قالۇر يۈز مىڭ ئەرمان . △



تەكەللۇم ئەيلە ئىيسادەك سەن ئول لەئل بەدەخشاندىن ،
ئەگەر رەھم ئەتمەسەڭ سەن ئۆلگۈدەكمەن داغى ھىجراندىن .
رەقىبىمغە قىلۇرسەن ئىلتىفاتىڭنى سەن ، ئەي دىلبەر ،
جەھاندە كەلمەس ، ئەي گۈلرۇخ بۇ ئىش ھەرگىز مۇسۇلماندىن ،
بولۇپمەن مۇردىن ئاجىز سېنىڭ ھەجرۇ فىراقىڭدىن ،
بۇ جەۋرۇ زۇلم لازىممۇ سېنىڭ ئوخشە سۇلەيماندىن .
يۈزۈڭنى كۆردۈمۈ جان بەرمەدىم ، ئەي شوخ سىيمىنبەر ،
مېنى ئۆلتۈرگۈدەكدۇر ئاقىبەت ئۇشبۇ پۇشەيماندىن .
قەلەندەر دەردۇ غەم بىرلەن سېنىڭ يولۇڭدە گەر ئۆلسۈن
مۇناسىپ بارمىدۇر بۇ ئىش سېنىڭدەك خانى دەۋراندىن .△



كىمكى ئايرىلسە سىنىڭدەك شوخ گۇل رۇخساردىن ،
بۇلبۇلى دۇركىم جۇدا بولۇپدۇرۇر گۇلزاردىن .
مەن يامانىى تاشلامە ئەي مەھۋەشى ھۇرى زەمان ،
ئار قىلماس گۇل چەمەن ئىچىندە ھەرگىز خاردىن .
ئەل قانىن ئىچمەكدۇرۇر سىنىڭ ئىشىڭ ئالەم ئارا ،
ئەلھەزەر دېمەك كېرەك ، ئەي شوخ ، بۇ كىرداردىن .
دەردى غەمنىڭ لايىدىن تەگرىم ياراتىپدۇر مېنى ،
بولمادى ئاسۇدە كۆڭلۈم بىر دەمى دىلداردىن .
گويىيا قۇدرەت بىلە تەگرى ياراتىپدۇر ئانى ،
رەشك ئېلتۇر سەرۋى ، تۇبى ئول قەدى رەفتاردىن .
تا قاچانچە جان ئۆزەر ھەسرەت بىلە ئەي دىلرەبا .
تۇتىگە لۇتف ئەيلەگىل ئول لەئلى شەككەر باردىن .
بۇلبۇلۇڭ بولدى قەلەندەر ، ئەي پەرى ، رەھم ئەيلەگىل ،
مەقسەدى ۋەسفىڭ بولۇپدۇر ئانى بۇ گۇفتاردىن .△



مىنىڭ ئاھمىدۇرۇر خۇرشىد تابان ،
تىشى گەۋھەر ، لەبى لەئلى بەدەخشان .
تەئەججۇپ ئەيلەبان ھۇرۇ پەرى دەر ،
ئەجەب ئايى قۇياشدىن بار دۇرەخشان .
بولۇپدۇر پادىشاھى كىشۋەرى ھۇسن ،
ئاڭا خوبلار بارىدۇر بەندە پەرمان .
ئەگەر كىم ئىستەسەڭ دۇنيانى بىر ـ بىر ،
ئانىڭدەك تاپماغايسەن پاكى دامان .
قەلەندەر بىھۇدە سەئيي ئەتمەگەيسەن ،
كۆڭۈل ئۈزمەك ئەمەس خوبلاردىن ئاسان . △

بولۇر گۇل ـ گۇل يۈزۈڭ ، ئىچسەڭ ئەگەر كىم بادەئى گۇلگۇن ،
بارى خوبلارنى رەشكىڭدىن قىلۇرسەن ئىچىنى پۇرخۇن ·
سېنىڭدەك يوق ئىكەن دىلبەر ، نىگارا ، لەيلىيۇ شىرىن ،
نېهەد دۇر نۇكهەتىڭ بولغاي ماڭا فەرهاد ئىلە مەجنۇن ·
فىراقىڭگە ئاقار ئانداق ئىكى كۆزۈم سۇيى تۇرماي ،
ئانى كۆرگەن گۇمان ئەيلەر بىرى سەيهۇن، بىرى جەيهۇن ·
ياراتىپدۇر خۇداۋەندىم سېنى ئەينى لەتافەتدىن ،
بېهىشتدە سەرۋ ئىلە توبى قەدىڭدەك يوقتۇرۇر مەۋزۇن ·
قەلەندەر هالىغە باققىل بىرەر ، ئەي هۇرى دەۋرانىم ،
سېنىڭ ۋەسفىڭدە كىم تاپتى مېنىڭدەك تازە بىر مەزمۇن ·△



مەھى شرىن زەبانۇ دىلرەبايى گۈلئۈزارىم سەن ،
پەرىۋەشلەر ئارا گۈلچھرە شوخى تاجدارىم سەن ،
سىنىڭدەك يوقتۇرۇر بىر نازەنىنى بۇ جەھان ئىچرە ،
شەھىنشاھى زەمانۇ خىسرەۋۇ ھەم شەھسۇۋارىم سەن .
سىنىڭدەك تۇغمادى ھەرگىز جەھاندە بىر پەرى پەيكەر ،
دىل ئارامۇ دىل ئارانۇ نىگارى كام كارىم سەن .
قەدىڭدەك سەرۋى ئازادى بىھىشت گۈلزارىدا يوقتۇر ،
گۈلى نەۋرەستەئى باغى جىنايۇ نامدارىم سەن .
ئەگەركىم ئاتلانىپ چىقسۇن پەرىيۇ ھۇر ئىلە خوبلار .
ئۇلار يۇلدۇز ، قۇياشدەك سەن ئارادە شەھسۇۋارىم سەن .
ئەگەرچە باردۇرۇر خوبلار جەھاندە ھەدسىز ئەي دىلبەر ،
ئۇلارنىڭ ئوتراسىندە گۈلشەنۇ باغۇ باھارىم سەن .
تەنىمدە باردۇرۇر ھەر داغىم ئۆزرە نەچچە تۇرلۇك داغ .
بولۇپمەن تاۋۇسۇ سەن دىلرەبايى لالە زارىم سەن .
قەلەندەر بولمىسۇن نىدىن ساڭا ئەي دىلرەبا بەندە ،
كۆزۈمنىڭ نۇرىيۇ ئالەمدە فەخرۇ ئىفتىخارىم سەن . △

کۆرۈپمەن تا سىنى ئەي قەددى مەۋزۇن ،
غەمۇ دەردىم بولۇپدۇر ھەددىن ئەفزۇن .
سىنىڭ ھەجرىڭدە تولا زار يىغلاپ ،
بولۇپدۇر كۆزلەرىم ھەر بىرى جەيھۇن .
بولۇرمەن جان ـ دىل بىرلەن ساڭا قۇل ،
ئەگەر قىلساڭ بىرەر لۇتف ئىلە مەمنۇن .
ئىرۇر بەختىم زەبۇنۇ تالئىم شۇم ،
بولالماسمەن ساڭا ئۆلگۈنچە مەقرۇن .
قىلىپدۇر دىلبەرى مەيخارەسىغە ،
قەلەندەر جەندەسىنى مەيغە مەرھۇن .△



جەفالەر ماڭا ئەي دىلدار سەندىن ،
بولۇپدۇر كۆزلەرىم خونبار سەندىن .
ماڭا رەھم ئەيلە ئەي خۇرشىدى تابان ،
يۈرەك باغرىم ئېرۇر ئەفكار سەندىن .
بۇ كۆڭلۈم بۇلبۇل ئوخشە ئەي پەرىزاد ،
فىغانى باردۇر ، ئەي گۈلزار ، سەندىن .
نېچۈك كۆرسەم ئانى مەن ئۆزگەلەردىن ،
تەنىمدە باردۇرۇر ئازار سەندىن .
قىلىپدۇر گۈلشەنى ھۇسنۇڭ تەماشا ،
قەلەندەرغە ئېرۇر گۇفتار سەندىن . △



ئېشىتتىم كىم يۈزۈڭدۇر ماھى تابان،
چۇ كۆردۈم بار ئىككەنسەن ئىككى چەندان.
لەبىڭدۇر لەئلۇ تىشىڭ دۇررۇ گەۋھەر،
قۇياش كۆرسە بولۇر يۈزۈڭنى پىنھان.
باشىڭدە ئوتاغاتىڭ تاجۇ دەۋلەت،
ئاتىڭ دۇلدۇلمۇدۇر يا رەخشى رەخشان.
تەئەججۇب قىلمە ئەي بىلقىس نەسەبلىك،
يۈزۈڭ كۆرسەم دېسەم: بولدۇم سۇلەيمان.
ۋىسالىڭ ئىستەمەك نى سۇد قەلەندەر،
ئەزەلدىن قىسمەتىڭدۇر داغى ھىجران. △



تا سىنى كۆردۇم كىچىپمەن بەندەۋۇ ئازاددىن ،
مەھۋەشى ھۇرۇپەرىلەر قامەتى شەمشاددىن .
بىلمەدىم تەگرىم نىچۈك سالىپدۇ مىھرىڭ كۆڭلۈمە ،
بىردەمى چىقماس خەيالىڭ خاتىرى ناشاددىن .
مۇنچە ھەم زالىم بولۇرمۇ ئول پەرىزادى زەمان ،
بىردەمى تىنمايدۇ جەۋرۇ زۇلم ئىلە بىداددىن .
لەيلىيۇ شىرىن سىنىڭدەك يوق ئىكەن ئەي ھۇرىزاد ،
مەن نىچۈك بولماي زىيادە مەجنۇنۇ فەرھاددىن ،
ئەيلەدىم ۋەيرانەلەرنى ، ئەي قەلەندەر ، مەسكەنىم ،
تاپمادىم فەيزۇ فۇتۇھى زەررەئى ئاباددىن .△



ئېرۇر ئىككى لەبىڭ لەئلى بەدەخشان ،
ئەمەسدۇر كۆڭۈل ئۈزمەك سەندىن ئاسان .
تاپارسەن سەن سەۋابى ھەججى ئەكبەر ،
ئەگەر قىلساڭ مېنىڭ دەردىمگە دەرمان .
ئەگەر كۆرسەتمەسەڭ ۋەسلىڭنى باغىن ،
مېنى ئۆلتۈرگۈسىدۇر داغى ھىجران .
بىرەر كۆرسەم ئەگەركىم ئىلتىفاتىن ،
قىلۇرمەن ئالدىڭا جانىمنى قۇربان .
يۈزۈڭ كۆرسەتمەسەڭ ئۆلەر چاغىدا ،
قەلەندەر ئىچىدە قالۇر بۇ ئەرمان .△



يۈزۈڭ ئوبداندۇرۇر شەمسۇ قەمەردىن ،
سۆزۈڭ تاتلىقدۇرۇر شەھدۇ شەكەردىن ·
لەبىڭدەك يوقتۇرۇر لەئلى بەدەخشان ،
تىشىڭ خوبراقدۇرۇر دۇررۇ گۆھەردىن ·
كىشىگە بولسە ئازراق بەختى ياۋەر ،
ئىرۇر ئوبدان تولا فەزلۇ ھۇنەردىن
بىلىمدىن سۆدرەپۇ باشىمغە تەپسەڭ ،
ماڭا ئوبداندۇرۇر تاجۇ كەمەردىن ·
ئۆلۈمدۇر ياخشىراق ئاڭا قەلەندەر ،
كىشى ئايرىلسە سەندەك سىيمبەردىن ·△



ساچى سۇنبۇل ئىلە ئول زۇلفى مۇشكىن ،
تۇشۇپدۇر ئاي يۈزۈڭگە چىن ئۆزە چىن .
تاڭ ئېرمەس بۇ گۇلى رۇخسارى بىرلە ،
گۇلىستانى بېھىشتنى قىلسە رەڭگىن .
ئىشىتمەس ھەر نەچە ئەرزىمنى دېسەم ،
ئېرۇر ئەزبەسكى ھەردەم كۇھى تەمكىن ،
كى سەندىن يانماقىمنى مۇمكىنى يوق ،
ئەگەر كىم قىلسەلەر قىيىن ئۆزە قىيىن .
كىشى ئويغاتسە ئويغانماس قەلەندەر ،
مېنىڭ بەختىمنى ئۇيقۇسىدۇ سەڭگىن . ▲



سەندىن ئۈزدۈم كۆڭۈل ، ئەي ھۇرى زەمان ،
سەن بول ئەمدى كىمگە بولساڭ مېھرىبان .
بىلمەدىڭ قەدرىمنى ، ئەي شەمسۇ قەمەر ،
نەچچە قىلدىم شۇھرەتى ھۇسنۇڭ بەيان .
تۇرماغايمەن خىزمەتىڭدە بىر دەمى ،
بوينۇمە سالساڭ ئەگەر غولى گەران .
قىلماغاي ھەق كويۇڭا بارماق نەسىب ،
گەر فىراقىڭدىن ئەجەل بەرگەي نىشان .
بۇ مەسەلدۇر كىم ئىشەككە دەھر ئارا ،
ھالۋاغە يوقتۇر ئىشى ، تاپسا سامان .
كۆڭۈل ئۈزدۈڭ ئەي قەلەندەر ، ئۇرما دەم ،
ئەمدى ئۆتتى دىمەگىل ياخشى - يامان . ▲



نۇچرادى يولدا ماڭا ئافەتى دەۋران – زەمان .
دېدى : «يول بولسۇن !» كۈلۈپ ، ئول ساھىبۇ خۇرشىدى جەھان .
باش ئاياغىغە قويۇپ ، «دەۋلەتىڭىز ئارتسۇن !» دېدىم .
لۇتف ئىلە دېدى : «كۆتۈر باشىڭ !» ، ئوشۇل ئالى مەكان .
باش كۆتۈردۈم ئاياغىدىن دېدىم : «ئەي ھۇرۇ پەرى ،
تەڭرى قىلسۇن سېنى ھۆكمۈڭ بۇ جەھان ئىچرە رەۋان . »
ئىلتىفات ئەيلەپ دېدىكىم ماڭا : «ئەي نازىمى دەھر ،
قىل سىفاتىمنى مېنىڭ ئۇشبۇ جەھان ئىچرە بەيان .»
سۆيۈنۈپ دېدىم ئاڭاكىم : « بۇ قەلەندەردۇر قولۇڭ ،
ھەرنە ھۆكم ئەيلەسەڭ ، ئانى قىلۇر ، ئەي جانى جەھان !» ▲



بۇ نە يۈزدۇركىم كۆرەرگە مىڭ قىلۇرمەن ئارزۇ ،
مىڭ ئەگەر كۆرسەم يەنە يۈز مىڭ قىلۇرمەن ئارزۇ .
سەنسىزىن گەر بارچە ئالەم ئۆززە بولسام پادىشاھ ،
قۇللارىڭغە قۇل بولارنى مەن قىلۇرمەن ئارزۇ .
سالىسە فۇرقەت دەشتىدە بۇ گەردۇنى دون رەشكىدىن،
گۈلشەنى ۋەسلىڭنى ھەردەم مەن قىلۇرمەن ئارزۇ .
ئۆزگەلەرگەر تالىبى ۋەسلىڭدۇرۇر ، ئەي دىلرەبا ،
دەۋلەتى ھەجرىڭ سېۋەرنى مەن قىلۇرمەن ئارزۇ .
تا مېنى ئىشقىڭدا ، ئەي گۈلرۇخ ، قەلەندەر ئەيلەدىڭ ،
بۇلبۇلدۇرمەن چەمەننى مەن قىلۇرمەن ئارزۇ .



كۆيدى جانىم فۇرقەتىڭدىن يۈرەكىم ھەم بولدى سۇ ،
بەتمەدى زۇلفۇڭ نەسىمىدىن دىماغىم ئىچرە بۇ ① .
مۇددەتىدۇر كىم فىراقىڭ دەشتىدە ئاۋارە مەن ،
نې بولۇر قىلساڭ بىرەر يۈتكەن قۇلۇڭنى جۇستىجۇ ،
سەگ رەقىبنى قانچە باقساڭ كۆرمەس ئادەم سانىدا ،
ئاقارارمۇ گەر قارا كىگىزنى قىلساڭ شۇستىشۇ .
مەقبۇل ئولماي قالماغاي ھەرگىز خۇدايىم ئالدىدا ،
كۆز ياشىڭ بىرلەن ئىبادەتغە ئەگەر قىلساڭ ۋۇزۇ ،
زەررەچە ئىلماس كۆزىگە ، ئەي قەلەندەر ،ئول قۇياش .
دىلبەرىڭ ۋەسفىدە قىلساڭ نەچچە دەفتەر گۇفتىگۇ ،



① بۇ – بۇي ، پۇراق .

بىردەمى ئولتۇرمادىم ئول ماھى تابانىم بىلە .
تۇتىئى شىرىن زەبانۇ شەككەرئەفشانىم بىلە .
بەرمەدى فۇرسەت كى بىردەم ھەمنىشىن بولسام ئاڭا ،
ئول گۈلى باغى جىنانۇ سەرۋى بوستانىم بىلە .
دەرمەن ئۆزۈمنىكى بولدۇم خۇسرەۋۇ جەمشىددەك ،
بىردەمى بولسام مۇساھىب ماھى تابانىم بىلە .
ئۆتغە تۇشكەن قىل مەسەللىك بولسا جىسمىم تاڭ ئەمەس ،
غەيرىنى كۆرسەم ئەگەر خۇرشىدى دەۋرانىم بىلە .
مەن بىھىل قىلدىم ئاڭا جانىم بىلە ، ئەي دوستلار ،
خۇش ئەگەر بولسۇن پەرىزادىم مىنىڭ قانىم بىلە .
سۆيۈنۈپ دەرمەن ئانىڭكىم رەۋزەئى جەننەتدۇرۇر
دەۋزەخ ئەر ئىچىندە بولسام لەئلى رەخشانىم بىلە ،
مەن نەچۈك ئايتاي ، مۇسۇلمانلار ، ئۆزۈمنى مەن تىرىك ،
بىردەمى ئولتۇرمادىم ئول راھەتى جانىم بىلەن ..
قانچە قىلسام نالەيۇ ئەفغان ، قەلەندەر،سۇدى يوق .
نى غەمى باردۇر ئانىڭ بۇ ئاھۇ ئەفغانىم بىلە .



ھېچ كىشىنى قويماغىل، يا رەب، غەمى ھىجران بىلە.
يۇسۇفى كەنئانى ئوخشە مېھنەتى زىندان بىلە.
كۆرسەلەر گەرخانۇ شەھلەر بەلكى سۇلتانى زەمان،
قىلغۇدەكدۇر خىزمەتىڭنى، ئەي پەرىۋەش،جان بىلە.
كۆرمەدىم لەئلى لەبىڭنى يا تىشىڭدەك گەۋھەرى،
قانچە ئاختاردىم جەھاننى بەھر ئىلەيۇ كان بىلە.
بىر گىنە كۆرمەي يۈزۈڭنى دەھر ئارادا تويغۇچە ①،
كەتكۇدەكمەن ئاقىبەت بۇ ئاززۇ ئەرمان بىلە.
ئول گۇلى جەننەت فىراقىدا،قەلەندەر،سۇبھۇ شام،
ئۆلگۇدەكمەن بۇلبۇل ئوخشە نالەيۇ ئەفغان بىلە.



① تويغۇچە ـــ قول يازمىدا «تويگوچە» دەپ يېزىلغان.

ھەجرىڭە ئەفغان قىلۇرمەن تا فىغانىم بارىچە ،
قۇللارىڭغە قۇل بولۇرمەن تەندە جانىم بارىچە .
دەردۇغەمنىڭ ئوتىدا كۆيگۈمدۇرۇر فەرھاددەك ،
بىسۇتۇندۇرمەنزىلىم شىرىن زەبانىم بارىچە .
يارەب ،ئول گۇلچېھرەغە پۇررەھمۇ شەفقەت بەرگەسەن ،
ماڭاقىلدى زۇلمنى ئول كامرانىم بارىچە .
تاپماغۇمدۇر دەھر ئارا بىرلەھزەئى سەبرۇقەرار،
نازۇ ئىستىغنا قىلۇر ئول كامرانىم بارىچە .
مېھنە تۇجەۋرۇ جەفا جانىمغە بىھەد ئەيلەدى ،
قىلدى قەھرىنى ماڭا نا مېھرىبانىم بارىچە .
تالەئىم ياندى ،قەلەندەر، ياكى بەختىم شۇملۇغى ،
جەۋرىنى قىلدى ماڭا ساھىب قىرانىم بارىچە .



ياكى بۇ تۈننى يىبەردى ھەقتەئالا بۇ كېچە ①،
مېھنەتۇ غەم قىلدىلار جانىمنى مەئۋا بۇ كېچە.
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ ۋەسل ئىلە رەھم ئەيلەگىل،
قىلماغىل،يا رەب،مېنى ئالەمدە رەسۋا بۇ كېچە.
كەلمەسەڭ ئۆزۈڭ ئەگەر تۈشۈمدە ھەم كۆرسەم ② يېتەر،
ئەيلەمە، ئەي بىۋەفا، بۇ قۇلنى شەيدا بۇ كېچە.
قالماغاي تىرىك قەلەندەر تاڭغىچە باردۇر مەھال،
بەندە بولساڭ ھەقغە ئەيلە زۇھدۇ تەقۋا بۇكېچە.



① ھەقتە ئالا بۇ كېچە ـ قول يازمىدا «ھەق ماڭا زۇلم ئەتكەلى »دەپ يېزىلغان.
② كۆرسەم ــ قول يازمىدا «كۆرسەڭ »دەپ يېزىلغان.

چىقمادى ھۇسن ئەھلى ئىچرە ساڭا ئوخشە پادشاھ .
بارچەخوبلار يولدۇز ئېرسە ، سەن ① ئاراده مېھرۇ ماھ .
يوقتۇرۇر ھۇرۇ پەرى ئىچىندە سەندەك مەھۋەشى ،
كۆزگۈگە باقساڭ بولۇرسەن ھۇسنۇڭا ئۆزۈڭ گۇۋاھ .
بىر سىنىڭدەك كۆرمەدى ھېچكىم سىنىڭدەك دىلرەبا ،
تاتىكىلدى بۇ جەھان ئۆزرە بۇ توققۇز بارگاھ .
كىمكى كۆردى ئاي يۈزۈڭنى مۇمكىن ئېرمەس ئاجراغاي ،
بىلمەدىم جانا ساڭا بارمۇ مەگەر مېھرۇگىياھ .
ئۆرتەدى دەردۇ غەمىڭ ھەدسىز قەلەندەر جانىنى ،
سورغىل ئانى ئەدل ئىلە ، يوقتۇر سىنىڭدەك دادخاھ .



① ئېرسە ، سەن ـ بۇ سۆز قول يازمىدا «سەنسەن» دەپ يېزىلغان ،

ماگا باردۇر ھەۋەس ئەللاھ ـ ئەللاھ
دېسەم مەن ھەر نەفەس ئەللاھ ـ ئەللاھ !
تەمامى فاھش ،لەغۋۇ ھەرزىلىقدا ،
ئۆتۈپ ئۇمرۇم ئەبەس ، ئەللاھ ـ ئەللاھ !
مېنى ۋەسۋاسى شەيتانى لەئىندىن ،
ئەمان بەر بىر نەفەس ،ئەللاھ ـ ئەللاھ !
بۇ كۆڭلۇم تۇرفە ئېردى ئاسمان سەير،
بولۇپدۇر تەن قەفەس ، ئەللاھ ـ ئەللاھ !
سېنىڭدەك يوق جەھانى فانى ئىچرە،
ماگا فەريادرەس ، ئەللاھ ـ ئەللاھ !
قەلەندەر ،بولماغىل غافىل زەمانى ،
دېگىلسەن ھەر نەفەس ئەللاھ ـ ئەللاھ !



يا قىيامەت كىچەسىدۇر ياكى زۇلمەت بۇ كېچە .
يا غەزەبى خەلق [ غە ] قىلغان ھەجرۇ فۇرقەت بۇ كېچە .
يا ماگا زۇلم ئەتكەلى خەلق ئەتتى خەللاقى جەھان .
كىميا بولدى كۆزۈمگە خابى غەفلەت بۇ كېچە ،
يولۇگە تارتىپدۇرۇر ئەز بەسكى بىھەد ئىنتىزار ،
ئاچغۇچە قالماپدۇرۇر كۆزۈمگە قۇدرەت بۇ كېچە .
يا مېنى ئۆلتۇرگەلى كەلدى سىپاھى غەم چېكىپ ،
ياكى زۇلمەتدىن تۇغۇلغان قەھرۇ ئافەت بۇ كېچە،
بارچە ئەلگە بارمۇدۇر بىلمەم مېنىڭدەك دەردۇ داغ ،
يا مېنىڭ جانىمغە بولمىشدۇر قىيامەت بۇ كېچە .
گەر مۇنىڭدەك بارمۇدۇر ھەجرۇ فىراقىڭنى تۈنى .
بىر كىشى قالماپدۇرۇر ھەرگىز سەلامەت بۇكېچە ،
مەن ئۆزۈمدىن چاغلادىم بۇ كېچەنىڭ شىددەتلەرىن ،
كۆرمەگەندۇر ھېچ كىشى ھەرگىز فەراغەت بۇ كېچە .
مىڭدىن[ بىرنى ] دېدىم ئەل بولماسۇنلار دەپ مەلال ،
شەرھ ئەگەر قىلسام ،مۇسۇلمانلار،قىيامەت بۇ كېچە .
يامېنىڭ بەختىم قاراسى يا ئەجەلنىڭ يەتكەنى ،
يا مېنىڭ جانىمغەدۇر ھەجرى جىھافەت بۇ كېچە ،
ساگا بولدى شامى ھەجرىڭ ئاقىبەت سۇبھى ۋىسال ،
گەرچە تارتتىڭ ، ئەي قەلەندەر ، رەنجۇ مېھنەت بۇ كېچە ،

ئايتىڭ ئول دىلبەرغەكىم رەھم ئەيلەسۇن بۇزارغە ،
يۇرەكى يۇز پارەۋۇ بۇ كۆزلەرى خۇنبارغە .
باش قويۇپ يىغلاڭ ئاياغىغە ، مېنىڭ ئەرزىمنى دەڭ ،
بولماسۇن غافىل مېنىڭ ھالىمدىن ئول دىلدارغە ،
ياپمايىن ئايتىڭ سۆزۇمنى ، گەر مۇسۇلمانزادە سىز .
تۇتىدەك ئەفغان قىلۇرمەن لەئلى شەككەر بارغە ① .
قىلدۇرۇڭ يانە بۇ ئەرزىمنى سىز ، ئەي ئەھبابلار ،
جەۋر- زۇلمى بىرلە ئاسسۇن شۇم رەقىبنى دارغە ،
كېچەيۇ كۈندۈز قەلەمدەرنىڭ مۇرادى بۇدۇرۇر،
قىلماسۇن لۇتفۇ تەرەھھۇم ئول پەرى ئەغيارغە ،



① بارغە - قول يازمىدا «يارغە»دەپ يېزىلغان .

قاچىپ بولماس ئىكەن ھەرگىز سىنىڭ قىلغان جەفايىڭغە ،
نەچۇنكىم باغلانىپ ئىركەن كۆڭۈل بەندى قەبايىڭغە ،
قولۇڭغە ئالساڭ ئايىڭنى ، نىگارا ، تۇرفە قورقارمەن ،
يۇزۇڭ كۆرۈپ مىنىڭدەك تۇشمەگەيسەن ئۆز بەلايىڭغە .
قىلا ئالمان سىفاتىڭنى نەچۇنكىم ئەقل يەتمەسدۇر ،
ھەمە شەھلەر ئىگەر باشىن سىنىڭ بولغان گەدايىڭغە ،
تىلەرمەن كىچەۋۇ كۇندۇز خۇدايى لامەكانىمدىن ،
سىنى يەتكۇزسە پات فۇرسەت مۇرادۇ مۇددە ئايىڭغە ،
ياراتىپدۇر خۇداۋەندىم سىنى ھۇسنۇ لەتافەتدىن ،
خىجالەتدە قالۇر يۇسۇف ئەگەر باقسە چىرايىڭغە .
نەھەددى كىمسەنىڭ باردۇر بىلىشدە ساڭا تەڭ ئولغاي ،
فلاتون ئافەرىن ئەيلەر سىنىڭ ئەقلى رەسايىڭغە .
ساڭا بەرگەن بۇ دەۋلەتنى خۇدا ھىچكىمگە بەرمەپدۇر ،
بىھىشتنى ئارزۇ قىلماس كىشى كىرسە سەرايىڭغە ،
نې بولۇر ئىركىن ، ئەي دىلبەر ، مىنىڭ ھالىمغە رەھم ئەتسەڭ ،
كىچە ـ كۇندۇز قۇلۇڭدۇرمەن ھەمىشە ھەم دۇئايىڭغە .
قەلەندەرنىڭ باشى ئاشسەكى ئەرشدىن ئەجەب ئىرمەس ،
مۇيەسسەر بولسا گەر سۇرتسە كۆزىنى خاكپايىڭغە ،

مۇسۇلمانزادە گەر بولساڭ ، مېنى ،ئەي يار.يىغلاتمە .
فىراقۇ ھەجر ئوتىدا كۆيدۈرۈپ سەن زار يىغلاتمە ،
سېنىڭ ۋەسفىڭدىن ئۆزگە يوقتۇرۇر ھەرگىز خەيالاتىم ،
جەفاۋۇ جەۋردىن ، ئەي زالىمى خۇنخار ، يىغلاتمە .
گۇلى گۇلزارى جەننەتسەن بۇ دەمدە ، ئەي پەرى پەيكەر ،
غەرىبدۇر بۇلبۇلۇڭ ، ئەي گۇل ، ئانى بىسيار يىغلاتمە .
كۆرۈپدۇر بۇ خۇتەندە ئاي يۈزۈڭنى ، ئەي مەھى تابان ،
فىراقۇ ھەجرىگە . ئەي دىلرەبا خۇنخار ، يىغلاتمە .
نىگارا ، تا تىرىك بولساڭكى باردۇرۇر دۇئا گويۇڭ ،
تەئەددى بىرلە زۇلم ئەيلەپ ئانى بىكار يىغلاتمە .
ئەگەر ئۇچراپ كېلۇر بولسە ، پەرىيۇ ھۇر باقماسدۇر ،
ئاڭا لۇتفۇ كەرەم ئەيلەپ پەرى رۇخسار يىغلاتمە .
بولۇپ بۇلبۇل كەبى ئاھۇ فىغانۇ ،نالەيۇ زارى ،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل ، ئەي گۇلشەنۇ گۇلزار يىغلاتمە .
كۆرۈپدۇر ئارەزىڭنى ئول قۇياش سارىغە باقماسدۇر ،
بىرەر كۆرسەت يۈزۈڭنى ، ئانى ، ئەي دىلدار ، يىغلاتمە .
ئەگەرچە ئول يامان بولسا،خۇدانىڭ بەندەسىدۇر ئول ① ،
ئانى سەن قۇللۇغىدىن ئار ئېتىپ ، زىنھار يىغلاتمە .
ئېرۇر بىچارە ئى خارۇ زەئىفۇ ئاجىزۇ مەھرۇم .
ئاڭا رەھم ئەيلەگىل ، ئەي ساھىبى ئەسرار ، يىغلاتمە .
ياتىپدۇر ئىشىكىڭنى ياستانىپ ، شامۇ سەھەر يىغلاپ ،

① بەندەسىدۇر ئول ــ قول يازمىدا «بەندەسى باردۇر »دەپ يېزىلغان .

يۇرەكىن قان ئېتىپ ، كۆزلەرىنى خۇنبار يىغلاتمە .
ئۆلەرمەن فۇرقەتىڭدە ، گەر خۇدانىڭ بەندەسى بولساڭ ،
لەبى لەئلىڭنى قىلغىل ماڭا شەككەر بار ،يىغلاتمە .
قارىپدۇر خىزمەتىڭە ئۆلگۇدەك بولۇپدۇرۇر ئەمدى .
مۇرۇۋۋەت ئەيلە سەن ، ئەي نەرگىسى بىمار ، يىغلاتمە ،
قەلەندەردۇر غەرىبۇ بىكەسۇ بىچارەئى مەھزۇن ،
رەقىبى رەھم ئېتىپ زۇلم ئىلە سەن ئەغيار ، يىغلاتمە .



بىر گۇلنى كۆرمەدىم بۇلبۇلنى دىلشاد ئەيلەسە،
فۇرقەتۇ ھىجرانىدىن بىر لەھزە ئازاد ئەيلەسە .
تا قاچانچە ئول قىلۇر جەۋرۇ جەفاۋۇ زۇلمىنى ·
نې بولۇر ئەمدى بىرەر رەھمىنى بۇنياد ئەيلەسە .
كۆرگۈسىدۇر بىسۇتۇن تاغىدا كۆپ جەۋرۇ جەفا،
ھەر كىشى شىرىن ئۈچۈن ئۆزىنى فەرھاد ئەيلەسە .
يوقتۇرۇر كۆڭلىدەكىم بۇلبۇلغە قىلغاي ئىلتىفات ،
مەقسەدىدۇر كېچە ـ كۈندۈز زۇلمى بىداد ئەيلەسە .
تاڭ ئەمەسدۇر دېسەلەر ئانى سۇلەيمانى زەمان ،
كىمنىكىم بىر دىلبەرى لۇتف ئىلە ئىمداد ئەيلەسە .
دەۋزەخ ئوتىدا ئانىڭ جىسمى ،قەلەندەر، كۆيمەگەي ،
ئىشق ئوتىدا ھەر كىشى ئۆزىنى مۇئتاد ئەيلەسە .

نې بولۇر كەلسەڭ بىرەرھالىمنى سوراپ، قاشىمە،
رەھم قىلساڭ ئەي پەرى پەيكەر بۇ قانلىق ياشىمە.
لۇتف ئېتىپ سورغىل سەن ئەي ھۇرۇ پەرىزادى زەمان،
مېهنەتۇ دەردۇ غەمىڭدىن كەلدى نىلەر باشىمە.
ئايتىڭ ئەرزىمنى ئۇشۇل گۇلچېهرەئى نامېهرىبان.
ھەرنە قىلسام باقسۇن[ ئول ] پىنهان بىرلەن قاشىمە.
ئايتىڭىز رەھم ئەيلەسۇن، دېسۇنكى: [ ئول ھەم ] ئۆلمەسۇن،
دىلبەرى بىرەھمۇ زالىم شۇخى باغرى تاشىمە.
نەچچەلەر ئەرزىم دېسەم يىغلاپ قەلەندەر ئالدىدا،
بولمادى مەقبۇل بىرى ئول دىلرەبايى ياشىمە.

نېگە بولدۇڭ سەن ئەي ھۇرى زەمانە،
بۇ ياشلىقدە بېھشت سارى رەۋانە .
سەن ئېردىڭ كىشۋەرى ھۇسن ئىچرە سۇلتان ،
ياراتماي ئەيلەدىڭ بارماق بەھانە .
تۇگەتىپ ئىشرەتى دۇنيانى بىلكۇل ،
يەنە كەلگەن سارى بولدۇڭ رەۋانە .
تىلەرمەن مەنكى قىلسۇن ھەقتە ئالا ،
سېنىڭ جايىڭ بېھشتى جاۋىدانە .
تاپىلماس ئەمدى سەندەك پاك دامەن .
دېسەم مەن ئەي كاشغەر ئاشقانە .
مېنى غەم دەۋزەخى ئىچىندە تاشلاپ ،
بېھشت سارىغە باردىڭ بىغەمانە .
بار ئېردى بەسكى تەبئىڭ تولا نازۇك ،
جەھان خەلقىدىن ئالدىڭ سەن گەرانە .
ئىچىمدىن دەۋزەخ ئوتى ئەي پەرىزاد ،
ئۇرار شىددەت بىلە ھەردەم زەبانە .
ئۈتەر تۇققۇز فەلەكنى پارە ئەيلەپ ،
غەمىڭدىن قىلسام ئاھىمنى رەۋانە.
بىناگاھ ئۇچراسە ساڭا قەلەندەر ،
قىلۇرسەن سەن قاچارغە مىڭ بەھانە ،

دېدىمكى : ۋەفا قىلاي ساڭا ئۆلگۈنچە ،
دېدىكى : جەفا قىلاي ساڭا تويغۇنچە .
دېدىمكى : بىرەر سۆيمە ئەي گۈل ئۆلەرمەن ،
ئۆلمەك دېدى ياخشىراق ، سۆيگۈنچە .
دېدىم : ساڭا كۆيدۈم ئەي پەرىزادى زەمان .
ھەددىڭ سېنى بارمۇ ماڭا سەن كۆيگۈنچە .
دېدى : بۇ ھەۋەسنى قويغىل ، ئۇل شەمسى قەمەر ،
ئۆلمەك ماڭا ياخشى بۇ ھەۋەس قويغۇچە .
يوقدۇر ماڭا ، ئەي قەلەندەر ، سەبرۇ قەرار،
تا شۇم رەقىبىمنىڭ كۆزىنى ئويغۇنچە . △

قانچه ماڭدىم بۇ جەھاننىڭ سۇدىغە،
تادمادى ئىشىم مىنىڭ بىھبۇدىغە .
كىمكى ياتماي ماڭسە يىغلاپ كېچەلەر ،
ئەرتە يېتەر مەنزىلى مەقسۇدىغە ،
ساڭا بولسە ئەقلۇ ھۇش بىرلەن خىرەد ①،
گەر تاپىلسە بەندەئى مەسئۇدىغە .
قىبلەئى مەقسۇد ماڭا كويۇڭدۇرۇر ،
باش چالار ھەر كىمسە ئۆز مەئبۇدىغە ،
ئىشق ئەگەر ھۇسن ئىلە دەئۋا قىلسەلەر ،
رەھمەت ئۇلغاي شاھىدۇ مەشھۇدىغە .
كىم كۆتەرسە سۇرەتى ئول دىلرەبا ،
بەرگەسەن دەۋلەت ئانىڭ مەمدۇدىغە .
دەۋلەتى ئۇزمانى سەن تاپتىڭ دېگىل ،
يەتسە ھەر ساجىد ئەگەر مەسجۇدىغە .
جەۋرى دىلبەردىن ، قەلەندەر، گۇڭرامە ،
ناز ئېتە ھەر دەم ئاياز مەھمۇدىغە . △



① بۇ مىسرا قول يازمىدا « ساڭا بولسە ئەقلۇ ھۇش بىرلەن خىرەد دەۋلەتدۇرۇر »دەپ يېزىلغان .

بۇ كېچە باردۇر غەمگدىن هالى زارىم ئۆزگەچە .
بولدى هالىم ئۆزگەچە ، سەبرۇ قەرارىم ئۆزگەچە .
زۇلم ئېتەر گەرچە فىراقۇ هەجرۇ دەردۇ مېهنەتىڭ ،
ئولتۇرۇر يولۇمگە باقىپ ئىنتزارىم ئۆزگەچە .
ۋامىقۇ فەرهاد ، مەجنۇنۇ زىلەيخا ئىشق ئېلى ،
بارچە ئاشىقلاردىن ئېرۇر كاربارىم ئۆزگەچە .
كىمكى كۆردى قان ـ ياشىمنى دېدى ، ئېرمەسدۇر فىراق .
چىقتى ئاهىم بىلە ئىچىمدىن شەرارىم ئۆزگەچە .
پات يورۇمە سۇبهى سادىق سەن خۇدانىڭ هەققىدە،
بۇ كېچە ئول گۇل بىلە گۇفتۇ گۇزارىم ئۆزگەچە .
بار ئىدى ئو ل قۇندۇزى جەننەت نىشانىمغە مېنىڭ ،
يارۇ دۇستۇم ئۆزگەچە ،خىشۇ تەبارىم ئۆزگەچە .
قايدە قالغاي ماڭا ئەقلۇ هۇش ئىلە سەبرۇ خىرەد ،
بارچە دىلبەردىن دۇرۇر ئول رازدارىم ئۆزگەچە .
نى ئۈچۈنكىم بولماغاي بۇلبۇلدىن ئەفغانىم فۇزۇن ،
بارچە دىلبەرلەردىن ئېرۇر گۇلئۇزارىم ئۆزگەچە .
ئىشق ئېلىنى ئۆلتۇرۇر فۇرقەت بولالماس سەهل ئېرۇر ،
بۇ كېچە هەجرىدە باردۇر ئىختىيارىم ئۆزگەچە .
بېلىدە باغلاپ قىلىچ ، قولىدا تا تىغ ئابدار.
كېلەدۇر گۇلگۇن [ بولۇپ ] ئول شەهسۇۋارىم ئۆزگەچە .
نې ئۈچۈن كامىن دىلىم ئالەمدە هاسىل بولماغاي ،
ئۆزگە گۇلرۇخلاردىن ئېرۇر كام كارىم ئۆزگەچە .
بۇ كېلىشدىن ،ئەي قەلەندەر ، شادماندۇرمەن بۇكۈن ،
گەر شەهىد ئەتسە مېنى دەۋر هالى زارىم ئۆزگەچە . ▲

خۇنى دىلىمدىن ئەي شوخ بىتتىم ساڭا بۇنامە ،
كۆردۇم جەھاننى جانا ھەجرىڭدە مەن قىيامە .
يەنە ئاناڭ ئۆتتۇبدۇر تەقۋا بىلە مۇسۇلمان ،
نىدۇر بۇجەۋرى زۇلمۇڭ جانىمغە بەر دەۋامە ،

△ ............................................................



بۇلھەۋەسلەرنى سەن ، ئەي گۇلچېھرى ، مېھمان ئەيلەمە ،
قىيمەتى ھۇسنۇ جەمالىڭنى سەن ئەرزان ئەيلەمە .
سەن پەيكەر بولۇپسەن پادىشاھى بەھرۇبەر،
بۇ كۆڭۈل مۇلكۇڭدۇرۇر زۇلم ئىلە ۋەيران ئەيلەمە .
كۆرسەتىپ ئىككى لەبى ياقۇت شەككەر بارىنى .
كۆزلەرىمنىڭ قانىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەمە .

△ ............................................................

فۇرقەتى ھەجرىڭ مېنى كۆيدۈردى ئەي يار ئۆزگەچە ،
دەردۇ غەمدۇر ئۆزگەچە ھەم رەشك ئەغيار ئۆزگەچە .
باردۇر ئول ئىككى ئارادە فەرق يەردىن كۆككەچە ،
نافەئى چىن ئۆزگەچە ، ئول خالى رۇخسار ئۆزگەچە .
كافىرى مۇئمىنچە باردۇر فەرقى ئول ئىككى ئارا ،
كافىرى خەيبەردۇر ئۆزگە ، ئول سىتەمكار ئۆزگەچە .
دېمەكىم بىر بىرگە باردۇر ئول ئىكىنىڭ نىسبەتى ؛
نەرگىس ئېرۇر ئۆزگەچە ، ئول كۆزى بىمار ئۆزگەچە .
كىم دەپ ئوخشار ئىككىسى ئىمتىيازى يوقتۇرۇر ،
بىلقىس ئېرۇر ئۆزگەچە ، ئول شوخ تەررار ئۆزگەچە .
سەن رەقىبلەرنى دېمە باردۇر قەلەندەر بىرلە تەڭ ،
بۇلھەۋەسدۇر ئۆزگەچە ، ئول ئاشىقى زار ئۆزگەچە . ▲



دېمەكىم ئوخشايدۇرۇر بىرىگە، ئەي يار ئۆزگەچە،
باغى جەننەت ئۆزگەچە، ئول زىبىي رۇخسار ئۆزگەچە.
سۇبھەئى سەدايىڭە پەخر ئەتمە، ئەي زاھىد، كۆيەر،
تەسبىھىڭدۇر ئۆزگەچە، ئول زۇلفى ـ زۇننار ئۆزگەچە.
ئىككىمىزنىڭ بارەسىدە كۆپ تەفاۋۇت بىھساب،
باردۇر ئەغيار ئۆزگەچە، مەندەك دىل ئەفكار ئۆزگەچە.
كۆن بىلەن يۇلدۇزچە باردۇر فەرقى ئول ئىككى ئارا،
نەسرى باردۇر ئۆزگەچە، ئول نەزم ـ ئەشئار ئۆزگەچە.
كىمكى بولسە دانىشى ئەھلى خىرەد بىلگۇسىدۇر،
گەۋھەرى سۆز ئۆزگەچە، ئول دۇررى شەھۋار ئۆزگەچە.
باردۇرۇر[ كىم ] ، ئەي قەلەندەر، ئىككىنىڭ ئوتتۇراسىدە،
ئارەزىدۇر ئۆزگەچە، گۇل بىرلە گۇلزار ئۆزگەچە. ▲



ئايۇ كۈندۈر ئۆزگەچە، ئول ماھى دەۋران ئۆزگەچە،
گۈلرۇخۇمدۇر ئۆزگەچە، خۇرشىدى تابان ئۆزگەچە.
ئول ئىككىسىنىڭ ئاراسىدە تەفاۋۇت باردۇرۇر،
لەبلەرىدۇر ئۆزگەچە، لەئلى بەدەخشان ئۆزگەچە.
ئۆچرادى يولدا ماڭا ئول مەھۋەشى شىرىن زەبان،
ئالدىدە جان بەرمەدىم مەن كىم پۇشەيمان ئۆزگەچە.
بۇلبۇل ئوخشە تاكى كۆردۈم ئول گۇلى رۇخسارىنى،
مەن قىلۇرمەن ھەر زەمان فەريادى ئەفغان ئۆزگەچە.
ئوخشەماسدۇر لەيلىيۇ شىرىنۇ بىلقىسى زەمان،
نې ئۆچۈنكىم باردۇرۇر ئول پاكى دامەن ئۆزگەچە.
كىمكى بار دەر نىسبەتى ئول ئىككىسىنىڭ ئەقلى يوق،
سۇنبۇل ئېرۇر ئۆزگەچە، زۇلفى پەرىشان ئۆزگەچە.
ھۇققەئى ئاغزىدادۇر ھەربىر تىشى دۇررى خۇشاب،
تىشلەرىدۇر ئۆزگەچە، ئول گەۋھەرى جان ئۆزگەچە.
بەرسە تەڭرى ماڭا يۈزلەنسە ئەگەر دەردى ئانىڭ،
جانۇ كۆڭۈلگە قىلاي دەردىنى مېھمان ئۆزگەچە.
تۈشىدە گەر كۆرسە ئانى بەختىم مەدەت قىلسە ئەگەر.
جاننى قىلسام ئالدىدا ھەر لەھزە قۇربان ئۆزگەچە،
تا تىرىك باردۇر قەلەندەر دەردىن ئىستەر سۇبھى ـ شام،
دەرد غەمدۇر ئۆزگەچە، گەر بولسە دەرمان ئۆزگەچە. ▲



..................................................................

كۆزۈ قاشۇ زۇلۇق ئىلە ھەم ئارەزۇ خالۇ خەتىك ،
كۆرمەگەندۇر ھېچ كىشى ھەرگىز ئۇلار ئوخشە سىپاھ .
ئول نىگارى دىلرەبا ۋەسلىن ، قەلەندەر ، ئىستەمە ،
سەن ئېرۇرسەن بىر گەدا ئول دىلرەبادۇر پادىشاھ . △



سەداقەت تەختى ئۆزرە ئېردى ئول شاھ ،
ئەسالەت چەرخى ئۆزرە مېھر ئىلە ماھ .
لىقائۇللاھغە بولۇپ ئول تەلەبكار ،
ھەبىب سارىغە بولدى ئازىمى راھ ،
ھەر ئىشكىم ئول قىلۇر ئېردى جەھاندە ،
ئەدەب بىرلەن ھەمىشە ھەقدىن ئاگاھ .
غۇرۇب قىلدى قۇياشى ئۇمرى ئانىڭ .
ئەجەلنىڭ تىغىغە ئۇچراپ بىناگاھ ،
جەمالى ئېردى بۇ دۇنيانى نۇرى ،
ھىدايەت قىلسە ئاڭا نۇرى ئەللاھ .
كىم ھەر مىسرەئ باشىدىن ئالسە ھەرفى ،
قۇياشدەك رەۋشەن ئولۇر ئاتى ۋەللاھ .
ئوشۇل ھۇرى - پەرىۋەش كەتتى قويۇپ ،
قەلەندەر جانىغە يۈز ھەسرەتۇ ئاھ . △

يوقتۇ غەيرى لالە بۇتكەن ئىشق ئېلىنىڭ باغىدە ،
مۇندىن ئۆزگە گۇل تاپىلماس ئىستەسەڭ ھەم تاغىدە ،
كۆرۈنۈر قىبلەنەمادەك ئاشكارا كۆزۈڭە ،
تاش يۈرەكى گەر باقار بولساڭ ئانىڭ قۇرساغىدە .
كۆرمەگەي ھەرگىز جەھاندە ئول يامانلىقنىڭ يۈزىن ،
دەھر ئارا قويسە قەدەمنى ھەر كىشى ئۆز چاغىدە .
مەن نېچۈك قىلغۇمدۇر ئول شوخى ستەمگەرگە خىلاف ،
كۆرەدۇر رويى زەمىننى دىلبەرىم تىرناغىدە .
ھەقتەئالانىڭ ئىشىنى ، ئەي قەلەندەر ، كۆرگەسەن ،
بىر گۇلى نەۋرەس قۇلى قىلدى قارىلىق چاغىدە . △



هۇسن ئىلىدە يوقتۇ سەندەك پادىشاھى ئالىيجاھ ،
تالڭ ئەمەس هۇرى – پەرى بولسۇن ساڭا خەيلۇ سىپاھ .
ئارەزىم بولدى سەرىغۇ كۆزلەرىمدىن قان ئاقار ،
بۇ ئىكىسى باردۇرۇر ئىشقىمگە ئەي گۈلرۇخ گۇۋاھ .
نې ئۈچۈن خۇبلار ساڭا قۇل بولمىسۇن ئەي سىيمبەر ،
ئۆتمىگەن سەندەك يەنە ئالەم ئىچىندە پادىشاھ .
هەق ياراتتى خىلقەتىڭنى گويىيا ئۆز نۇرىدىن ،
ئوخشاماسدۇر ساڭا بىر بولسۇن ئەگەر كىم مىھرۇماھ .
جانۇ دىل بىرلەن ساڭا مىسكىن قەلەندەردۇر قۇلۇڭ ،
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ قىلماغىل هالىن تەباھ .△



سەن دەۋلەتۇ ئىززۇ جاھ بىرلە ،
مەن دەرد فىراقۇ ئاھ بىرلە .
ئىشقىڭدەدۇ كۆز ياشىم بىلە قان ،
بۇ ئىككىسىدۇر گۇۋاھ بىرلە .
مەن يەردە ساڭا نېچۇك يېتەرمەن ،
سەن سەن قۇياش ئىلەماھ بىرلە .
سەندىن نېچۇك ئىشق ئېلى قۇتۇلسۇن ،
ھۇسن ئېلى ساڭا سىپاھ بىرلە .
ئول شاھى جەھانۇ مەن قەلەندەر ،
كىم كۆردى گەدانى شاھ بىرلە .△



مېنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە گۇمراھ ،
بۇ غەمدىن تارتادۇرمەن ھەر زەمان ئاھ .
فىغانۇ نالە بىرلەن يىغلاشۇر قان ،
مېنىڭ ھالىمدىن ئەل گەر بولسۇن ئاگاھ .
تاڭ ئېرمەس بارچە ئالەم شاھى بولساڭ ،
ئېرۇر بەختۇ سەئادەت ساڭا ھەمراھ .
خۇداغە زەمان شۇكرانەلەر قىل ،
بېرىپدۇر ساڭا ئىززۇ دەۋلەتۇ جاھ .
دەمى دىلبەر بىلە قويمايدۇ ھەرگىز ،
رەقىبى بەددىيانەت شۇم بەد خاھ .
مۇرادىم بۇدۇر ئەي خۇرشىدى تابان ،
سېنى قىلسۇن خۇدايىم دەھر ئارا شاھ .
بولۇپسەن بۇ جەھاندە ھۇسن شاھى ،
نېھەد ساڭا تەڭ ئولغاي مېھر ئىلە ماھ .
قۇلاق سالمايدۇرۇر ۋەسفىگە ئول شوخ ،
قىل ئەمدى ئەي قەلەندەر سۆزنى كۇتاھ . △



كۆككە ساۋۇردۇم ۋۇجۇدۇم تۇفراغىنى ئاھ ئىلە ،
تەن ئۆيىن بۇزدۇم يىغايۇ نالەئى جانگاھ ئىلە .
غۇربەتۇ ئىشقۇ مۇھەببەت بىرلە ھەم بىمارلىق ،
قىلدىلار جەۋرۇ جەفالار جانىمە ئىكراھ ئىلە .
ئول پەرىزادى زەمانىنىڭ ۋەسلىغە ئەي دوستلار ،
مەن نىچۈك يەتكۈمدۇرۇر بۇ تالئى گۇمراھ ئىلە .
يوقدۇرۇر بىر زەررە پەرقى ، ئەي مۇسۇلمانلار ، بىلىڭ ،
كىشۋەرى ئىشقۇ مۇھەببەتدە گەداۋۇ شاھ ئىلە .
دىلبەرىڭ ۋەسلىغە يەتمەكلىك قەلەندەر دۇرمەھال ،
كىچەۋۇ كۈندۈز مۇساھىب باردۇ مىھرۇ ماھ ئىلە .△



يۈزۈڭدەك يوقتۇرۇر ، ئەي سىيمبەر ماھ ،
لەبىڭدەك يوقتۇرۇر شەھدۇ شەكەر ماھ .
ئەجايىب غۇنچەئى خەنداندۇر ئاغزىڭ ،
تىشىڭدەك يوقتۇرۇر دۇررۇ گۇھەر ماھ .
ئىرۇر قەددىڭ سىنىڭ سەرۋى خىرامان ،
ۋەلى خۇيۇڭ سىنىڭ باردۇر شەرەر ماھ .
سىنى ئۆزۈمگە ئاشىق ئەيلەر ئىردىم ،
سۆزۈمگە بولسە ئىردى گەر ئەسەر ماھ .
بارى ئەسرارى ئالەمنى بىلۇرسەن ،
ئىرۇرسەن لىك مەندىن بىخەبەر ماھ .
مۇسۇلمان ھىچ كىشى دىمەسدۇر ئانى ،
كىشى سەندىن ئەگەر قىلسۇن گۇزەر ماھ .
مىنىڭ ھالىمدىن ئولغىل سەن خەبەردار ،
رەقىبدىن ماڭا باردۇر كۆپ خەبەر ، ماھ ،
بولۇر جەمشىدۇ ئىسكەندەر ـ قەلەندەر ،
ئاڭا قىلساڭ ئەگەر كىم بىر نەزەر ، ماھ . △



ئېرۇر ئاشىق ئوشۇلكىم بەندە بولسە ،
نېكىم نەفسى بىلە دەرماندە بولسە .
ئوشۇل دىلبەركى ئاشىق پەرۋەر ئېرمەس ،
ئەگەر يۇسۇفدۇرۇر زىندانده بولسە .
ئەگەر ئۇششاق پەرۋەر بولسە ئول شوخ ،
مەكانى ئول پەرىنىڭ جاندە بولسە .
كېرەك ھەجەردەك ئولسە ئېئتىقادى ،
ئەگەر كىم دىلبەرى كىرماندە بولسە .
ئاگا جانىن فىدا قىلسە ئېرۇر ئاز ،
ئەگەر كىم ئەھدە ئىلە پەيماندە بولسە .
ئەگەر كىم ئىشىق ئېلىگە بولسە دۇشمەن ،
ھەمىشە ھەسرەتۇ ئارماندە بولسە .
قەلەندەر دەۋزىخىدۇر سەنسىز ، ئەي شوخ ،
ئەگەر كىم جەننەتۇ رىزۋاندە بولسە . ▲



ئەگەر بوينۇمغە زەنجىرى قولۇمغە يۈز كەمەند ئولغاي ،
بەناگاھ دەردىمەندىغە تەرەف نادەردمەند ئولغاي .
جەھان لەززەتىدىن ئۆزگە كۆكۈلنى قىلماي ئەندىشە ،
قايۇ بىچارە بىر مەھۋەش پەرى زۇلفىغە بەند ئولغاي .
كۆكۈل بەرسە بىرۈر بىر مەھۋەشى شوخىغە ، تاڭ ئېرمەس ،
مېنىڭدەك ئاجىزۇ زارۇ زەئىفۇ مۇستەمەند ئولغاي .
بېھىشت ئىچرە ئەگەر ئولسام ئانىڭسىز ، دەۋزەخىم ئولدۇر ،
ئەگەر دەۋزەختە بولسام ئول بىلە نې غەم گەزەند ئولغاي .
ئەگەر بوينۇمغە ئاسسە زەنجىرى زۇلفى سەمەنسانىن ،
دىمەڭكىم كەئبە قەندىلى تەنابىدىن كەمەند ئولغاي .
جەفاۋۇ جەۋرۇ مېھنەت بىرلە ئۆمرى خىزمەتىن قىلسام ،
نې بولغاي ئىلتىفاتىدىن ماڭا بىر نۇش خەند ئولغاي .
يامان كۆز تەگمەسۇن ھۇسنۇ جەمالىڭگە دەپ ئەي دىلبەر ،
جانىم ئوت مەجمەر ئىچرە ، ئەي پەرىزادىم ، پىسەند ئولغاي .
كىشى بەرسە كۆكۈل بىر مەھۋەشى نامېھرىبانىغە ،
تاڭ ئېرمەستۇر ، مېنىڭدەك ئەلگە گەر خارۇ نەژەند ئولغاي .
قەلەندەردەك قۇلۇك يوقتۇر جەھاندا ، ئەي پەرى پەيكەر ،
بىرەر لۇتفۇ كەرەمدىن نې بولۇر ئول مېھرمەند ئولغاي .

ئىلتتى كۆڭلۈمنى خوتەندە بىرئەجايىب دىلبەرى ،
ئول پەرىۋەش نازەنىن بىر باقمادى ئاشىق سارى .
كىم كۆرۈپدۇر بۇ جەھان ئىچىندە مەندەك زارنى ،
يۈرەكى ، باغرى كەبابۇ كۆزلەرى خۇنبارنى .
تا ساڭا بەردىم كۆڭۈلنى ، ئەي مەھى نامېھرىبان ،
كۆرمەدى ھېچكىم بۇ ئالەم ئىچرە مەندەك خارنى .
نې بولۇر قەتل ئەيلەسەڭ سەن ھەيدەرى كەرراردەك ،
شۇم رەقىبى زالىمى خۇنخارەئى بەدكارنى .
نې ئىلاج ئەيلەي ، مۇسۇلمانلار ، مەن ئول سەييادغە ،
جان قۇشۇمغە دام ئېتىپدۇر تۇررەئى تەررارنى .
نې بولۇر كىم ماڭا ھەم بىر ئىلتىفاتى ئەيلەسەڭ ،
لۇتفۇڭ ئىلە قۇل قىلىپسەن مۇئمىنۇ كۇففارنى .
قىلمادى جەمشىدۇ ئىسكەندەرگە بۇ دۇنيا ۋەفا ،
چالغىل ، ئەي مۇترىب ، رەبابۇ قانۇنۇ سەتارىنى .
دەۋر ئەگەر سۈرسەڭ سۈلەيماندىن سەن ، ئەي ئالىي گۇھەر ،
قىلدۇرۇر ئاخىر سىېنى ، بۇ چەرخى ناھەمۋارنى .
تاپمادىم ئىستەپ ، قەلەندەر ، دەھر ئارا باشدىن ئاياغ ،
دېگەلى رازى دىلىم بىر ساھىبى ئەسرارنى .



ئۆرتەدى ساۋۇغلىغىدىن جىسىم ئىلە جانىمنى دەي ،
تۇت ماڭا بىر جامى مەي ، ئەي ساقىئى فەرخۇندە پەي .
ھېچ تاپىلماسدۇر جەھان ئىچىندە بىر ئەھلى ۋەفا ،
سەئيىلە قىلساڭ ئەگەركىم بۇ فەلەك ئاستىنى تەي .
باغلاغىل رەختى سەفەر بارماق ئۈچۈن ئامادە بول ،
قالماغاي ئۇشبۇ جەھان ئىچىندە ئاخىر ھېچ شەي .
① ..............................................................



① بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوقالغان .

نې بولغايكىم بىرەر كۆرسەم نىگارى مېھرىبانىمنى ،
فىدا ئالدىدا قىلسام زەۋق ئىلە جانۇ جەھانىمنى .
مۇيەسسەر بولسا ئۇمرۇمغە ئەگەر كىم بىر يۈزىن كۆرسەم ،
تەسەددۇق ئەيلەسەم ئول سەرۋىگە بۇ تەندە جانىمنى ①.
نېدىن فەرھاددەك بولماي جەھاندا ، ئەي مۇسۇلمانلار ،
كۆكۈل مىرئاتىدا كۆردۈم ئوشۇل شىرىن زەبانىمنى .
دېمەي ئادەمنى يالغۇز، بەل مەلائىك ھەم چىدايالماس ،
چىقارسام گەر ئىچىمدىن نالەۋۇ ئاھۇ فىغانىمنى .
تاڭ ئېرمەسدۇر ، زىلەيخادەك قارىلىق چاغدا ياش ئولسام ،
كۆرەر بولسام ئەگەر كىم دىلبەرى يۇسۇف نىشانىمنى .
تاپائالماي يۈرۈپدۇرمەن جەھاندا بىسەرۇ سامان ،
سوراي كىمدىن ئوشۇل گۇل چېھرەئى ئەبرۇ كەمانىمنى .
غەمۇ دەردۇ ئەلەمدىن قورقۇشۇپ جان بەرسە تاڭ ئېرمەس ،
ئىشتۇر بولسا گەر فەرھادۇ مەجنۇن داستانىمنى .
قەلەندەر ، ئازدۇرۇر ئول دىلبەرى نا مېھرىبانىمغە ،
فىدا قىلسام ئەگەر كىم جان بىلە ھەم خانۇمانىمنى .



① بۇ مىسرا قول يازمىدا: « تەسەددۇق ئەيلەسەم جانىمنى ئول سەرۋى رەۋانىمنى » دەپ يېزىلغان .

قۇياش كۆردى يۈزۈڭ خىجلەت بىلە يەر ئاستىدا ياتتى ،
خۇداۋەندىم كەمالۇ قۇدرەتىنى ساڭا كۆرسەتتى .
گۇناھىم نې ئىدىكىم قۇندۇزى جەننەت نىشانىمدىن ،
فەلەك سالغۇ تاشىدەك چۆرۈلۈپ خوتەن سارى ئاتتى .
نەچەيىل ئوقۇدۇڭ ، گويا مۇئەللىم ، ئەي پەرى پەيكەر ،
جەفا قىلماقنى ساڭا ئول مەگەر ئىلمىنى ئۆرگەتتى .
جەھاندا تاكى چىقتىڭ ھۇسنىڭ تەختىدە سۇلتاندەك ،
پەرىۋەشلەر بارى خىجلەت بىلە باشىن قويۇپ ئاتتى .
كۆڭۈلكىم تۇشتى دامىڭغە ، قۇتۇلماقلىق ئېرۇر مۇشكىل ،
جەھاننىڭ فىتنەسىنى ئىككى جادۇ كۆزۈڭ ئويغاتتى .
گۇناھى نې ئىدى بىلمەكى چەرخى دون كەجرەفتار ،
قەلەندەرنى سېنى دەردۇغەمۇ ھىجرانىڭا ساتتى .



شەككەرىن لەئلى لەبىڭنى تۇشدە كۆرسەم كاشكى ،
شۇم رەقىبىنىڭ رەشكىدىن كۆزىنى ئويسام كاشكى .
يەتتە ئىقلىمنىڭ شەھى بولغۇنچە ، ئەي ساھىب جەمال ،
قۇللارىڭدەك ئىشىكىڭدە دەۋر سۇرسەم كاشكى .
تا قاچانچە كۆڭلۈمە ۋەسلىڭنى قىلغۇمدۇر خەيال ،
ئارەزى خۇرشىد تابانىڭنى كۆرسەم كاشكى .
بۇدۇرۇر ئۇشبۇ جەھاندا مەقسەدىم ، ئەي دىلرەبا ،
خىزمەتىڭگە ، ئەي پەرى ، ئۆلگۈنچە يۈرسەم كاشكى .
كېچەيۇ كۈندۈز تىلەكىم ھەقتە ئالادىن مۇراد ،
شەككەرى لەئلى لەبىڭنى تۇشدە كۆرسەم كاشكى .



ھېچ كىشى مەندەك سىنلىڭ ئىشقىڭدا شەيدا ئولمادى ،
چىقتى مەجنۇن مەندەكۇ ئول ئەلگە رەسۋا بولمادى .
تاپمادى ھەرگىز سەلامەتلىك مۇھەببەت شەھرىدە ،
كىمگەكىم مۇلكى مەلامەت ئاڭا مەئۋا بولمادى .
تالىبى راھەت دېسەڭ تەركى مۇھەببەت ئەيلەگىل ،
كەچمەيىن جان نەقدىنى ھېچكىمگە سەۋدا بولمادى .
گەۋھەرى مەقسۇدىنى ئول تاپمادى بۇ بەھر ئارا ،
كىمگەكىم ئىشقى مۇھەببەت دەردى پەيدا بولمادى .
ئاھ ئوتىدىن تولدى ئالەم ، بولماسا يوق ئېردى ئوت ،
كۆز ياشىم تا قۇيمادىم ھەجرىڭدە دەريا بولمادى .
تاپغۇسىدۇر ھۇسن ئېلى ئىشق ئېلىدىن قەيزۇ فۇتۇھ ،
تا قانىمنى تۆكمەدى ، ئول لەئل گويا بولمادى .
نە ئىلاج ئەيلەي ئوشۇل بەد مىھر كافىر كىشىنىڭ ،
دىن ئېلىن قەتلىن ئېتەرگە زەررە پەرۋا بولمادى .
كەچمەدى تا نەڭگۇ نامۇسدىن قەلەندەر دەھر ئارا ،
سىككەئى ئىشقى مۇھەببەت نەقشى بەرجا بولمادى .



بىلسە ئېردىم ئىشقىنىڭ زۇلمى ئىلە يا لەيتەنى ،
تۇتماس ئېردىم ئۆلگۈچە ھەرگىز مۇھەببەت ئوتىنى .
تەگمەسۇن ھۇسنۇڭغە كۆز دەپ پەردەئى جانىم ئۇزە ،
تەئۋىز ئەتسەم ساڭا جانا ئىن پىگار ئاياتىنى .
مەقسەدىم باردۇر پەرىۋەشلەر يارى رەھم ئولسەلەر ،
ئەيلەسەم ھۇسنۇ جەمالىڭ ۋەسفىنى ئىسباتىنى .
كۆرمەدىڭ ئەي دىلبەرى خۇرشىدى گۇلچېرە جەھان ،
مۇقتەبەس ئەيلەر ئۆزىگە ھەر كۈنى زەرراتىنى .
قالمادى ئەز بەسكى ماڭا تاقەتۇ سەبرۇ قەرار ،
كېچەۋۇ كۈندۈز ئوقۇر مەن ۋەسفى ئول ئەبياتىنى .
مەن ئەگەر ئۆلسەم چىدالماي ، ئەي مۇسۇلمانلار نېتاڭ ،
رۇستە مۇبەررزۇغە نەھەد تارتسە ئىشق ئافاتىنى .
باردۇرۇر ساڭا قەلەندەر تۇتىئى بىخانۇمان ،
نې بولۇر كۆرسە بىرەر جانا يۈزۈڭ مىرئاتىنى .



كۆرمەدىم سەندەك جەھاندا مەھۋەشى دىلدارنى ،
دىلبەرى شىرىن زەبانۇ شوخ گۇل رۇخسارنى .
بىر سېنىڭدەك يوقتۇرۇر دۇنيادە ئىززەت تەختىدە ،
ھەم مېنىڭدەك كىم كۆرۈپدۇر ساھىبى ئازارنى ؛
مەن ياماندىن قاچسە كىم ئول خالىقى پەرۋەردىگار ،
گۇلغە قىلدى ھەمنىشىن گۇلشەن ئىچىندە خارنى .
ئەي پەرىزادى زەمانىم يوقتۇرۇر قەدرىڭ سېنىڭ ،
تاجى سەر قىلسام ياراشۇر ساڭا ئوخشە يارنى .
تا قاچانچە سەن قىلۇرسەن نازۇ ئىستىغنا ماڭا ،
بىر گىنە سۆزلەت ، قۇلۇڭگە لەئلى شەككەر بارنى .
گەرمۇسۇلمانزادە بولساڭ ، قىل قەلەندەرغە كەرەم ،
جەۋرۇ زۇلمەڭ بىلە سەن ئۆلتۈرمەگىل بۇ زارنى .
ئاشىق ئېرسەڭ ، ئەي قەلەندەر ، كېچە ـ كۈندۈز دەرد ئىلە ،
بۇلبۇل ئوخشە قىل ئوشۇل گۇل ۋەسفىغە گۇفتارنى .



بىر پەرى پەيكەر مېنى ھىجرانىڭا زار ئەيلەدى ،
يۈرەكۈ باغرىمنى قان ، كۆزۈمنى خۇنبار ئەيلەدى .
مەقسەدى نې ئېردى بىلمەم ئول پەرىزادى زەمان ،
خەنجەرى خۇنرىز ئىلە سىينەمنى ئەفگار ئەيلەدى .
ئول پەرى ئوخشە بولۇر دۇنيا ئىچىندە كامران ،
كىمگە [ كىم ] بەختۇ سائادەتنى خۇدا يار ئەيلەدى .
شۇم رەقىبىمنى ئۆزىگە مەھرەمۇ قىلدى ئەزىز ،
مەن غەرىبى ئاجىزى بىچارەنى خار ئەيلەدى .
كۆزلەرىمنى قان ئېتىپ قىلدى يۈرەك ـ باغرىم كەباب .
بۇ جەفانى ماڭا ئول شوخى ستەمكار ئەيلەدى .
شەيخ سەنئاندەك ماڭا ئول مەھۋەشى تەرسا سىفەت ،
قاشلارىنى بۇت قىلىپ زۇلفىنى زۇننار ئەيلەدى .
دەھر ئارادە ، ئەي قەلەندەر ، بۇ ئىشىدىن شادمەن ،
شۇم رەقىبىمنىڭ باشىنى لايىقى دار ئەيلەدى .



نې ئىلاج ئەيلەيكى ، قەدرىمنى نىگارىم بىلمەدى ،
فۇرقەتۇ دەردۇ غەمىمنى گۇلئۇزارىم بىلمەدى .
مۇنچەھەم زالىم بولۇرمۇ ئول پەرىزادى زەمان ،
ئۆلدۇم ھىجرانى بىلە ئول كامكارىم بىلمەدى .
يۇقتۇرۇر بىرەھم ، زالىم بىر ئانىڭدەك دەھر ئارا ،
يولىدا ئاقاردى كۆزۇم ئىنتىزارىم بىلمەدى .
قان يۇتارمەن ھەر زەمانى مېھنەتى ھىجرانىدا ،
ئول غۇرۇرى ھۇسنىدىن بۇ كار بارىم بىلمەدى .
تۇتمادى بۇ دەردلىقدىن ، ئەي قەلەندەر ، جۇرئەئى ،
ياكى ياشلىقدىن مېنى ئول گۇل خۇمارىم بىلمەدى .



ئېرۇرسەن بارچە دىلبەرلەرنى خانى ،
سېنىڭدەك يوقتۇرۇر يۇسۇف نىشانى .
سۈچۈك سۆزلۈك ① بولۇپ خويۇڭنى تۈزگىل ،
بېرىپدۇر ساڭا تەڭرىم كامرانى .
سەلامەت بولغىل ئافاتى زەماندىن ،
ئېرۇرسەن بائىسى ئەمنۇ ئەمانى ،
خەيالىڭ باردۇرۇر ئىچىمدە ئانداق ،
سەدەف قۇرساقىدۇر گەۋھەر مەكانى ،
قارىلىق چاغىدۇر رەھم ئەيلەگەيسەن ،
قەلەندەرغە سەن ئەي جانى جەھانى .



① بۇ سۆز قول يازمىدا « سولوك » دەپ يېزىلغان .

نې كۈنى بولغايكى كۆرسەم ئۇل پەرىۋەش يارنى ،
يۈزىدىن قىلسام مۇنەۋۋەر دىيدەئى خۇنبارنى .
جان تاپار بولسام تاڭ ئىرمەسدۇر يۈزۈڭ كۆرگەن زەمان ،
نې ئولۇر بۇلبۇل كۆرەر بولسە گۇلۇ گۇلزارنى .
گەر دېسەڭكىم ئۆلمەسۈن تۇتى فىراقىمدىن مېنى ،
سۆزگە كەلتۈرگىل بىرەر ئۇل لەئلى شەككەر بارنى .
ئارەزى خۇرشىد ، تىشلىڭ باردۇرۇر دۇررۇ گۇھەر ،
كىم كۆرۈپدۇر دەھرا ئارا سەندەك پەرى رۇخسارنى .
بۇلبۇلى شىرىن زەباندەك ، ئەي قەلەندەر ، ھەر زەمان ،
قىلغىل ئۇل گۇل ۋەسفىغە سەن بىر نەچە گۇفتارنى .



بىر پەرى پەيكەر مىنى ئىشقىدا ھەيران ئەيلەدى ،
يۈرەكىمنى كۆيدۈرۈپ ، كۆزۈمنى گىرىيان ئەيلەدى .
نې ئۆچۈن مەن بولمايىن ئالەم ئىچىندە پادىشاھ ،
لۇتف ئېتىپ ئول دىلرەبا ئۆزىنى مېھمان ئەيلەدى .
بىردەمى راھەت يۈزىنى كۆرمەدىم ، ئەي دوستلار ،
تاكى باغرىمنى نىگارى نازەنىن قان ئەيلەدى .
قانچە قىلدى جانىمە ئول دىلرەبا جەۋرۇ جەفا ،
شۇكرىلىللاھ ! ئاقىبەت دەردىمگە دەرمان ئەيلەدى .
بارچە شەھلەرنى شەھى بولۇپدۇرۇر ھۆرى زەمان ،
تاقەلەندەرنى ئۆزىگە بەندە فەريان ئەيلەدى .
قۇدرەتى باردۇر ئەجايىب ئەقل قاسىردۇر ئاڭا ،
تەن ئىچىندە ھىكمەت ئىلە جاننى پىنھان ئەيلەدى .



هېچ كىشى مەندەك ساڭا، ئەي شوخ، مەقبۇل ئولمادى،
بولمادى ھەرگىز شەھىدكىم ساڭا مەقتۇل بولمادى.
بۇ جەھان ئىچىندە ھەرگىز بولماغاي گەۋھەر نىشان،
ئول كۆڭۈل ئىشقىڭ بىلەن دۇنيادا مەشغۇل ئولمادى.

①..................................................................

..................................................................

دېمە بولدى دەھر ئارادە ئەيش بىرلەن كامران،
كىم پەرى پەيكەر نىگارى بىلە مەۋسۇل بولمادى.
ئۆتكەرەي دېسەڭ گۇناھىنى، سەن ئەي، ساھىب خىرەد،
گەر قەلەندەر بولسا ھاجەت ئاڭا مەنقۇل ئولمادى.



① بۇ يەردە قول يازمىنىڭ تەخمىنەن بىر ۋارىقى كەم.

بۇلبۇل ئوخشه ئەل تىلەر ۋەسلىن گۇلۇ گۇلزارنى ،
مەن تىلەرمەن كېچە ـ كۈندۈز فۇرقەتۇ ھىجرانىنى .
ئەي مۇسۇلمانلار ، كېتەرمەن ھەسرەتۇ ئەرمان بىلە ،
تۆكمەسەم تا شۇم رەقىبى بەد دىيانەت قانىنى .
ئارەزى بولدى خەزاندەك ئول پەرىنىڭ زەئفدىن ،
بۇ كەسەلنى سەن كۆتەرگىل يا رەب ، ئانىڭ ھارىنى .
كۆڭلۈمە قالمايدۇرۇر دۇنيادە ھەرگىز ئاررزۇ ،
يانە بىر كۆرسەم ئەگەر ئول غۇنچەئى خەندانىنى .
سەن بولۇپ دېگىل ئانى ، ئەي ئاقىلى جەننەت ئاسان ،
جان بېرۇر چاغدا ، قەلەندەر ، كۆرسە گەر جانانىنى .
ئاجىزۇ بىچارەيۇ دەرماندەۋۇ زارۇ غەرىب ،
سەن ئاخىر دەمدە ئەتا قىلغىل ئاڭا ئىمانىنى .
كۆيسە گەر دەۋزەخ ئوتىدا ، ئەي قەلەندەر ، تاڭ ئەمەس ،
تۇتماسا ئەمرى بىلەن ھەركىم ئەگەر فەرمانىنى ،



گەر سېنى كۆرسەم ، نىگارا ، باشىمە ئەفسەر قىلاي ،
ھەم نىسار ، ئەي دىلرەبا ، باشىڭغە سىيمۇ زەر قىلاي .
قۇللۇغۇڭ قىلسام مۇيەسسەر بولساڭ ، ئەي سۇلتانى ھۇسن ،
خىزمەتىڭنى جان بىلە ، ئەي شوخ سىيمىنبەر ، قىلاي .
ماڭا گەر قىلساڭ سەن ، ئەي خۇرشىدى تابان ، ئىلتىفات ،
گەر تىرىك بولسام سېنىڭ ۋەسفىڭدە يۈز دەفتەر قىلاي .
كىمكى ۋەسفىڭنى ئىشىتتى ، ئەي پەرىزادى زەمان ،
كېچەۋۇ كۈندۈز خەيالى بۇ ئانى دەربەر قىلاي .
لۇتف ئېتىپ كىرسەڭ ئەگەر بۇ كۈلبەئى ۋەيرانىمە .
گەر غىزا دېسەڭ مۇيەسسەر شەھد ئىلە شەككەر قىلاي .
تاپماسۇن يول دەپ كويۇڭغە شۇم رەقىبى بەدنەژاد ،
تاش بىلەن ئىشلەپ ئانى مەن قەلئەئى خەيبەر قىلاي .
باغى ۋەسلىڭنى قەلەمدەرغە بىرەر كۆرسەتمەسەڭ ،
كۆز ياشىمنى فۇرقەتىڭدىن لالەئى ئەھمەر قىلاي .

① ..............................................................

ماڭا لۇتف ئەتكەلى ئول دىلبەرى شوخى پەرىزادىم ،
رەقىبنى جەۋر - زۇلم ئىلە ئىككى كۆزىنى ئويدۇردى .
نې ئېردىم تەگرىمە بىلمەم گۇناھىم ، ئەي مۇسۇلمانلار ،
بىھىشتى قۇندۇزۇمدىن بۇ خوتەن سارىغە كەلتۇردى .
ئىلاھا ، بەرگەسەن رەھمى ئوشۇل شوخى سىتەمگەرگە ،
جەفايۇ جەۋر زۇلمىنى ماڭا ئول ھەددىن ئاشۇردى .
نېدىن ئۆلمەي قەلەندەر بۇ سەبەبدىن زارلىق بىرلە .
مېنى يىغلاتتى قانۇ شۇم رەقىبنى تۇرفە كۈلدۇردى .

① قول يازمىدا بۇ غەزەلنىڭ باش قىسمى يوق .

بارۇر ئېردىم ئاتلانىپ يولدا نىگارىم ئۇچرادى ،
بىلقىسۇ ھۇرۇ پەرى ئول گۇلئۇزارىم ئۇچرادى .
باش ئاياغىغە قويۇبان ① دېدىم : ئەي سۇلتانى ھۇسن ،
دەۋلەتىم قىلدى مەدەد كىم شەھسۇۋارىم ئۇچرادى .
بۇدۇرۇر گەردۇنى دونۇ چەرخى ۋاژۇنى ئىشى ،
مەن خەزان بولغان چاغىمدا نەۋبەھارىم ئۇچرادى .
تاۋۇس ئوخشە بار ئىدى ھەر داغىم ئۆزرە نەچچە داغ ،
داغلىغ كۆڭلۈمگە شوخى لالە زارىم ئۇچرادى .
ئۇزنى باردۇر گەر دېسەم بولدۇم ، قەلەندەر ، پادىشاھ ،
تا ماڭا ئول نازەنىنى بەختى يارىم ئۇچرادى .



① قول يازمىدا : « قويۇب » دەپ يېزىلغان .

سەندىن ئۈزدۈم كۆڭلۈم ، ئەي ھۇرۇ پەرى ،
سەن بىل ئەمدى كىمنى بولساڭ دىلبەرى .
كەچتىم ئەمدى سەندىنىۇ ئۈزدۈم كۆڭۈل ،
گەرچە ھۇسنۇڭ باردۇ مىھرى خاۋەرى .
دىمەكىم ياشلار ئاڭا بەرمەس كۆڭۈل ،
ياشى ئاتمىشكە يېتىپ بولغان قەرى .
جان بېرىپدۇر ھەقتەئالا ، سۆزۈمە ،
جان تاپار ئىشتىسە مەھۋەشلەر بارى .
يانغان ئولسا بەختى مەندەك كىمسەنىڭ ،
ساڭا بېرۇر كۆڭلىن ، ئەي ھۇرۇ پەرى .
بىر كۆرەرنى قىلمام ئەمدى ئارزۇ ،
گەرچە شەھلەر تاجىنىڭ سەن گەۋھەرى .
سەندىن ئۈزدۈم مەن ئۈمىدىمنى تەمام ،
گەر شەرافەت تەختىنىڭ سەن مەھتەرى .
چاغلادىم يوقتۇر ساڭا مىھرۇ ۋەفا ،
قىلدىم ئاخىر سەندىن ئۆزۈمنى بەرى .
چىقىپ ئىردى ياخشىلىق بىرلەن ئاتىڭ ،
قىلمادى ئاخىردە بەختىڭ ياۋەرى .
ساڭا چاپتىم كەتمەن ، ئەي ھۇرى زەمان .
غەيرى يېدى مۇەسى بىرلەن بەرى .
بىلمەدىڭ قەدرىم مېنىڭ ، ئەي گۇلئۇزار ،
بولۇپ ئىردىڭ بارچە خوبلار سەرۋەرى .

بۇ سۆزۈمدىن ياناماقىم مۇمكىن ئەمەس ،
بولسا ھەم ئەسلىڭ سېنىڭ ئىسكەندەرى .
يانما سۆزۈڭدىن ، قەلەندەر ، ئەر ئېسەڭ ،
قىلسا ساڭا گەرچە سېھرى ساھىرى .



گۇناھىم نې ئىدى، تەڭرىم ساڭا [ كىم ] ئاشنا قىلدى،
جەفاۋۇ مېھنەتۇ دەردۇ غەمىڭگە مۇبتەلا قىلدى.
ماڭا كۆرسەتتى ئۇل گۈلچېھرە شىرىن جەمالىنى،
تەمامى سۆڭەكىمنى بەند ـ بەندىمدىن جۇدا قىلدى.
مەسىھا رەشكۇ ھەسرەتدىن ياقاسىن ھەر زەمان يىرتار،
سىنىڭ كويۇڭنى دەرد ئەھلىغە تا دارۇششىفا قىلدى.
دەيىن يۈز تىل بىلە شۇكرانەسىنى ھەر زەمان ئازدۇر،
ۋىسالىڭنى مېنى ھەجرۇ فىراقىمغە دەۋا قىلدى.
يۈزىنى كۆرمەيىن ئۆلدۈم قەلەندەر ئۇل پەرىۋەشنى،
سەئادەتلىقدۇر ئۇل يارىغە ئەرزىنى ئەدا قىلدى.

نه هەددى بار پەرىنىڭ ساڭا تەڭ ، ئەي سىيمبەر ، بولغاي ،
لەبى گەر لەئل ـ ياقۇتۇ تىشى دۇررى گۆھەر بولغاي .
ئۆلۈمدىن يوقتۇرۇر باكىم ۋەلى قورقۇنچىم ئاندىندۇر ،
سەفەر قىلسام بۇ دۇنيادىن مۇھەببەت دەربەدەر بولغاي .
پەرىلەرنىڭ ساڭا قۇل بولماقىدىن ئۆزگە يوق چارە ،
ئەگەرچە قەدلەرى سەرۋى ، يۈزى شەمسۇ قەمەر بولغاي .
مىنىڭدۇر كىچەۋۇ كۈندۈز مۇرادىم ، ئەي پەرى پەيكەر ،
كى قەددىڭ نەخلى ئۇمرۇڭ مىۋەسىدىن يارۋەر بولغاي .
ئۆلەر ھەجرۇ فىراقىڭدىن پەرىزادىم سىنى ئاخىر ،
نە بولغاي بۇ غەرىبى ئاجىزىڭغە بىر نەزەر بولغاي .
سىنىڭ ئىشقىڭ ئوتىدەك بولماغايمەن بىقەرار ھەرگىز ،
ئەگەر دەۋزەخ ئوتىدەك ئىچىمە يۈزمىڭ شەرەر بولغاي .
بۇ ئۇمرۇڭگە ، قەلەندەر ، ئىئتىمادى قىلماغىل ھەرگىز ،
كىچە ھەر نىچەكىم بولسۇن ئۇزۇن ، ئاخىر سەھەر بولغاي .



مىنى بىر مەھۋەشى دەردى غەمىدىن دەربەدەر قىلدى ،
فىراقى دەردى ھىجرانى بىلە خۇنى جىگەر قىلدى .
نې ئېردى خىزمەتىدە تەقسىرىم بىلمەم ، مۇسۇلمانلار ،
مېنىڭ ئۆلتۈرمەكىمگە جىددۇ جەھدىن مۇختەسەر قىلدى .
ئوشۇل گۇلچېھرەئى زالىمغە ، يا رەب ، بەرگەسەن رەھمى ،
جەفاۋۇ جەۋر - زۇلمىن جانىمە ئول سىيمبەر قىلدى .
بارى ئەلنىڭ تىلىنىڭ زىكرى ئول گۇلچېھرە بولۇپدۇر ،
مەگەر كىم ئول پەرىغە خىزر ، پەيغەمبەر نەزەر قىلدى .
قاچار ئاندىن فىراقۇ مېھنەتۇ دەردى غەمى ھىجران ،
كىشىكىم ئىشق ئوقىغە سىينەيۇ جانىن سۇفەر قىلدى .
مۇرادۇ مەقسەدى ھاسىل بولالماي قالماغاي ھەرگىز ،
ئوشۇل كىم نالەيۇ ئەفغانىنى ۋەقتى سەھەر قىلدى .
سېنى كۆردى تۆشىدە تا قەلەندەر ، ئەي پەرى پەيكەر ،
ۋەتەننى تاشلادى خۇتەن سارى ئەزمى سەفەر قىلدى .



كىم سەفەرنىڭ رەختىنى غۇربەت سارىغە باغلادى،
يۈزىگە ئەيشۇ تەرەبنىڭ ئىشكىنى باغلادى.
قويمادى ھەرگىز ئاياغىنى ۋەتەنىنىڭ تاشىدا،
ھەر كىشى ئۆزىن فەراسەت بىرلە ھالىن چاغلادى.

△ ......................................................................



تەنگە كۆڭلەكى گۇلگۇن ياراشتى ،
ماڭا بۇ دىيدەئى پۇرخۇن ياراشتى .
مىنىپ تەۋسەننى چىقتىڭ ناز بىرلە ،
پەرىلەر بارچە رەشكىڭدىن تاراشتى .
چەمەنىنىڭ سەيرىغە بولدۇڭ خىرامان ،
نىكىم كۆزلۈك ئىدى ساڭا قاراشتى .
ئاڭا سەھۋەن نەزەر قىلدىڭ بىناگاھ ،
رەقىبى شۇم بەدرەك ھەددىن ئاشتى .
نې يەردەكىم مېنى كۆردى قەلەندەر ،
رەقىب ئاچىغلانىپ زەھرىنى چاشتى . △



كىم سەفەرنىڭ رەختىنى غۇربەت سارىغە باغلادى ،
يۈزىگە ئەيشۇ تەرەبنىڭ ئىشىكىنى باغلادى .
قويمادى ھەرگىز ئاياغىنى ۋەتەننىڭ تاشىدا ،
ھەر كىشى ئۆزىن فەراسەت بىرلە ھالىن چاغلادى .

................................................................

................................................................



ئېرۇرسەن بارچە سەن خوبلارنى خانى ،
قۇياشغە يوقتۇرۇر سەندىن نىشانى .
جەھاننى بىر بىردىن قىلدىم تەماشا ،
كويۇڭدەك كۆرمەدىم دارۇلئەمانى .
بارى خوبلارنى قىلسام شاھى دەۋران ،
ئەگەر ئىشق ئېلىنىڭ بولسۇن زەمانى .
يۈزۈڭنى كىمكى كۆردى ئەي پەرىزاد ،
ئاڭا ئۆلگۈنچە كويۇڭدۇر مەكانى .
بېرىپدۇر ھەر كىشىگە تەڭرى بىر ئىش ،
قەلەندەرغە سېنىڭ ۋەسفىڭ بەيانى . △



كىمكى ئول گۇلچېھرەنى ئۆزىگە مېھمان ئەيلەدى .
ئۆزىنى ئىسكەندەرۇ جەمشىدى دەۋران ئەيلەدى .
تا كەمەندى زۇلق ئىلە كۆڭلۈم قۇشىنى قىلدى سەيد ،
يۈرەكىمنى ئۆرتەدى باغرىمنى بىريان ئەيلەدى .
فۇرقەتۇ ھىجرانىغە ئول دىلبەرى سىيمىن بەدەن ،
كۆزلەرىمنى ياشىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەدى .
ئول خۇداۋەندىكى باردۇر خالىقى كەۋنۇ مەكان ،
ئىشلارىنى گەۋھەرۇ لەئلىنى مەرجان ئەيلەدى .
ئۆزىنى قىلدى جەھاندە تۇرفە بىر شۇھرەتنەما ،
تا سىنىڭ ۋەسفىڭ قەلەندەر ئەلگە داستان ئەيلەدى .▲



يۈزۈڭدۈر گۈلشەنى جانىمۇ دىلجوي ،
لەبىڭدۈر شەككەرىستانىمۇ دىلجوي .
كۆزۈڭدۈر نەرگىسمۇ قاشىڭ ياڭى ئاي ،
قەدىڭ سەرۋى خىرامانىمۇ دىلجوي .
تىشىڭدۈر گەۋھەرۇ ھەم دۈررى سىيراب ،
لەبىڭ لەئلى بەدەخشانىمۇ دىلجوي .
نىچۈك قىلماي فىدا جانىمنى ساڭا ،
ئېرۈرسەن خانۇ سۇلتانىمۇ دىلجوي .
قەلەندەر بۇلبۇلۇڭدۇر ، ئەي پەرىزاد ،
يۈزۈڭ باردۇر گۈلستانىمۇ دىلجوي .△



كۆڭۈل ئۈزدۈم سەندىن ئەمدى ، ئەي پەرى ،
سەن بول ئەمدى كىمنى بولساڭ دىلبەرى .
يانغان ئۇلسە بەختى مەندەك كىمسەنىڭ ،
ساڭا بىرۇر كۆڭلىنى ، ئەي ھۇر - پەرى .
قىلمام ئەمدى بىر كۆرەرنى ئارزۇ ،
گەرچە بولساڭ بارچە خوبلار سەرۋەرى .
سەندىن ئۈزدۈم مەن ئۈمىدىمنى تەمام ،
گەرچە شاھلار تاجىنىڭ سەن گەۋھەرى .
چاغلادىم يوقتۇر ساڭا مېھرۇ ۋەفا ،
قىلدى ئاخىر سەندىن ئۆزۈمنى بەزى .
چىقىپ ئېردى ياخشىلىق بىرلە ئاتىڭ ،
قىلمادى ئاخىردا بەختىڭ ياۋەرى .
ساڭا قىلدىم خىزمەت ، ئەي ھۇرى زەمان ،
غەيرى يېدى مېۋەسى بىرلەن بەرى .
بىلمەدىڭ قەدرىمنى ، ئەي سۇلتانى ھۇسن ،
بولۇپ ئېردى نازەنىنلەر مەھتەرى .
بۇ سۆزۈمدىن يانماقىم مۇمكىن ئەمەس ،
بولسا ھەم ئەسلىڭ سېنىڭ ئىسكەندەرى .
يانما سۆزۈڭدىن قەلەندەر ئەر ئېسەڭ ،
گەرچە قىلسۇن ساڭا سىھرى ساھىرى . » ▲



# مۇخەممەسلەر

بولماس ئېردى ئارەزىڭ خۇرشىدى تابان كاشكى ،
قىلماس ئېردى مەن غەرىبنى مۇنچە ھەيران كاشكى ،
كۆرمەس ئېرىم قامەتىڭ سەرۋى خىرامان كاشكى ،
ئۆرتەمەس ئېردى كۆڭۈلنى داغى ھىجران كاشكى ،
قىلماس ئېردىڭ بۇ قۇلۇڭغە لۇتفۇ ئېھسان كاشكى .

ئېرىتۇر كۆڭلۈمنىڭ ئوتى گەر ياۋۇتسە تاشنى ،
قىلمادى كۆڭلىگە تەئسىز شوخى باغرى تاشنى ،

ياڭى ئاي كۆرسە ئىگىلۇر ناز ئىلە ئول قاشنى ،
گەر مۇيەسسەر بولسا كۆرسەم ئول پەرىۋەش ياشنى ،
قىلسام ئېردىم ئالدىدا جانىمنى قۇربان كاشكى .

دەرد ئىلە كويىدە ئۆلسەم دوستلار يوقتۇر غەمىم ،
ھەجر ـ فۇرقەتدىن تەمامى سۆڭەكىم بولدى رەمىم ،
سەن شىرىنىنىڭ ئىشقىدا فەرھاددىن ① كەمىم ،
قۇللۇغۇڭغە مەن قارىدىم نۇن كەبى بولدى قەدىم ،
نې بولۇر سورساڭ بىرەر ، ئەي ماھى دەۋران ، كاشكى .

يوقتۇرۇر سەندەك جەھاندا دىلرەبايى سىيمبەر ،
سالمادى ھېچكىم سېنىڭدەك دەھر ئاراده شۇرۇشەر ،
تىشلەرىڭنىڭ ھەر بىرىسى گويىيا دۇررۇ گۇھەر ،
سۆزلەرىڭدىن تامادۇر ، ئەي دىلرەبا ، شەھدۇ شەكەر .

---

① يوقتۇر بۇ سۆز قول يازمىدا « مەجنۇندىن » دەپ كۆچۈرۈلگەن .

بولماس ئېردى لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشان كاشكى .

بولسا گەر ئانا ـ ئانا ھەركىمسەگە ئايۇ قۇياش ،
مۇمكىن ئېرمەسدۇر تۇغۇلسۇن ساڭا ئوخشە ئەگمە قاش ،
فۇرقەتىڭدىن ئۆلدۇمۇ رەھم ئەتمەدىڭ ، ئەي باغرى تاش ،
كۇلبەمە كەلسەڭ نە بولۇر لۇتف ئېتىپ ، ئەي شوخى ياش ،
قىلماساڭ قارى قۇلۇڭنى دىيدە گىريان كاشكى .

بارچە مەھۋەشلەر ئارادە شوخ گۇلرۇخسار سەن ،
نادىرى شىرىن زەبانۇ دىلبەرى تەررار سەن ،
ئارەزىڭ شەمسۇ قەمەر ياكىم گۇلى گۇلزارسەن ،
بىلقىسۇ ھۇرۇ پەرى يا نازەنىن دىلدارسەن ،
مۇرنىڭ ھالىغە باقساڭ ئەي سۇلەيمان كاشكى .

دىلرەبالار يۇلدۇزۇ سەن ئوتراسىدا ئايسەن ،
ھۇسنىڭنىڭ گۇلزارىدا تۇتىئى شەككەر خارسەن ،
ئەھلى مەئنىلەر قاشىندە يالغۇز ئاللىي رايسەن ،
دەھر ئارا گۇل چېھرەۋۇ ئىيساۋۇ رۇھ ئەفزايسەن ،
نې بولۇر بەرسەڭ ئۆلۈك جىسمىمگە سەن جان كاشكى .

تاكى كۆردۇم ئول لەبى لەئلى بەدەخشانى ئانىڭ ،
ئالدى جانىمنى ئوشۇل خۇرشىدى رەخشانى ئانىڭ ،
چاچەدۇر شەھدۇ شەكەر سۆزى دۇر ئەفشانى ئانىڭ ،
ئاتلانىپ چىققاندا كۆرسەڭ شان ئىلە شانى ئانىڭ ،
جانىغە بولسۇن قەلەندەر دەردى دەرمان كاشكى .

تاكى كۆردۇم ئارەزىڭنى ئەي نىگار سيمىن بەدەن ،
بولدى جەننەت كۆزۈمە ھەر سارىغە باقسام خوتەن ،
لەبلەرىڭدۇر لەئلۇ ئىشلىك گەۋھەرۇ دۇررى ئەدەن ،
كۆزلەرىڭدۇر نەرگىسۇ بادام ، زۇلفۇك ياسمەن ،
بارچە ئەل بۇلبۇل ساڭا ، ئەي دىلرەبايى گۇل بەدەن .

يوق ئىكەن لەيلى سېنىڭدەك قامەتى شەمشاددەك ،
مەجنۇن ئوخشە ماڭادۇر ۋەيرانەلەر ئابادەك ،
بىر مېنىڭدەك تاپماغايسەن خاتىرى ناشاددەك ،
بىسۇتۇن بولدى مەكانۇ مەنزىلىم فەرھاددەك ،
تا ئېشىتتىم بىر تەكەللۇم سەندىن ئەي شىرىن سۇخەن .

كىمكى كۆردى ئاي يۈزۈڭنى ، ئەي مەھى زىبىبا جەبىن ،
تىشلەدى بارماقلارىنى قىلدى يۈز مىلك ئافەرىن ،
بارچە خوبلارنى قىلىپسەن ھۇسن ئىلە زىرى نىگىن ،
بۇ كەمەندى زۇلفۇك ئىلە ، ئەي نىگارى نازەنىن ،
تاڭ ئەمەسدۇر قۇدسى قۇشلار بويىنغە سالساڭ رەسەن .

باردۇرۇر زۇلفۇڭگە ، ئەي گۇل ، نەچچە تۇرلۇك تابلار ،
بۇ كۆڭۈلنىڭ سەيدىغە ھەر تارىدۇر تۇللابلار ،
خوب ياراشىپدۇر قۇلاغىڭغە دۇرى سىرابلار ،
بۇ دۇرۇر مەندىن نەسىھەت سىزگە ، ئەي ئەھبابلار ،

بۇ چۆرۆك پىراھەنىمنى ماڭا ئەيلەگىلەر كەفەن .

يوقتۇرۇر لەئلى لەبىگدەك دەھر ئارا شەھدۇ شەكەر ،
نې بولۇر قىلساڭ تەكەللۇم تۇتىغە ، ئەي سىيمبەر .
سەن مېنىڭ ئاھمەدىن ، ئەي سۇلتانى خوبان ، قىل ھەزەر ،
تا جەمالىڭنى قەلەندەر كۆردى ، ئەي ئالى گۇھەر ،
كەتتى ئەقلۇ ھۇشى ئانىڭ ئەيلەدى تەركى ۋەتەن .



بىر پەرى پەيكەر ئۈچۈن كۆزۈمنى خۇنبار ئەيلەدىم ،
يۈرەكىمنى ئۆرتەدى باغرىمنى ئەفگار ئەيلەدىم .
تا ئانىڭ بىلەن ئۆزۈمنى دەھر ئارا يار ئەيلەدىم ،
ئايۇ كۈن بىرلەن پەرىنى كۆرمەكىن ئار ئەيلەدىم ،
ھەر نېكىم ۋەسفىن دېدىم بوينۇمغە تۇمار ئەيلەدىم .

كىم كۆرۈپدۇر بۇ جەھان ئىچىندە سەندەك كامران ،
نادىرى گۇل چېھرەيۇ خۇرشىدى تابانى زەمان ،
بىلقىسى دەۋران سېنىڭدەك يوقتۇر ، ئەي يۇسۇف نىشان ،
تا كۆزۈم تۈشتى ساڭا ، ئەي دىلبەرى ئالىي مەكان ،
بۇ خوتەننىڭ شەھرىنى كۆزۈمگە گۇلزارى ئەيلەدىم .

چاغلادىم يوقتۇر سېنىڭدەك دەھر ئارادە مېھرۇ ماھ ،
باردۇرۇر خەلقى جەھان مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە گۇۋاھ ،
كىم ساڭا بەردى كۆڭۈلكىم بولمادى ئول ئالىي جاھ ،
تا ساڭا بەردىم كۆڭۈل دەرمەن ئۆزۈمنى پادىشاھ ،
سەن بىلە ئۆزۈمنى مەن تا ساھىب ئەسرار ئەيلەدىم .

يوقتۇرۇر مىسلىڭ سېنىڭ ھەرگىز بەنى ئادەم ئارا ،
بارچە خوبلاردۇر يۈزۈك ، سەن ئول نىگىن خاتەم ئارا ،
تولا فەرقى باردۇرۇر جەمشىد بىرلەن جەم ئارا ،
ھېچ تاپىلماسدۇر مېنىڭدەك ئىستەسەڭ ئالەم ئارا ،
تا سېنىڭ بىرلەن ئۆزۈمنى ساھىب ئەسرار ئەيلەدىم .

بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم ھېچكىم نىگارى بەركەمال ،
دەۋلەتۇ ئىقبالۇ ھۆسنۈڭ تاپماغاي ھەرگىز زەۋال ،
ئەلگە قىلغاي ھەق تەئالا دۇشمەنىڭنى پايمال ،
مەقبۇل ئولدى تائەتىم تەڭرىمگە ، ئەي تەرسا مىسال ،

كاكۇلۇ زۇلفۇڭنى تا بوينۇمغە زۇننار ئەيلەدىم .

كۆرمەدىم ھەرگىز سىنىڭدەك دەھر ئارادە دىلبەرى ،
دىلبەرى شىرىن زەبانۇ مەھۋەشى سيمىنبەرى ،
كىمكى كۆردى ئارەزىڭنى دىدى شەمسى خاۋەرى ،
سەن قەلەندەردىن ئىشتىپ مەقبۇل ئەتكىل ، ئەي پەرى ،
نەچچە سۆزنى قان يۇتۇپ ۋەسفىڭگە گۇفتار ئەيلەدىم .



لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر ، تىشلەرىڭ دۇررى خۇشاب ،
ئىككى زۇلفۇڭ سايەسىغە ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتاب ،
بەزمىمە كىرگىل سەن ، ئەي گۇلچېھرەئى ئالىي جەناب ،
كۆز ياشىمدىن بار شەرابىم ، بار يۈرەكىمدىن كېباب ،
ئاتلانۇر بولساڭ قىلاي كۆزۈم چەناقىنى رىكاب .

ئارەزىڭدەك يوقتۇرۇر گۇل دەھر باغىدا دېدىم ،
جان بېرۇرمەن ئول پەرى پەيكەر ئاياغىدا دېدىم ،
كېچەۋۇ كۈندۈز يۈرۈپدۇرمەن سوراغىدا دېدىم ،
تۇغنى پىشانەڭگە كۆرگەچ سەجدە چاغىدا دېدىم ،
ھەسرەتى بىھەد بىلە : « يالەيتەنى كۈنتۇ تۇراب » .

تاكى كۆردۈم ئاي يۈزۈڭنى ، ئەي مەھى ساھىب جەمال ،
يوقتۇ سەندەك بۇجەھان ئىچىندە دېدىم بەركەمال ،
تاپماسۇن تا رۇزى مەھشەر دەۋلەتى ھۇسنۇڭ زەۋال ،
تەۋسىفى ھۇسنۇڭ تۈگەتمەكلىك مەھال ئېرمىش مەھال ،
مىڭدىن بىرنى دېسەم تاڭ يوق بولۇر يۈز مىڭ كىتاب .

ئول پەرىزادى زەمانىم تاكى تەۋسەندىن تۈشەر ،
كىم يۈزىن كۆرگەن زەمانى ئەت بىلە تەندىن تۈشەر ،
دېمە يالغۇز تەندىن ئانى جاھى مەسكەندىن تۈشەر ،
زەررە ئېرمەسدۇر قۇياش ئەجزاسى رەۋزەندىن تۈشەر ،
ئول پەرى پەيكەر يۈزىدىن ئەتكەلى نەۋۋا كىتاب .

ئاجىزۇ بىچارەدۇرمەن ، ئەي سىتەمگەر ، رەھم قىل ،
قىلماغىل جەۋرۇ جەفا ، ئەي شوخ دىلبەر ، رەھم قىل ،
قارىلىق چاغىدۇرۇر ، ئەي شەمسى خاۋەر ، رەھم قىل ،
زەر خەرىدە قىلدۇرۇر مىسكىن قەلەندەر ، رەھم قىل ،
دەۋزەخى ھەجرىڭدە قىلمە مۇندىن ئارتۇقراق ئەزاب .

ئىلتىفاتى كۆرمەدىم ئول دىلبەرى تەرراردىن ،
كەلمەدى رەھمى ئانىڭ بۇ دىيدەئى خۇنباردىن ،
كىم مېنىڭدەك زۇلم كۆردى زالىمى كۇففاردىن ،
كۆرمەدى مەندەك جەفا ھېچكىم جەھاندا ياردىن ،
ئۆتكىل ئەمدى ئەي قەلەندەر ئول پەرى رۇخساردىن .



کىمكى ئول گۇلنى كۆرۈپدۇر لاله زارى باغ ئارا،
قالدى جىسمى كەئبەتەينى نەرد ئوخشە داغ ئارا،
بار تەنى ئەز بەس نەزاكەتدىن لەتىف بۇ چاغ ئارا،
تاش يۈرەكى كۆرۈنۈر ئول شوخنىڭ قورساغ ئارا،
دەردى ئىشقى بىر تىكەندەك باردۇرۇر تىرناغ ئارا.

بولمادى ئول شوخ زالىم بىر زەمانى ھەمدەمىم،
ئول شىرىنىنىڭ ئىشقىدا فەرھاددىن يوقتۇر كەمىم،
فۇرقەتۇ ھەجرىدە بارچە سۆگەكىم بولدى رەمىم،
① ....................................................................
تۈشمەدى دەۋلەت بىلىقى نىگە بۇ قارماغ ئارا.

تاكى كۆردۈم خالۇ زۇلفى بىلە قاشى قارەنى،
جان بىلە بولدۇم قۇلى ئول شوخ گۇلرۇخسارەنى،
جىسمىمە كۆرۈڭ مىنىڭ ھەجرىدە يۈز مىڭ يارەنى،
كىمكى فەرھاد ئىلە كۆردى مەجنۇنى بىچارەنى،
ئازىقىپ يولدىن تۈشۈپدۇر دىدىلەر بۇ تاغ ئارا.

شەككەرىن لەئلى لەبىڭنى، ئەي پەرىۋەش، شورمادىم،
سۇنبۇلى زۇلفۇڭنى، ئەي سۇلتانى خوبان، ئۆرمەدىم،
ئىشقىڭ ئوتىدا ئۆزۈمنى نىگە مەن كۆيدۈرمەدىم،
ھەسرەتىدە ئۆلدۈمۇ ئول تار ئاغىزنى كۆرمەدىم،
غۇنچە ئاغزىنى كىشى كۆرمەپدۇرۇر ياپراغ ئارا.



① قول يازمىدا بىر مىسرا كەم كۆچۈرۈلگەن.

لۇتف ئېتىپ گەر كىرمەسەڭ بۇ كۇلبەئى ئەھزان ئارا ،
قالغۇدەكدۇر كۆز ياشىمدىن بۇ جەھان تۇفان ئارا ،
ياندۇرۇپ مىھرىڭنى ئالۇرمەن دىمە ھىرمان ئارا ،
ئاچقۇسىز بىر قۇفلدۇركىم بەركىشىپدۇر جان ئارا ،
فەرق قويمايدۇر نىگارىم دەرد ئىلە دەرمان ئارا .

تاكى كۆردۇم ، ئەي پەرىزادى زەمانىم ، سۇرەتىڭ .
بىردەمى تىندۇرمادى ھىجرانۇ دەردۇ فۇرقەتىڭ ،
ئالغۇدەك جانىمنى ، ئەي سۇلتانى خوبان ، كۇلفەتىڭ ،
ئۆلگۈچە چىقمايدۇ كۆڭلۈمدىن خەيالى قامەتىڭ ،
سەرۋ يەڭلىغ بىر ئەلىفدۇركىم پۈتۈپدۇر جان ئارا .

ھېچ ئىشىم دۇنيا ئىچىندە دوستلار ئەۋج بەرمەدى ،
ھەسرەتىدىن ئۆلدۇمۇ ئول دىلرەبا مەۋج بەرمەدى ،
ئىلتىفات ئەيلەپ قۇلىغە رەھم ئېتىپ قۇچ بەرمەدى ،
بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم يا ياشلىغىم كۆچ بەرمەدى ،
قىلمادى رەسۋا مېنى سەندەك كىشى دەۋران ئارا .

نې بولۇركىم رەھم ئېتىپ ئول دىلرەبا سورسە مېنى ،
ئۆزگەلەردىن لۇتف ئېتىپ ئول ياخشىراق كۆرسە مېنى ،
سۆيۈنۈرمەن ئول پەرى ئاچچىغلاپ ئۆلتۈرسە مېنى ،
رەھم ئېتەر ھالىمنى ئول زالىم ئەگەر كۆرسە مېنى ،
خەم قەدىم ئىكىن ئارادە « با » كەبى « قۇربان » ئارا .

ساڭا بولدى تەڭرىدىن ، ئەي دىلرەبا ، فەرمانى ھۇسن ،
ئىشق ئېلى ئەيلەر ئۆزىنى ھەر زەمان قۇربانى ھۇسن،
كىم يۈزۈڭنى كۆردى دېدى باردۇرۇر بۇكانى ھۇسن ،
مەھرۇمى ۋەسلىڭ مېنىڭدەك يوقتۇر ، ئەي سۇلتانى ھۇسن ،

قويماغىل مۇندىن زىيادە مېھنەتى ھىجران ئارا.

ئۆز قۇلىغە زۇلم قىلماق ھۇسن ئېلىدىن خوب ئەمەس ،
ئەل ئارادە ئۇشبۇ ئىش ھېچ كىمسەگە مەرغۇب ئەمەس ،
سەن پەرى ئالدىدا مەندەك ھېچ كىشى مەغزۇب ئەمەس ،
دېمە مەن شاھ ، سەن قەلەندەر ، ئار قىلماق خوب ئەمەس
ئىشق شاھى فەرق قويمايدۇر گەدايۇ خان ئارا.



باروۇر ئېردىم ئاتلانىپ يولدا نىگارىم ئۇچرادى ،
بىلقىسۇ ھۇرۇ پەرى ئول گۇلئۇزارىم ئۇچرادى ،
دىلبەرى شىرىن زەبانۇ نامدارىم ئۇچرادى ،
ئارەزى شەمسۇ قەمەر ، كۆزى خۇمارىم ئۇچرادى ،
پادىشاھى ھۇسن شوخى كامكارىم ئۇچرادى .

تا سېنى كۆردۈممەن ، ئەي گۇلچېھرەئى نا مېھرىبان ،
جەننەتۇ باغى ئىرەمدەك بولدى كۆزۈمگە جەھان ،
دەفتەرى ھۇسنۇڭنى قىلدىم نەچچە تۇرلۇك داستان ،
باش ئاياغىڭغە قويۇپ دېدىمكى ، ئەي ھۇرى زەمان ،
دەۋلەتىم قىلدى مەدەدكىم شەھسۇۋارىم ئۇچرادى .

ئارەزى خۇرشىد تابانىمنى كۆردى ھەر كىشى ،
دېدى ، يوقتۇر ساڭا ئوخشە دەھر ئارادە مەھۋەشى ،
زالىمۇ بىرەھم ھەم خۇنخارە شوخى دىلكەشى ،
بۇدۇرۇر گەردۇنى دونۇ چەرخى ۋاژۇننىڭ ئىشى ،
مەن خەزان بولغان چاغىمدا نەۋبەھارىم ئۇچرادى .

تەۋسەنى نازىڭ مىنىپ تا قىلدىڭ ئەزمى سەيرى باغ ،
بولدى گۇللارنىڭ يۈرەكى لالە ئوخشە داغ ـ داغ ،
رەھم ئېتىپ تۇتغىل ماڭا ، ئەي خانى دەۋرانىم ئاياغ ،
تاۋۇس ئوخشە باردۇرۇر ھەر نەچچە داغىم ئۇزرە داغ ،
داغلىغ كۆڭلۈمگە شوخى لالەزارىم ئۇچرادى .

تارتادۇرمەن فۇرقەتىڭدىن ھەردەم ، ئەي گۇلچېھرە ئاھ ،
قىلغۇدەكدۇر ئۇشبۇ ئاھىم ئاقىبەت ھالىم تەباھ ،
بىلمەدىم قۇل بولماقىم ساڭا بولۇر ماڭا گۇناھ ،
ئۇرنى باردۇر گەر دېسەم بولدۇم قەلەندەر پادىشاھ ،
تا ماڭا ئول نازەنىنى بەختيارىم ئۇچرادى .

مۇسۇلمانزادە گەر بولساڭ مېنى ، ئەي يار يىغلاتمە ،
فىراقى ھەجر ئوتىدا كۆيدۈرۈپ سەن زار يىغلاتمە ،
قىراقى ھەجرىڭە ، ئەي دىلرەبا ، خۇنبار يىغلاتمە ،
غەرىبدۇر بۇلبۇلۇڭ سەن ، ئەي گۇلى گۇلزار يىغلاتمە .
ئاڭا لۇتفۇ كەرەم ئەيلە سەن ، ئەي دىلدار يىغلاتمە .

نەچە ۋەسفىنى قىلسام ئول پەرى پەيكەرگە ياقماسدۇر ،
كەمەندى زۇلفىنى قەرى قۇلى بوينىغە تاقماسدۇر ،
غەمىڭدىن يىغلاغاچ ئەمدى كۆزۈم يا مېنى ئاقماسدۇر ،
ئەگەر ئۇچراپ كېلۇر بولسا پەرىيۇ ھۇر باقماسدۇر ،
ئاڭا رەھىم ئەيلەگىل ئەي شوخ گۇلرۇخسار يىغلاتمە .

گۇلى گۇلزارى جەننەتسەن بۇدەمدە ، ئەي پەي پەيكەر ،
لەبىڭ لەئلى بەدەخشانى ۋەيادۇر شەھد ئىلە شەككەر ،
يۈزۈڭ خۇرشىد تاباندۇر ۋەيادۇر لالەئى ئەھمەر ،
قەدىڭ سەرۋى خىرامانى ، تىشىڭدۇر دۇر ئىلە گەۋھەر ،
قىل ئاڭا ئىلتىفاتىڭنى ئانى بىسيار يىغلايمە .

بولۇپسەن سەن بۇدەمدە نازەنىنى ئافەتى دەۋران ،
نې بولۇر لۇتف ئېتىپ بولساڭ مېنىڭ كۇلبەمگە سەن مېھمان ،
ئەگەر ئۆلتۈرمەسۈن دېسەڭ فىراقۇ مېھنەتى ھىجران ،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل ھالىمغە سەن ، ئەي نادىرى دەۋران ،
مېنى سەن قۇللۇغۇمدىن ئار ئېتىپ زىنھار يىغلاتمە .



قەدىڭدۇر كۆزۈمە ھۇرۇ پەرىزاد ،
ئەلىفدەك جان ئىچىندە سەرۋى ئازاد ،
كۆڭۈلنى ئالدىڭۇ سەن قىلمادىڭ ياد ،
نې ئېركىن مەقسەدىڭ ، ئەي شوخ جەللاد ،
بىرەر قىل لۇتف ئىلە سەن خاتىرىم شاد .

غەمىڭ بىرلەن كۆڭۈلنى شاد ئېتەرمەن ،
جەھاننىڭ ئەيشىنى بەرباد ئېتەرمەن ،
قۇلۇڭدىن تەڭرىمە فەرياد ئېتەرمەن ،

(1) ............................................................

مېنى سەن قىلمادىڭ ئۇمرۇڭدە بىرياد .

نەچە قىلدىم ئوشۇل گۇلرۇخ رىزاسى ،
ۋە لېكىن كۆرمەدىم ھەرگىز ۋەفاسى ،

(2) ............................................................

غەم دەردىدىن ئولدى يۈرەكىم خۇن ،
بولۇپدۇر ئىكى كۆزۈم ياشى جەيھۇن ،
ۋەفاسىزدۇر جەھان ئىشىت بۇ مەزمۇن ،
تېگەر ھەر كۇن بىراۋگە زالى گەردۇن ،

(3) ............................................................

سېنىڭچۇن ، ئەي مەھى شىرىن زەبانىم ،
بولۇپدۇر بىسۇتۇن ئەمدى مەكانىم ،
نې غەم تۆكسە رەقىب يولۇڭدا قانىم ،
قەلەندەرغە سەن ، ئەي جانۇ جەھانىم ،
مۇسۇلمانزادە بولساڭ قىلمە بىداد .

② ① قول يازمىدا ئالدىنقى كۇبلىتتىن بىر مىسرا ، كېيىنكى كۇبلىتتىن ئۈچ مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان
③ بۇ مىسرا قول يازمىدا كۆچۈرۈلمەي قالغان .

هەر كىشىنىڭ ماڭا ئوخشە بىر پەرىۋەش يارى بار ،
هۇرى جەننەت سارى باقماقلىقگە ئانىڭ ئارى بار ،
ۋەسلىنىڭ ئىقبالى باردۇر ، هەجرىنىڭ ئىدبارى بار ،
قىش مەهەلدە قارۇ يازنىڭ گۇلشەنى ـ گۇلزارى بار ،
ئاشىقۇ مەئشۇق ئاراسىندە نىهان ئەسرارى بار .

بىر نەزەر سالغان كىشىنىڭ جانىغە ئوت ياندۇرۇر ،
گەر پەرىغە ئاشىق ئولسا شول زەمانى قاندۇرۇر ،
چەشمەئى هەيۋانىدىن مىڭ تەشنە لەبنى قاندۇرۇر ،
دىمەگىزكىم دىلبەرىمدەك بۇ جەهاندا باردۇرۇر ،
لەيلىيۇ شىرىنغە ئوخشە نەچچە خىزمەتكارى بار .

كويىنى كۆرگەن كىشى تۇرماس ئىرەمنىڭ باغىدا ،
فۇرقەتىدە قورۇلۇرمەن مەن ئۆزۈمنىڭ ياغىدا ،
كۆرەدۇر رويى زەمىننى دىلبەرىم تىرناغىدا ،
بىر گۇلى نەۋرەس قۇلى بولدۇم قارىلىق چاغىدا ،
هەقتە ئالانىڭ ، كۆرۈڭلەركىم ، ئەجايىب كارى بار .

رەهم ئېتىپ جانىمغە زۇلمىن ئول سىتەمگەر قىلماسۇن ،
شوم رەقىب ئەيلەر جەفا ئانىڭگە دىلبەر قىلماسۇن ،
جەۋر ، سەركەشلىك كىتابىن مۇنچە دەربەر قىماسۇن .
نې ئۇچۇن ئالەمنى خۇشبۇيۇ مۇنەۋۋەر قىلماسۇن ،
ئەنبەر ئاسا زۇلفى مۇشكىنۇ قۇياش رۇخسارى بار .

تۇغمادى ھەرگىز ئانادىن بىر ئانىڭدەك ئاپەتى ،
تا كۆرۈپمەن ئاي يۈزىنى تىنمادىن بىر سائەتى ،
ھەق نەسىب قىلماپ ئىكەن ماڭا ئەزەلدە راھەتى ،
ئەيب ئەمەسدۇر سەرۋىدىن ئار ئەتسە مەۋزۇن قامەتى ،
جىلۋەئى تاۋۇس ئاڭاۋۇ كەبكىنىڭ رەفتارى بار .

كۆھى غەم ئاستىدا قالساڭ سەن تەھەممۇل ئەيلەگىل ،
دەردۇ مىھنەت لەشكەرى بىرلەن تەجەممۇل ئەيلەگىل ،
تاپساڭ ئانداق گۈلنى سەن ئۆزۈڭنى بۇلبۇل ئەيلەگىل ،
ئىشق ئارا قويساڭ قەدەم سەبرى تەئەممۇل ئەيلەگىل ،
گۈلنى خارى باردۇرۇر ھەم يارنىڭ ئەغيارى بار .

كىمسەكى ئىشقى مۇھەببەت يولىدا سادىق بولۇر ،
خالقى بىچۇن ئالىندا ھەر ئىشى لايىق بولۇر ،
بولسا مەئشۇقى ئەگەر ئۆزرا ئاڭا ۋامىق بولۇر ،
يوقتۇرۇر شەك ـ شۈبھەئى كىم مەئشۇقۇ ئاشىق بولۇر ،
كىمنىكىم گىريان كۆزىيۇ سىينەئى ئەفگارى بار ،

ھەر جەفالارغە ئىلاھا بىر مۇرۇۋۋەت بەرگەسەن ،
بىزگە دەردىنى كۆتەرمەكلىككە قۇۋۋەت بەرگەسەن ،
قورقمايىن ئىشق يولىدا ماڭماقغە قۇدرەت بەرگەسەن ،
ئەي خۇداۋەندا سەن ئاڭا مىھر ـ شەفقەت بەرگەسەن ،
كىمنى ھەسرەتلىق مىنىڭدەك بىر قارى قۇل زارى بار .

كۆرمەدىم ئالەمدە سەندەك بىر مەھى شىرىن كەلام ،
ھىچ تاپىلماس ئىستەسەم مىسلىڭ ئىلا يەۋمۇلقىيام ،①
قۇللۇغۇڭغە فەخر ئېتەر شاھۇ گەدايۇ خاسۇ ئام ،
شەھدىن ئاغزىڭ تولار قىلساڭ سىفاتىن سۇبھۇ شام ،
دىلبەرىڭنىڭ ، ئەي قەلەندەر ، لەئلى شەككەر بارى بار .



① قىيامەت كۈنىگىچە دېگەن مەنىدە ،

(1)..........................................................

بەرسە ئۇمر دەۋلەتىنىڭ ھەدسىز خۇداۋەندى كەرىم ،
ئەيلەگەي لۇتفۇ كەرەم ساڭا ئۇشۇل ھەيىيى قەدىم ،
دۇشمەنىڭ ھەر كىمكى بولسا ھەق نەسىب ئاڭا جەھىم ،
ئاسراغاي بارچە يامانلىقدىن سېنى رەببى رەھىم ،
تەر چىكىپ ئوتىدەك يانىپسەن مەي ئىچىپ مەستانەسەن .

يوقتۇرۇر ھۇسنى جەمالدا ساڭا ئوخشە بەركەمال ،
ئەقلۇ دانىش بابىدا سەنسەن جەھاندا بىمىسال ،
تاپماسۇن تا روزى مەھشەر دەۋلەتى ھۇسنۇڭ زەۋال ،
گەر يىغىلسە يەر يۈزىدىن قالمايىن ساھىب جەمال ،
بارچەسىن گويا سەدەفدۇر سەن ئارادا دانەسەن .

گەر سۇلەيمان ئەيلەسەڭ لۇتف ئىلە شەك يوق مۇرنى ،
سالمادى ھېچ مەھۋەشى ئالەمدە سەندەك شۇرنى ،
نې بولۇر سورساڭ بىرەر سەن ئاجىزى مەھجۇرنى ،
ساڭا تەڭ بولماق مەھال ئېرمىش پەرىيۇ ھۇرنى ،
پادىشاھلار تاجىدا سەن گەۋھەرى يەكدانەسەن .

ئايەتى رەھمەت سېنىڭ ۋەسفىڭدەك قىلغاندۇر نۇزۇل ،
مەقبۇل ئەلگە يوق سېنىڭدەك دەر ئېمىش ئەھلى قەبۇل ،
چىندۇرۇر ئۇشبۇ سۆزى بولسا كىمى ئەھلى قەبۇل ،
شۇكرىلىللاھ ، ئەي قەلەندەر ۋەسلىغە تاپساڭ ۋۇسۇل ،
دىلبەرىڭ خۇرشىدى مەجلىس سەن ئاڭا پەرۋانەسەن .

---

① قول يازمىدا بۇ خەممەسىنىڭ بېشى كۆچۈرۈلمەي قالغان .

ۋەئدەئى ۋەسل ئەتتى دىلبەر ھەجر بىپايانىغە ،
قالمادى ھەرگىز ئىشەنچىم ئەھد ئىلە پەيمانىغە ،
لەبلەرىڭدەك لەئل يوق ئېرمىش بەدەخشان كانىغە ،
ھەددى يوق كەلگەي قۇياش شىرىن زەبانىم يانىغە ،
سۈرەئى «ۋەششەمس » ① گويا كەلدى يۈزى سانىغە .

يوقتۇرۇر مىسلىڭ جەھاندا ، ئەي نىگارا ، گۈل ئۈزار ،
بولمادى ئالەمدە سەندەك ھېچ كىشىگە بەخت يار ،
كۆرسە بىلقىس ھەسرەتىڭدىن يىغلار ئېرمىش زار ـ زار ،
قىلماس ئېردى ھەجر ـ فۇرقەت دەۋزەخىنى ئىختىيار ،
بولسا ئېردى ئىشق ئېلىنىڭ كۆڭلى ئۆز فەرمانىغە .

باردۇرۇر سۆزۈڭ سېنىڭ ، ئەي دىلرەبا ، ئابىھەيات ،
سەرۋ ، توبى يوق قەدىڭدەك ، لەبلەرىڭ كانى نەبات ،
سۆزلەرىڭدىن گەر تىرىلسۇن يوقتۇ شەك بولغان مەمات ،
شۇم رەقىبى سەگ سىفەتغە ئەيلەمىش سەن ئىلتىفات ،
ئۆلمەيىن نېتەي مېنى كۆرمەيسەن ئادەم سانىغە .

يۇسۇفى مىسرىدىن ئۈبدان دېسەم ھۇسنۇڭ ، ئورنى بار ،
دەۋزەخى ھەجرىڭگە تا ئۆلگۈنچە كۆيسەم ، ئورنى بار ،
شۇم رەقىبى بەددىيانەت كۆزىن ئويسام ، ئورنى بار ،
بىئەدەبلىك بولسا ئەرزىم سەن كەچۈرسەم ، ئورنى بار ،
زۇلم ھەدسىز يەتسە قۇلغە ئەرزىن ئايتۇر خانىغە .

يوق سېنىڭدەك ئىزدەسەم جەننەت ئارا بىر ھۇرى ئەيىن ،
ھەركىشى يۈزۈڭنى كۆرسە ئەيلەمىش يۈز ئافەرىن ،

① شەمس سۈرىسى ـ قۇرئانى كەرىم 91 ـ سۈرە .

كويۇ كوچاك كۆرسە كىمسە دەركىم ئېرۇر خۇلد بەرىن ،
پاكلىك بابىدا يوقتۇر بىر سېنىڭدەك نازەنىن ،
مەئسىيەت گەردىنى يۇقتۇرماپدۇرۇر دامانىغە .

سوردۇرۇك ئۇشبۇ جەھان ئىچىندە شادى باردۇرۇر ،
غەمدە قالغان ماڭا ئوخشە نامۇرادى باردۇرۇر ،
ئەرز ئېتىك دىلبەرغە مەندىن : ساڭا دادى باردۇرۇر ،
ھەر كىشىنىڭ بۇ جەھاندا بىر مۇرادى باردۇرۇر ،
بارچەنى يەتكۈر ، ئىلاھا ، مەقسەدۇ ئەرمانىغە .

يۇرەكىم جەۋر ئىلە تىلماقدىن نە ئېركىن مەقسەدىڭ ،
شادلىق ئۆيىنى يىقماقدىن① نە ئېركىن مەقسەدىڭ ،
قەھرى ئاچچىغ بىرلە چىقماقدىن نە ئېركىن مەقسەدىڭ ،
مۇنچە جەۋرۇ زۇلم قىلماقدىن نە ئېركىن مەقسەدىڭ ،
قايسى زالىم يەتكۈرۈپدۇر زۇلمنىڭ پايانىغە .

ئەي پەرىزادى زەمانۇ گۇلروخى ساھىب كەرەم ،
ساڭا كۆيمەكلىك ئەزەلدە يازىپ ئېركەندۇر قەلەم ،
بارچە مەھۋەشلەر سېنىڭ ئالدىڭدا باردۇرلار ئەدەم ،
قارىلىق چاغىدۇرۇر قىلمە قەلەندەرغە سىتەم ،
ئۆلگۈسىدۇر فۇرقەتىڭدىن زامىن ئولغۇك قانىغە .



① قول يازمىدا « شادلىق ئۆي يىقىلماقدىن » دەپ كۆچۈرۈلگەن

ئەي پەرىزادى زەمانىم بولسۇن ھەق يارىڭ سىنىڭ ،
ئۆتكەرۇر شەمسۇ قەمەردىن نۇر ئەنۋارىڭ سىنىڭ ،
ئۆرگەتۇر ئىبساغە ئەفسەھلىكنى گۇفتارىڭ سىنىڭ .
ئۆزگەلەرنى لۇتفىدىن ئوبداندۇر ئازارىڭ سىنىڭ ،
ئەۋلىياۋۇ ئەتقىيا بولسۇن مەدەدكارىڭ سىنىڭ .

ھەر كىشى كۆرسە جەھاندا بىر قۇياش ئىرمىش يۈزۈڭ ،
ئىرۇتۇر تاشنىڭ يۈرەكىن ، ئەي پەرى پەيكەر ، سۆزۈڭ ،
سەن تۇرۇپ ھۇرۇ پەرىغە باقسام ئەر تۇتسۇن تۈزۈڭ ،
كۆرسە ئىردى بۇ قەدۇ رۇخسار ئىلە قاشۇ كۆزۈڭ ،
بولۇر ئىردى يۇسۇفى مىسرى خەرىدارىڭ سىنىڭ .

دەھر ئارا ھەركىمكى كۆرسە ئاي يۈزۈڭ ، ئەي گۇلئۇزار ،
جانىغە تۇشمىشىدۇرۇر دەۋزەخ ئوتىدەك مىڭ شەرار ،
كىم يۈزۈڭنى كۆردى تاپماس ئۆلگۈچە ھەرگىز قەرار ،
تۇگەر ئىركەنمىز ئىكەۋ دەپ يىغلاشۇرلار زار – زار ،
تاۋۇسۇ كەبكى دەرى كۆرسە بۇ رەفتارىڭ سىنىڭ .

ئەي بۇتى شىرىن زەبانۇ مەھۋەشى ئارامى جان ،
يۈرەكىم داغ ئۆرتەدىڭ ھەم ئەيلەدىڭ باغرىمنى قان ،
سەندىن ئايرىلماقغە مەندە يوقتۇ تاقەت بىر زەمان ،
ھەركىشى كۆرسە يۈزۈڭ بىئىختىيار ئەيلەر فىغان ،

ئۆزۈك ئىنساق ئەتكى ، نېتكەي ئاشقى زارىك سېنىڭ .

كۆرسە بىلقىس دەۋلەتى ھۆسنۈڭدە ھەسرەتدە قالۇر ،
ئەيلەمش زەۋقۇ تەئەججۇپ بەلكى ھەيرەتدە قالۇر ،
كۆرسەلەر جەمشىدۇ ئىسكەندەر بۇ فۇرقەتدە قالۇر ،
شىرىنۇ لەيلى تۈشىدە كۆرسە مېھنەتدە قالۇر ،
كۆرسەلەر ھۇرۇ پەرى بۇ فىئىل ـ ئەتۋارىڭ سېنىڭ .

يوقتۇرۇر ھۆسنۈڭدە ئەي مەھۋەش سېنىڭ ھەرگىز قۇسۇر ،
دەۋلەتۇ بەختۇ سەئادەت سەندە باردۇر ھەم ھۇزۇر ،
تاڭ ئەمەس ئىشقىڭ سۇلەيمانى زەمانىنى قىلسە مۇر ،
ئاتلانىپ چىقساڭ خەلايىقدىن بولۇر يەۋمۇنۇشۇر① ،
جان نەچۇك بەرمەس قەلەندەر كۆرسە دىدارىڭ سېنىڭ .



① قىيامەت كۈنى دېگەن مەنىدە .

ئەگەر مىلىڭ تىل بىلە ۋەسپ ئەيلەسەم كۆڭلىگە ياقماسدۇر ،
كەمەندى زۇلفىنى قارى قۇلى بويىنغە قاقماسدۇر ،
ئەبرۇ سۇنبۇل ئاسا ساچىنى ھەرگىز تاراغماسدۇر ،
غەرىبى مۇستەمەندىدىن بىھەمدىللاھ① يىراقماسدۇر ،
غەمۇ دەردىدىن ئۆلدۇم ئول پەرى ھالىمغە باقماسدۇر ،

يۈرەكىم قان بولۇپدۇر بىر پەرى پەيكەر فىراقىدا ،
جەھاننى كەزدىمۇ مەن كۆرمەدىم ئانىڭ سىياقىدا ،
بارۇرمەن سەن شىرىنىنىڭ ھەجرىدە فەرھاد تاقىدا ،
غەمىدىن يىغلاغاچ سۇ قالمادى كۆزۈم بۇلاقىدا ،
نەچەكىم يىغلاسام ئەمدى كۆزۈمنىڭ ياشى ئاقماسدۇر .

جەھاندا يوقتۇرۇر سەندىن يەنە بىر گۇلغە دىلبەندىم ،
ماڭادۇر لەبلەرىڭ بەزمىدە جانا شەككەرۇ قەندىم ،
كى سەندىن ئۆزگەگە ، ئەي دىلرەبايىم ، يوقتۇ پەيۋەندىم ،
بۇ ھۆسنى بىمىسالىكىم ساڭا بېرىپ خۇداۋەندىم ،
مۇھەببەت تەبلىنى كىمدۇر سېنىڭ سارىغە قاقماسدۇر .

خىجالەتدە قالۇر يۈزۈڭنى كۆرسە يۇسۇفى كەنئان ،
سېنىڭدەك كۆرمەدى ھۆسن ئەھلى ئىچرە بىر مەھى تابان ،
قىلىپدۇر ئاشكارا قۇدرەتىنى ھەزرەتى سۇبھان ،

① ئاللاغا شۈكرى دېگەن مەنىدە .

نېكىم مەخلۇقدۇرۇر ھۆسنۈڭكە دوستدۇر ، ئەي شەھى دەۋران ،
يىلان ھەرگىز سېنى زۇلفۇڭنى دوست تۇتقاننى چاقماسدۇر .

بۇدۇر رەھمىڭ رەقىبىمنى مېنى زىنددىمغە ئىزدەرسەن ،
مېنى گەر ئىزدەسەڭ جەۋرۇ جەفا قىلماقغە ئىزدەرسەن ،
بەناگاھ ئۇچراساڭ كۆزۈمگە سەن قاچماقنى ئىزدەرسەن ،
ستەمگەر بىمۇرۇۋۋەت زالىمدىن رەھم ئىزدەرسەن ،
فىراقىدا ئۆلۈپ كەتسەڭ قەلەندەر ساڭا باقماسدۇر .



مۇرادىم بۇدۇرۇر مەن بەندەئى ئۇل كۆزۈ قاش ئولسام ،
بۇدۇر مەقسۇدۇم ، ئەي جانا ، سىنىڭ ئالدىڭدا كاش ئۆلسەم ،
ماڭا دەۋلەتدۇرۇر گەر ئىتلارىڭ بىرلەن قاياش ئولسام ،
سىنىڭدەك نازەنىنغە ئاشىق ، ئەي زىبا قۇياش ، ئولسام ،
زىلەيخادەك ئەجەب ئىرمەس قارىلىق چاغدا ياش ئولسام ،

رەقىبىم جانىغە ھىجران ئۇتىنى تولا ياقغايسەن ،
غەزەب بىرلەن ئانىڭ سۆڭەكلەرىنى پارچە چاقغايسەن ،
تۆمۇردىن مىخ ئېتىپ ئانىڭ ئىكى كۆزىگە قاقغايسەن ،
بىرەر لۇتفۇ كەرەمدىن رەھم ئېتىپ ھالىمغە باقغايسەن .
ئىچىڭ ئاغرىپ قالۇر ھىجرانىڭا ، ئەي باغرى تاش ، ئۆلسەم .

خەيالىم باردۇرۇر تا ئۆلگۇچە ھۇسنۇڭ سىفات ئەيلەپ ،
سىنىڭ ھەجرىڭدە مەن ئۆلدۇم ، نە بولۇرسەن خەيال ئەيلەپ ،
ماڭا لۇتفى ئەيلەگىل تاتلىق سۆزۈڭنى سەن نەبات ئەيلەپ ،
نە بولۇر كۇلبەمە كەلسەڭ مەسىھىم ئىلتىفات ئەيلەپ ،
نەچە دەردى فىراقۇ ھەجرىدىن ساھىب فەراش ئولسام .

ساڭا قۇل بولغانىغە فەخر ئېتەلەر پارچە سەرۋەرلەر ،
تىشىڭنى ھەسرەتىدىن قان يۇتارلار دۇررۇ گەۋھەرلەر ،
ئەدەمدۇرلار لەبىڭ ئالىدا ، جانا ، شەھدۇ شەككەرلەر ،
قىلۇرلار خىزمەتىڭنى لەيلى ئوخشە پارچە دىلبەرلەر ،

فىراقىڭ تاغىدا تاڭ يوق جۇنۇن ئەھلىغە باش ئۇلسام .

نەچە داد ئەيلەدىم ئالدىڭدا ھەرگىز تاپمادىم دادىم ،
بۇ قۇمرىدىن خەبەر ئالمايدۇرۇر ئول سەرۋى ئازادىم ،
مېنى ھىجرانىدا كۆيدۇردى ، سەھۋەن قىلمادى يادىم ،
جەھان شوخىنى شوخلايدۇ ، كۆرۈڭ زالىم ، پەرىزادىم ،
ئىشكىدە تاپارمەن يول ، قەلەندەر ، گەر ياۋاش ئۇلسام .

كۆرسە يۈزۈڭنى كىرەر قاچىپ بۇلۇت ئىچرە قۇياش ،
نې ئۈچۈنكىم يوق قۇياشغە ئاڭا ئوخشە كۆزۈ قاش ،
سۆزلەرىڭدىن تامادۇر لەئلۇ جەۋاھىر جاش ـ جاش ،
تا ساڭا بەردىم كۆڭۈلنى زەھرى غەم بولدى مەئاش ،
بۇ قىلىشدا نېدۇرۇر مەقسەد ساڭا ، ئەي شوخى ياش .

جەننەتى ئەئلادۇرۇر كۆزۈمگە مەئۋايىڭ سېنىڭ ،
توبىئى سەرۋى بىھىشتدۇر قەددى رەئنايىڭ سېنىڭ ،
گۈلشەنى باغى ئىرەمدۇر مەنزىلۇ جايىڭ سېنىڭ ،
نۇرى رەھمەتدىن ياراتتى بارچە ئەئزايىڭ سېنىڭ ،
بۇلئەجەب ئىشكىم قىلىپدۇر كۆڭلىگى باغرىڭنى تاش .

مۇنچە زۇلم نېدۇر جانىمغە دوستلار ئاندىن سورۇڭ ،
ئول سىتەمگەر جەۋرۇ زۇلمىن ، ئەي مۇسۇلمانلار ، كۆرۈڭ ،
كىم قەدەم قويسە مۇھەببەت سارى ئانى كۆيدۈرۈڭ ،
زۇلفى ئايتۇر باغلا ئانى ، كۆزى ئايتۇر ئۆلتۈرۈڭ ،
بىر ئەسىر ئۆزرە ئىكى بۇلانچى قىلغاندەك تالاش .

شۇم رەقىبغە لۇتفى ئېتىپ ئولتۇرغۇزۇپدۇر يانىدا ،
نې ئىلاج ئەيلەي مېنى كۆرمەيدۇر ئادەم سانىدا ،
ئاشىق ئولسا ھەر كىشى قانى ئۆزىنىڭ بوينىدا ،
ئوت تۇشەر رەھمى كېلىپ كىم كۆرسە ئانىڭ جانىدا ،
دەئۋىئى ئىشق ئەيلەبان ھەر كىمسەگە كۆتەرسە باش .

(1)......................................................................................

---

(1) بۇمۇخەممەسنىڭ ئاخىرى يوق .

.......................................................................(1)

تەڭ بولالماس ھۇسنۇڭە مىڭ بولسالار ھۇرۇ پەرى ،
كۆرمەگەن دەۋرانۇ بەھرۇ بەر سېنىڭدەك گەۋھەرى ،
سەن تۇرۇپ باقماس كىشى گەر چىقسە شەمسى خاۋەرى ،
دېسەلەر كىم گەر بولاي ئىككى جەھاننىڭ سەرۋەرى ،
رىشتەئى مېھرى مۇھەببەتنى رەقىبلەردىن ئۈزۈڭ .

كىم كۆرۈپدۇر بىر سېنىڭدەك دىلبەرى يۇسۇف نىشان ،
ھەر كىشى كۆرسە يۈزۈڭنى قۇل بولۇر ئۇل شول زەمان ،
لايىقى ئىلزەم ئېرۇر قىلسام سىفاتىڭنى بەيان ،
بىر سېنىڭدەك يوقتۇرۇر گۇلچېھرەئى شىرىن زەبان ،
شۇم رەقىبى بەد دىيانەت ئۇچراسە كۆزىن ئويۇڭ .

يۈرەكىڭدەك بۇ جەھان ئىچىدە سەندەك قارە يوق ،
بارچە ئەل دەرلەر سېنىڭدەك دىلبەرى مەھ يانە يوق ،
بىر مېنىڭدەك خىزمەتىڭگە يۈرەكى سەد پارە يوق ،
تۇتىدەك جانىن فىدا قىلماقدىن ئۆزگە چارە يوق ،
ئىشتۈر بولسا قەلەندەر ، دىلرەبا شەككەر سۆزۈڭ ،



① بۇمۇخەممەسنىڭ بېشى يوق .

كۆرسە يۈزۈڭنى خۇدايىم ھەشرىدە ، ئەي نازەنىن ،
ئەيلەر ئېردى قۇدرەتىگە ھەر زەمان يۈز ئافەرىن ،
مەن ساڭا فەرھادمەن ، ئەي دىلرەبا ، سەنسەن شىرىن ،
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ قىلماغىل كۆڭلۈم ھەزىن ،
كۆيۈنۈر بولسە كويۈڭ دەيرى ئېرۇر خۇلدى بەرىن ،

گەر تۈزەر بولساڭ مەجالىس بۇ گۇلى رۇخسار ئىلە ،
تاڭ ئەمەسدۇر سەيد قىلساڭ ئەلنى بۇ گۇفتار ئىلە ،
ئىلتىفات ئەتكىل قۇلۇڭغە لەئلى شەككەر بار ئىلە ،
چىقساڭ ئۆيدىن گەر خىرامان بۇ قەدۇ رەفتار ئىلە ،
شەيخ سەنئان بولغۇسىدۇر زاھىدى خىلۋەت نىشىن .

ئار ئېتەر كۆرسە قۇياشنى ئارەزىڭ ، ئەي گۇلئۇزار ،
سەن قۇياش كۆزىگە بار مەن زەررەدىن بىئېئتىبار ،
قان بولۇپدۇر يۈرەكىم ھەجرىڭدە يوق بىر دەم قەرار ،
تاكى خەلق ئەتتى جەھاننى خالىقى پەرۋەردىگار ،
كەلمەدى ھەرگىز ۋۇجۇدغە ساڭا ئوخشە مەھ جەبىن .

دەردى ئىشقىڭ دىلرەبا كۆڭلۈمگە بولدى تا نەسىب ،
قىلمادىڭ لۇتفۇ كەرەم قالدىم ① فىراقىڭدا قارىپ ،
قىلدى جەۋرۇ زۇلمنى جانىمغە شۇم بەدنىرەك رەقىب ،
نەقش باغلادى قەلەندەر كۆڭلىگە داغى نەسىب ،
ھەر كىشى كۆرسە گۇمان ئەيلەر ئېرۇر نەقشى نىگىن .

---

① قالدىم ـــ قول يازمىدا «قالدى» دەپ يېزىلغان .

ئىلاھا ، بەرگەسەن رەھىم ، مۇرۇۋۋەت پۇر جەفالارغە ،
ۋەفاۋۇ مېھر ــ شەفقەت ھەم ئەتا قىل بىۋەفالارغە ،
مۇھەببەت ئوتىنى سالغىل سىتەمگەر دىلرەبالارغە ،
خەبەر يەتكۈر بۇ ھالىمدىن ، كۆڭۈل نائاشنالارغە ،
ئىلاھا ، سەبر ــ تاقەت بەر بىزىڭدەك مۇبتەلالارغە .

ياراتماپدۇر ئانىڭدەك بۇ جەھاندا سانىئى قۇدرەت ،
نەسىب ئەتكىل ، ئىلاھا ، ئول پەرىغە ئەيش ئىلە ئىشرەت ،
ئانىڭ ھەققىدە نازىل بولدى گويا ئايەتى رەھمەت ،
بىرىپتۇر پاك دامانىم شەرىئەت گۈلشەنى زىينەت ،
ئىلاھا ، ئۆمر دەۋلەت بەر ئانىڭدەك پارسالارغە .

بارى ئىلمى فۇزۇلدا بۇ جەھاندا باردۇرۇر يەكسان ،
فلاتون ئەقل بابىدا ئەگەر كۆرسە قالۇر ھەيران ،
تالىڭ ئېرمەسدۇر فىراقىدا ، بەرادەر ، ئەيلەسەم ئەفغان ،
مېنىڭدەك تارتماغان ھېچكىم فىراقۇ مېھنەتۇ ھىجران ،
گىرىفتار ئولماسۇن ، يا رەب ، كىشى قاشى قارالارغە ،

ئەگەر ھىجرانىدا ئۆلسەم ، نىگارىم بىر نەزەر قىلماس ،
فىراق ئۆتتى مەگەر بۇدۇر تېنىمدىن ھېچ ئەسەر قىلماس ،
يۈزىن كۆرگەندە خۇرشىدى جەھانغە زىيبۇ فەر قىلماس ،
غەرىبۇ مۇستەمەندىدىن پەرىۋەشلەر خەبەر قىلماس ،

ئىلاھا، مەرھەمەت بەر گۈلگۈنۈ ئاللىق قەبالارغە.

ئەگەر بۇيى ماڭا يەتسە، پەرىزادىمنى خالىدىن،
مەسىھادەك كىچەرمەن ئۈشبۇ ئالەم مۈلكۈ مالىدىن،
خەبەر ئالمايدۇر ئول زالىم مەنى يىچارە ھالىدىن،
گۈلىستانى جەمالىدىن، بىھىشت ئاسا ۋىسالىدىن،
نەسىب ئەتكىل گۈلى، يا رەب، قەلەندەر بىنەۋالارغە.



ساڭا ئوخشه دىلبەرى شىرىن زەبانى كۆرمەدىم ،
تەختى دەۋلەت ئۆزرە بىر ساھىب قىرانى كۆرمەدىم ،
لەبلەرىڭدەك بۇ جەھاندا لەئل كانى كۆرمەدىم ،
كوپۇك ئوخشە ئۆزۈمە ھۇرى زەمانى كۆرمەدىم ،
قامەتىڭدەك باغ ئارا سەرۋى رەۋانى كۆرمەدىم .

سەن [ ئىبرۇر سەن بۇ ] جەھاندا ھۇسنۇ خۇلق پابىدا تاق ،
ھەر يامانلىق باردۇرۇر بارچەسى سەندىن يىراق ،
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ بۇ قارى قۇلۇڭغا باق ،
بىر ـ بىرىدىن كۆردۇم جەھاننى سەير ئىتىپ ياشدىن ـ ئاياق ،
بىر سىنىڭدەك مەھۋەشى ئارامى جانى كۆرمەدىم .

ماڭا ئوخشە يوقتۇرۇر ئالەمدە بىر شەيدايى ئىشق ،
بولماغان مەندەك كىشى دۇنيادا بىر رەسۋايى ئىشق ،
شۇكرىلىللاھ ، ئىشقىڭە دەرلەر مىنى دانايى ئىشق ،
تاكى قىلدىم بۇ خوتەندە سەن بىلەن سەۋدايى ئىشق ،
سۇد كۆردۇم ھەدسىز ئەمما بىر زىيانى كۆرمەدىم .

تا سىنىڭ يۈزۈڭنى كۆردۇم تاپمادىم بىردەم قەرار ،
تۈشتى ھىجرانىڭ ئوتىدىن ئىچىمە يۈزمىڭ شەرار ،
ھۇسنۇڭ ئەتتى بۇ جەھان ئىچرە قىيامەت ئاشكار ،
گەرچە كۆردۇم ھىندۇ ، سىند ، تۇرانۇ ئىرانۇ بۇخار ،

مەھۋەشى دىلكەش سېنىڭدەك دىلبىستانى كۆرمەدىم .

بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم ئالەمدە شوخى سىيمتەن ،
سەرۋ بويلۇق ، گۇل مەڭىزلىك شىرىنۇ نازۇك بەدەن ،
لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشان ، تىشلەرىڭ دۇررى ئەدەن ،
سەير ئېتىپ كۆردۈم جەھاننى بەھرۇبەر بىرلە يەمەن ،
ساڭا ئوخشە دىلبەرى يۇسۇف نىشانى كۆرمەدىم .

بارچە ۋەسفىنى قىلۇرلار نازەنىنىم سۇبھۇ شام ،
بىر سېنىڭددەك ھېچ تۇغۇلماسدۇر ئىلا يەۋمۇلقىيام ،
ياخشى ئات بىرلە سېنى ياد ئەيلەمىشلەر خاسۇ ئام ،
ئەي قەلەندەر ، دىلكەشۇ خاتىرنىشىن شىرىن كەلام ،
دىلبەرىڭنىڭ ۋەسفىدەك بىر داستانى كۆرمەدىم .



لەبلەرىڭنىڭ يولىغە لەئلى بەدەخشانىم قىدا ،
تىشلەرىڭنىڭ ھەر بىرىغە گەۋھەرى جانىم قىدا ،
تەرلەگەن گۇلدەك يۈزۈڭگە ئابىھەيۋانىم قىدا ،
بەلكى ئەنجۇمى فەلەك خۇرشىدى  تابانىم قىدا ،
بىر تۆكەر بولساڭ قانىمنى ساڭا مىلڭ جانىم قىدا .

يوقتۇرۇر مىسلىڭ جەھاندا ، ئەي مەھى يۇسۇف نىشان ،
ئۆرتەدىڭ جانىمنى ھەدسىز ، ئەيلەدىڭ باغرىمنى قان ،
بەرمەدى ھەجرىڭ ئوتى بىر لەھزە جانىمغە ئەمان ،
سەرۋ ، توبى بولسا قەددىڭغە تەسەددۇق ھەر زامان ،
تۇتىدەك شەككەر سۆزۈڭگە شەككەرىستانىم قىدا .

لەيلىيۇ شىرىن سىڭنىڭدەك يوق ئىكەن ساھىب جەمال ،
مەجنۇنۇ فەرھاد مەندەك بولماقى باردۇر مەھال ،
تاپماسۇن دۇنيادا ھەرگىز دەۋلەتى ھۇسنۇڭ زەۋال ،
ئەنبەرۇ مۇشكىنى خوتەن خالىغە بولمىش پايمال ،
كاكۇلۇ زۇلفۇڭغە جانا سۇنبۇلىستانىم قىدا .

چىقمادى سەندەك جەھاندا دىلرەبايى نازەنىن ،
ھەركىشى كۆرسە يۈزۈڭنى شۇل زەمان دەر ئافەرىن ،
سۇرەتىڭ تاتاردا ھەيرەتدە قالۇر نەققاشى چىن ،
مەقسەدىم بۇدۇر مىنىڭ ، ئەي دىلبەرى ھۇرى جەبىن ،

مەشرەبىڭگە ئەيلەسەم شەمئى شەبىستانىم فىدا .

شەھدۇ شەككەردىن ماڭا تاتلىق ئېرۇر شەككەر سۆزۈڭ ،
ھەجرىڭە قايداغ چىدارمەن ، كەل باقىپ ئايغىل ئۆزۈڭ ،
ساڭا داد ئەيلەيكى ئۆلتۈردى مېنى كافىر كۆزۈڭ ،
ئاينادۇر يىغلاپ قەلدەندەر تا كۆرۈپ ئايدەك يۈزۈڭ ،
خانىمانىم بىرلە ساڭا باغۇ بوستانىم فىدا .



گۈلشەنۇ گۈلزار باغىمنىڭ گۈلى تا باردى تاغ ،
قويدى فۇرقەتدىن مېنىڭ جانىمغە يۈزمىڭ دەردۇ داغ ،
بىلمەدىم كۆڭلۈگدە بار ئېركەن جۇدالىقدىن ساناغ ،
سەنسىزىن يالغۇز باشىمغە بولدى دەۋزەخدەك ئۇ تاغ ،
نې گۇناھىم بار ئىدى تۈشتۈم نىگارىمدىن يىراغ .

ئوت تۇتاشتى فۇرقەتىڭدىن جانىمغە ، ئەي گۈل بەدەن ،
لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر ، تىشلەرىڭ دۇررى ئەدەن ،
كۆرمەدىم ئالەمدە سەندەك دىلبەرى شىرىن سۇخەن ،
بولدى كۆلبەم سەنسىزىن يەئقۇبدەك بەيتۇل ـ ھەزەن ،
سەن بارىپ يۇسۇفكە ئوخشە ئەيلەمىشسەن سەيرى باغ .

بولسا ئېردى ئىختىيارىم گەر ئۆزۈمنىڭ قولىدا ،
تۇرمايىن ماگار ئىدىم مەن ئاقساينىڭ چۆلىدە ،
يەتكۈرۈر ئېردىم ئۆزۈمنى نازەنىنىم كويىدا ،
ئەيشۇ ئىشرەت بىرلە راھەتدۇركى تاغنىڭ يولىدا ،
گاھ ـ گاھ ماگسام باشىم بىرلەن گەھى ماگسام ياياغ .

كىمسەگە ھىجرانى دەۋراندىن ھەلاۋەت ئىستەمەك ،
سۇساغان گۈلزاردىن رەڭگۇ تۇرابەت ① ئىستەمەك ،

① تۇرابەت : قول يازمىدا بۇ سۆز « تۇراب » دەپ يېزىلغان .

باغۇ بوستاندىن خەزان ۋەقتى نەزاكەت ئىستەمەڭ ①،
مەندىن ، ئەي ئەھباب ،ئەمدى ئەيشۇ راھەت ئىستەمەڭ ،
بۇلبۇل ئايرۇ بولسا گۇلدىن ئاڭا نې بولغاي فىراق .

تا سېنىڭ بىرلەن ئىدىم مەن بۇلبۇلى خۇشخان ئىدىم ،
ئەيشۇ ئىشرەت تەختى ئۈزرە گويىيا سۇلتان ئىدىم ،
دېمەيىن سۇلتانكى يەتتە ئىقلىم ئۆزرە خان ئىدىم ،
رۇستەمى داستان ئىلە ئىسكەندەرى دەۋران ئىدىم ،
بۇلبۇل ئىدىم سەندىن ئايرىلغاچ بولۇپمەن ئەمدى زاغ .

سەندىن ئايرىلدىم تىرىكلىك ماڭا كۆپ دىشۋاردۇر ،
نې ئۈچۈنكىم ئىككى لەئلىڭ تۇرفە شەككەر باردۇر ،
سەن تۇرۇپ ھۇرۇ پەرى سارىغە باقماق ئاردۇر ،
غۇنچە ئاغزىڭ ئالدا ، ئەي شوخ بىمىقداردۇر ،
بىر سېنىڭدەك ھېچ تاپىلماس يەر ئۆزە سالسام سۇراغ .

تا جۇدا سەندىن بولۇپمەن مېھنەتۇ غەمدۇر ئىشىم ،
دەردۇ مېھنەت بىرلەن ئۆتتى سەنسىزىن يازۇ قىشىم ،
كۆڭلۈڭىزگە رەھم يوقتۇرمۇ مەگەر ، ئەي مەھۋەشىم ،
كېچەۋۇ كۈندۈز قۇرۇمايدۇر كۆزۈمدىن ھېچ ياشىم ،
زەھرى قاتىل توشقارىپ ، ساقى ماڭا تۇتغىل ئاياغ .

تۇرمايىن تاغ يولىدا ماڭماقغە باردۇر ئاززۇم ،

① بۇ مىسرا قول يازمىدا « باغۇ بوستاندىن نەزاكەت ۋەخفى خازاننى ئىستەمەڭ » دەپ يېزىلغان .

كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇنچە يەتمەكلىككە باردۇر ئاززۇم ،
كەلمەسەڭ تاغدىن بارىپ تۇرماقغە باردۇر ئاززۇم ،
ھەر زەمانى مىڭ يولى كۆرمەككە باردۇر ئاززۇم ،
نې ئىلاج ئەيلەيكى باردۇر تاغنىڭ يولى يىراغ .

كۆيمەسۇن فۇرقەت ئوتىدا ماڭا ئوخشە ئادەمى ،
مەن كۆيەرمەن ھەجر ئوتىدا ، سەندە [1]يوقتۇر ھىچ غەمى ،
سەن ئىدىڭ ئەي دىلرەبايىم ، داغلارىمنىڭ مەرھەمى ،
كۆرمەدىم تۈشۈمدە ھەم سەندىن يارۇغلۇق بىردەمى ،
تۈن قاراڭغۇ كۆلبەم ئىچرە سەن ئىدىڭ شەمئى چىراغ .

كاشكى ، ئەي نازەنىنىم ، سىزنى مەن كۆرمەس ئىدىم ،
دانەئى خالىڭ كۆرۈپ دامىڭغە مەن تۈشمەس ئىدىم ،
ھەسرەتىڭدە كېچە ـ كۈندۈز قان ياشىم قۇيماس ئېردىم ،
ئەي گۈلىستانى زەمانىم ، مۇنچە مەن بىلمەس ئىدىم ،
بۇلبۇلى كۆڭلۈمگە ئېركەن زۇلفى مۇشكىنىڭ توزاغ .

ئەي مۇسۇلمانلار ، مىنى تاشلاپ بارىپدۇر دىلبەرىم ،
مەن تىلەرمەن ماڭا يەتكۈرگەي ئانى ھەيىيى قەدىم ،
سەن شىرىننىڭ ئىشقىدا فەرھاددىن يوقتۇر كەمىم ،
گەر فىراقى ھەجر ئارا ئۆلسەم مېنىڭ يوقتۇر غەمىم ،
ھەر نە بولسام مەن بولاي ، تۇتسۇن خۇدايىم سىزنى ساغ .

كىمگە ئايتاي مەن جەفايى چەرخى كەجرەفتارنى ،

[1] سەندە : قول يازمىدا « سەن تاغدا » دەپ يېزىلغان .

بىر ـ بىرىدىن ئاجراتۇر ئىككى رەفىقۇ يارنى ،
كۆيدۇرۇر فۇرقەت ئوتىدا ئاشىقى ئەفگارنى ،
زەررەچە چىقمايدۇ دەردىم شۇم رەقىب ئەغيارنى ،
قەھر ـ ئاچچىغ بىرلە سوقسام كۆندە ئانى يۈز تاياغ .

بىر سىنىڭدەك دىلبەرى شىرىن زەبانى كۆرمەدىم ،
سەرۋ بويلۇق ، گۈل مەڭىزلىك دىلستانى كۆرمەدىم ،
ھۆسن دەۋلەت تەختى ئۈزرە كامرانى كۆرمەدىم ،
مەھۋەشۇ دىلكەش بۇتى قۇياش نىشانى كۆرمەدىم ،
گەرچە كۆردۈم ھىندۇ ، سىند ئىرانۇ ، تۇرانۇ قازاغ .

سەن بىلەن دەۋزەخدە بولسام ئولدۇرۇر خۇلدى بەرىن ،
قاشۇ كۆزۇ كىرپىكۇ زۇلفۇڭغە يۈزمىڭ ئافەرىن ،
نې ئۈچۈن ئولماي يىراق مەن ، شۇم رەقىب ساڭا يەقىن ،
رەشكىدىن ئۆلمەككە يەتتىم ئەي مەھى ھۇرى جەبىن ،
مېنى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن ئەغيارىمە تۇتتۇڭ ئاپاغ .

رەھم ئېتىپ باقغىل بىرەر ھالىغمە زەئفىمدىن قويى ،
فەرق ئېتە ئالمان فەلەكدۇر يوقارى يا يەر قويى ،
قىلدى ئاشىقغە خۇدايىم دەردۇ رەنج كۆيمەك كويى ،
تىنمايىن ھىجرانىڭا ئاقار كۆزۈمنىڭ گەر سۈيى ،
ھەر كىشى كۆرسە گۇمان ئەيلەر ئېرۇر ئىككى بۇلاغ .

ئايتۇر ئېردىم ئاشىق ئولسام ۋاسىل ئولغۇم بىر كۈنى ،
ئەيشدە ئۆزۈمنى مەن جەمشىد دەرمەن ئول كۈنى ،
نەچچە ئەرز ئەتسەم كېلۇر ئاچچىغى چىقماسدۇر ئانى ،

زۇلم ئىلە ئۆلتۇرمەكى ئول شوخنىڭدۇر ئويۇنى ،
بىلمەدىم بولماس ئىكەن كۆڭۈل بىلە قىلغان سىناغ .

گەر ئاتاڭ بولسۇن قۇياشۇ بولسا ئاناڭ تولۇن ئاي ،
مۇمكىن ئېرمەسكىم تۇغۇلغاي ساڭا ئوخشە دىلرەباي ،
كىم يۇزۇڭگە باقسا جانا رەشكىدىن كۆزىن ئوياي ،
ئۆلگۇدەكمەن بۇ سەبەبدىن ئاقىبەت ، ئەي مەھلىقاي ،
ئەھلى دانىش مەھرۇمۇ نادان ئېرۇر ساڭا ئاتاغ .

ئېرۇتۇر كۆڭلۇمنىڭ ئوتى گەر ياۋۇشسە تاشنى ،
قىلمادى كۆڭلىگە تەئسىر شوخ باغرى تاشنى ،
ياگى ئاي بىرلەن ئېگىلۇر كۆرسە يا ئول قاشنى ،
رەھم ئېتىپ سەن تاشلاما بىچارەئى قەللاشنى ،
گەر يامانۇ گەر قارىمەن لېك باردۇرۇر سىناغ .

تاغقە بارىپ كۆرمەس ئېردىم سەن مەھى تابانىنى ،
كۆرمەسەم كۆيمەس ئېدىم سەن ئافەتى دەۋرانىنى ،
كىم سىنى كۆرسە فىدا ئەيلەر جەھانۇ جانىنى ،
ۋەسل ئۇچۇن قۇيدى كۆزۈم دەرياغە ئوخشە قانىنى ،
بىلمەدىم ئاشىقغە كۆپ ئېركەن بەلاۋۇ دەردۇ داغ .

بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم بىلقىس سۇرەتلىك سەنەم ،
گەر پەرىيۇ ھۇر بولسا سېنىڭ ئالدىڭدا ئەدەم ،
تىرگۈزۈر بولساڭ نىگارا كۇلبەمە قويغىل قەدەم ،
كويىڭا باقسام ئېرۇر كۆزۈمگە گۇلزارى ئەدەم ،
ئول زەمانى سەندىن ئايرىلدىم ئۆلۈكمەن تا بۇ چاغ .

هەر زەمان يۈز ناز ئىلە ، ئەي شوخ ، جەۋلان ئەيلەمە ،
ئىشق ئېلىنى دەھر ئارا رەسۋايى دەۋران ئەيلەمە ،
بۇلھەۋەس بىرلە جەھاندا ئەھدۇ پەيمان ئەيلەمە ،
بۇ كۆڭۈل مۈلكۈڭدۇرۇر زۇلم ئىلە ۋەيران ئەيلەمە ،
مۈلك ئولۇر ئاباد ئەگەر بولسا ئادالەتلىغ سوراغ .

بىلمەدىم نېدۇر مۇرادىڭ مۇنچە كۆڭلۈم بۇزماغىڭ ،
گەر يانىپ كەلسەڭ بۇدۇر ئۆلۈكنى سەن تىرگۈزماغىڭ ،
مەقسەدىڭ نېدۇر ماڭا دەۋزەخلەرىن كۆرگۈزماغىڭ ،
مۇمكىن ئېرمەسدۇر سېنى ئەمدى كۆڭۈل ئۈزگۈزماغىڭ ،
ئۆلگۈچە كەتمەس كۆڭۈلدىن ئىشقدىن تۇرغان قاداغ .

لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر يامۇدۇر كانى نەبات ،
يوقدۇرۇر شەھدۇ شەكەر ، بەلكىم ئېرۇر ئابىھەيات ،
سۆزلەرىڭدىن گەر تىرىلسە تاڭ ئەمەس بولغان مەمات .
نې بولۇر قىلساڭ قەلەندەرغە ، نىگارا ، ئىلتىفات ،
بولسا مۇددەتلەر كۆيەر ھەجرىڭ ئوتىدا لاغ ـ لاغ .



تاسەفەر قىلدىڭ ئىماملارغە جانىمنىڭ راھەتى ،
نې كۆزۈمدە باردۇر ئۇيقۇ ، نې تەنىمدە راھەتى ،
نالەيۇ ئەفغان غەمدىن تىنمادىم بىر سائەتى ،
تەندە جانىمنى قۇرۇتتى ئىشق ئوتىنىڭ ھىرقەتى ،
بۇ قارىلىق چاغدا كۆيمەكلىك خۇدانىڭ سەنئەتى .

① ........................................................



① مۇخەممەسنىڭ ئاخىرى يوق .

ھەر كىشىنى بىر پەرى ئىشقىدا شەيدا ئەيلەسە ،
تاڭ ئەمەسدۇر گەر مېنىڭدەك ئەلگە رەسۋا ئەيلەسە ،
نې بولۇر ئەمدى مۇھەببەت رەسمى بەرپا ئەيلەسە ،
كۆزۈمە گەر جىلۋەئى ئۇل قەددى رەئنا ئەيلەسە ،
يوق بولۇپ كەتكەن كۆڭۈلنى يانە بەرجا ئەيلەسە .

تاكى كۆردۈم ئارەزى ئۇل دىلبەرى شىرىن شىئار ،
بىسۇتۇننىڭ تاغىدا فەرھاددەك تاپتىم قەرار ،
ئىشقىنىڭ تەبلىنى چالدىم ئەل ئارادە ئاشكار ،
بولغۇسىدۇر ماڭا ئوخشە خەلق ئارا ئۇل خارۇزار ،
كىم ئۆزىنى چاغلاماي قۇياشغە سەۋدا ئەيلەسە .

سەنسىزىن شەھدۇ شەكەر كامىمگەدۇر گوياكى زەھر ،
فۇرقەتىڭدە ئۆتتى ئۇمرۇم كۆرمەدىم بىر زەررە بەھر ،
بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم ، كۆردۈم ئەگەرچە نەچچە شەھر ،
ئاقىبەت مەندەك بولۇر شەك يوقتۇكىم رەسۋايى دەھر ،
كىم قارىلىق چاغىدا گەر ئىشق دەئۋا ئەيلەسە .

يوقتۇرۇر بۇ يەر ئۆزە سەندەك يەنە ئەي دىلرەبا ،
مەھۋەشى خاتىركەشۇ شىرىن سۇخەن نازۇك ئەدا ،
پاكلىق بابىدا مەريەم ، ھۇسن ۋەششەمسۇ زۇھا ،
لايىقى ئىلزەم بۇدۇر كىم قىلسە تەركى ماسىۋا ،

ھەر كىشىكىم ئارزۇيى جامى سەبھا ئەيلەسە .

ئەي پەرىزادى زەمانىم ، مەھۋەشى ئالى جەناب ،
ئىككى زۇلفۇڭ ئوتراسىدا ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتاب ،
لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشان ، تىشلەرىڭ دۇررى خۇشاب ،
بەختى دەۋلەتدىن بولۇپ ئىكى جەھاندا كامياب ،
كىم قەلەندەردەك ئەگەر گۇلخەننى مەئۋا ئەيلەسە .



بۇلبۇلى شىرىن زەبانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر ،
تۇتىئى شەككەر فىشانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر ،
ھۇر سۇرەت كامرانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر ،
نادىرى ئەبرو كەمانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر ،
گۇلشەنۇ گۇلزارى جانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

ئىنتىزار ئىرۇر ئانىڭ ھۇسنىغە دايىم خاسۇ ئام ،
بارچە ئەل ۋەسفىن قىلۇرلار كېچە ـ كۈندۈز سۇبھۇ شام ،
يەر يۈزىنىڭ دىلرەباسىنى يۈرۈپ كۆردۈم تەمام ،
تۇغماس ئەمدى ئانادىن سەندەك ئىلا يەۋمىل ـ قىيام
مەھۋەشى قۇياش نىشانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

ياخشىلارنىڭ سۆزىگە بىر زەررەئى يوقتۇر سەبات ،
باغلاساڭ كۆڭۈل ئۇلارغە تاپماغايسەن سەن نەجات ،
نازەنىنلەر سۆزى ئىرۇر شەككەرۇ قەندۇ نەبات ،
گەرچە ئىسكەندەرغە بەردى زۇلۇمات ئەينى ھەيات ،
مېنىڭ ئۇمرۇم جاۋىدانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

ھېچ تۈگەنمەسدۇر ئانىڭ ۋەسفىنى قىلسام ماھۇ سال ،
ھەق بېرىپدۇر بىنىھايەت دەۋلەتى ھۇسنۇ جەمال ،
تاپماسۇن تا روزى مەھشەر دەۋلەتى ، ھەرگىز زەۋال ،
تىر گۈزۈرۈر ئۆلۈكنى ، سۆزگە كىرسە ئول ساھىب جەمال ،

ئىيسائىي ئالىي مەكانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

دۇنيادا كۆڭلۈمچە ھەرگىز بىر زەمانى يۇرمەدىم ،
تەۋسەنى مەقسۇدنى مەن ھەر تەرەفكە سۇرمەدىم ،
شەككەرۇ قەندۇ ئەسەلدەك لەبلەرىگنى شورمادىم ،
ئول مەھى تابان بىلەن ھەم بىردەمى ئولتۇرمادىم ،
نازەنىنىم ، مىھرىبانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر ،

مىھرۇ مەھ بىلگىل مىنىڭ يارىمغە بىر تىمسالدۇر ،
گۇل جەبىنلەر يۇزىدە زىينەتكە تۇشكەن خالدۇر ،
سەرۋ بويلۇق ، گۇل مەگىزلىغلەر ئاڭا پامالدۇر ،
ئۆزگەلەر ۋەسفى ئانىڭ ئالدىدا قىلغۇ قالدۇر ،
گەۋھەرى دۇررى مۇغانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر ،

كۆز ئاچىپ باقماس ماڭا ھەر نەچچەلەر قىلسام سەلام ،
مەن نەچۈك تۇتسام ئۇمىد ئاندىن ئىبەرىپتۇر پەيام ،
مىھنەتۇ جەۋرۇ جەفادۇر ماڭا ئىشى ھەر دەۋام ،
ئاشىقى بىچارەلەرنى ئەيلەمىشدۇر قەتلى ئام ،
سەفدەرى ساھىب قىرانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

غۇنچەئى خەندان بولۇر ئولدەم ئەگەر ئىچسە شەراب ،
ئىككى زۇلفى سايەسىغە ئاي يۇزىدۇر ئافتاب ،
كىم يۇزىنى كۆرسە تۇشمىش رىشتەئى جانىغە تاب ،
مەستى جادۇ كۆزلەرى ئالەمنى ئەيلەپدۇر خەراب ،

فىتنەئى ئاخىر زەمانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

بولدى ئول نازۇك قەددىنىڭ ئاشىقى سەرۋى رەۋان ،
نەرگىسى ، چولپان كۆزىنىڭ ھەسرەتىدىن يۇتتى قان ،
يېڭى ئايىنىڭ قەددى ئېگىلدى قاشىن كۆرگەن زەمان ،
مەن نەچۈك بولبۇلغە ئوخشە قىلمايىن ئاھۇ فىغان ،
گۇلشەنۇ گۇلزارى جانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

نې ئىلاج ئەيلەيكى كىرمەس ئول پەرىۋەش سۆزۈمە ،
شادلىق يوقتۇر ، يارانلار ، ئېيد كىم نەۋرۇزۇمە ،
مەن نەچۈك كۆرسەم كىشىدىن قىلدىم ئۆزۈم ئۆزۈمە ،
ھېچ كۆرۈنمەس تاشچە ھەم دۇررۇ جەۋاھىر كۆزۈمە ،
مېنىڭ ئوشۇل لەئل كانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

ئۇندا بەسدۇر دىيدەمە قويغىل .......... ①
زالىمۇ بىرەھىملىقدە گويىيادۇر مۇغبەچە ،
قىلمايىن ئىشقىنى دېسەم ئول قىلۇر تارلىق قاچە ،
گەر يۈزىنى كۆرمەسەم كۈندۈز ماڭا ئېرۇر كېچە ،
ئافتابى خاۋەرانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

ستەمۇ جەۋرۇ جەفادۇر ئول پەرىۋەشنىڭ ئىشى ،
كۆڭۈل ئازارلىقدىن ئۆزگە ئۆتمەدى يازۇ قىشى ،
خانېكەدۇر گويىيا تەمكىن بىلە ئولتۇرۇشى ،
ھەر سۆيەرى باردۇركىم بۇ جەھاندا بىركىشى ،

---

① قول يازمىدا بۇ ئورۇن پەرسۇدە بولغان .

مېنىڭ ئول ئارامى جانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

بەختىجانىم ئوخشە يوقتۇر دىلبەرى سىيمىن بەدەن ،
ساچى ـ زۇلفى ئەنبەر ئەفشان سۇنبۇلۇ ھەم ياسمەن ،
خالىنى تاكۆردى قان يىغلايدۇرۇر مۇشكى خوتەن ،
تا ئانىڭ يۈزىنى كۆردۈم ئەيلەدىم تەركى ۋەتەن ،
دېدىم ئەمدى خانىمانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

تىشلەرى دۇردانە ئېرۇر لەبلەرىدۇر لەئل كان ،
بارچە ياخشىلىقدا باردۇر ئۇشبۇ ئالەمدە ئەيان ،
بەختىجانىمسىز ، نې لازىم ماڭا بۇ جانۇ جەھان ،
①.....................................................................
ئەمدى ئول جانۇ جەھانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .

بەختى جان ئاغاچە ئوخشە بۇ جەھاندا قايدادۇر ،
دانىشۇ فەھمۇ فەراسەتلىك نىگارى قايدادۇر ،
سۆزى شىرىن مەھۋەشى بىر گۇلئۇزارى قايدادۇر ،
تار بارىپدۇر كەربەلاغە يىغلاپ ، قەلدەندەر ، ئايتادۇر :
بائىسى ئاھۇ فىغانىم بەختىجان ئاغاچەدۇر .



① بۇ بىر مىسرا قول يازمىدا چۈشۈپ قالغان .

# داستان

بۇ داستان سەراپا بوستاننىڭ سەبەبى نەزمى ۋە سەمەند ۋە نىدا كىلكى خۇش رەفتارنىڭ سۆز مەيدانىدا رەزمى ۋە كۆكۆل بۇلبۇلى بۇ خوتەننىڭ گۈلزارى ۋە نېئمىتى بىشۇمار ۋە پەسلى ھەمىشە بەھارنىڭ ئاشكارا قىلماق ئۈچۈن سايراغاننىڭ ئەزمىنىڭ سەبەبى ئانداغ ئېردىكىم، يارانى جان دوستان، دۇجەھانى ۋەتەن، ئالىي شەئنى، جەننەت نىشانى قۇندۇزى ئالەم ئەفرۇزدا ئېشىتىپدۇرلاركىم، فەقىر خوتەنى پىسەندى خوبان شەھرىدە كېلىپ تەۋەتتۇن ۋە تەمەككۇن بولۇپدۇرمەن. خەنجەرى خۇنفىشان ۋە سىنانى جانىستان تىللارىنى ئاچىپ خەت ئىبەرىدۇرلاركىم: «ئوبدان ۋە چوڭ شەھەرلەرنى تاشلاپسىز، خوتەنگە بارىپ تۇرۇپسىز. بىزلەر ئىشىتتۇك، خوتەن كىچىك ۋە ياقا يۇرت ئېكەن ...» دەپ بىتىپ ئىبەرىپدۇرلاركىم، «ئاندا بارىپ تۇرغانىڭىزدىن ئۆز كۆڭلىڭىزدە نىھايەتى خۇش تەبئىلىكىڭىز مەئلۇم بولدى .. . » دەپ كىنايە ئايتىپ ئىبەرىپدۇرلار.

فەقىر ئۇلارنىڭ جەۋابىغە دېدىمكى: «رۇستەم دىۋسەفىد بىرلە ئۇرۇشقاندا، دىۋسەفىد ئايتتىكىم: «ئەي رۇستەم، مەن سېنىڭ داڭىڭنى ئەشىتىپ ئېردىم، گۇمانىم بۇ ئېردىكىم، سەن مەندىن پۇر زور ۋە زەبەردەستدۇرسەن دەپ. ئەمدى كۆردۈمكى، ياش ۋە رىزە خۇردەنى ئەكەنسەن. چىمچىلاقىمنى دالۇڭغە قويسام يەنجىلىپ قالۇرسەن» دېدى. رۇستەم ئايتتى: «ئەي كافىرى بىئەقل، ئەي سەگى بەدنەژاد، گەرچە خۇردەمەن، گەردەمەن؛ گەرچە رىزەمەن، ساھىب سىتىزەمەن؛ گەرچە ياشمەن، ساھىب كېڭەشمەن. يىلاننىڭ تىشىنىڭ كىچىكلىكىگە باقمە، زەھرىگە باق» دەپ نەچچە ئەفسانە تەمسىل كەلتۈردۈم. ئۇلارنى خىجالەت قىلماق ئۈچۈن ئە-

بەرگەنىنىڭ بەيانى، خوتەنىنىڭ شەھرىنىڭ سىفاتىنى شەھرلەرغە ئاشكارا قىلغانىنىڭ داستانى. قۇندۇز شەھرىدىن خوتەن شەھرىغە كەلدىم. نەچچە سۆز مەندىن يادىكار قالسۇن دەپ، تەي تەھرىرغە كەلدۇردۇم، بەيت:

ئىشت ئەرزىمنى سەن، ئەي مەردى ئاقىل،
سۆزۈمنى ئاڭلا ئوبدان بولما غافىل.
مەن ئېردىم شەھرىم ئىچرە خۇررەمۇ شاد،
غەمۇ مېھنەتدىن ئېردى كۆڭلۈم ئازاد.
ئىشىم ئېردى ھەمىشە ئەيشۇ ئىشرەت،
جەھاندا بىلمەس ئېردىم بارمۇ مېھنەت.
يارانلار بىرلە دائىم دەرسخانلىق،
كىشىگە قىلماس ئېردىم ھېچ يامانلىق.
بار ئېردى مەشرەبىمدە نازۇ نېئمەت،
مۇساھىبلار بارى ئەھلى مۇھەببەت.
كىتابۇ نەغمەۋۇ سەتارۇ قالۇن،
ھەسەد خەلقى بولۇر ئېردى جىگەر خۇن.
خۇدانىڭ بەرگەنىگە قىلمادىم شۇكر،
يېيىشىم بولدى غەرۇر تەغمان بىرلەسۇكر.
كىشى كۆپراق ئېيتسا شۇكرى رەھمان،
تاپار ھەم دەۋلەتۇ نېئمەت فەراۋان.
كىشى گەر دېمەسە شۇكر، ئەي بەرادەر،
كېتەر قولىداقى دەۋلەت سەراسەر.
بەناگاھ ئولتۇرۇپ ئېردىم بى ھەسرەت،
كى تۇشتى باشىمە سەۋدايى غۇربەت.
بېلىمنى باغلادىم مەردانە مەھكەم،

كى ھېچ با بەتدىن ھەرگىز يېمەدىم غەم .
خۇدا رەززاقدۇر قىلدىم تەۋەككۇل ،
كى سالماي يانچۇقۇمغە بىر گىنە پۇل .
يۈرۈدۈم كېچە - كۈندۈز ، سۈبھى تا شام ،
زەمانى ئالماين بىر يەردە ئارام .
نەسەبىم ئاخىرى تۈشتى خوتەنگە ،
كۆز ئاچتىمكىم تۈشۈپدۇرمەن چەمەنگە .
خوتەن دېمە ، گۇلىستانى ئېرەم دە ،
تەمامى خەلقىنى ساھىب كەرەم دە .
خوتەن دېمە ، دېگىل جەننەت نەزەرى ،
ئېرۇر خەلقىنىڭ ئەينەكتەك زەمىرى .
خوتەن دېمە ، دېگىل فىردەۋسى ئەئلا ،
كەمالى قۇدرەتى ۋاجىب تەئالا .
خۇتەن دېمە ، دېگىل دۇنيا بېھىشتى ،
بولۇپدۇر نۇرى رەھمەتدىن سىرىشتى .
خوتەن دېمە ، دېگىل باشدىن ئاياغ باغ .
گۇلىستانى ئېرەمدۇر رەشكىدىن داغ .
خوتەن دېمە ، دېگەيسەن سەن گۇلىستان ،
كۆزۈڭ تۈشسە نەيەردە باغۇ بوستان .
خوتەن دېمە ، دېگىل سۇنئى ئىلاھى .
تاپىلۇر سەن نې دېسەڭ لا كەماھى .
خوتەن دېمە ، دېگەيسەن ئالەم ئارا ،
قىلىپدۇر سانئى سۇنئى ئاشكارا .
خوتەن دېمە دېگىل كانى جەۋاھىر ،

نې ھاجەت ۋەسق قىلماق باردۇ زاھىر .
خوتەن دېمە ، دېگىل گۈلزارى ئالەم ،
مىسالى يوقدۇرۇر ۋەللاھۇ ئەئلەم ،
خوتەن دېمە ، جەھاننىڭ زىننەتى دە ،
خۇدايى لامەكاننىڭ قۇدرەتى دە ،
خوتەن دېمە ، دېگەيسەن روھ ئەفزا ،
مۇنىڭدەك شەھرى يوق ئالەمدە پەيدا .
خوتەن دېمە ، كى ئاتى باردۇ ماچىن ،
سۆزۈمنى دېمە يالغان بارىدۇر چىن .
خوتەن دېمە ، ئانى سېھر ئافەرىن دە ،
پەرىزاد خانەئى رويى زەمىن دە .
خوتەن دېمە ، ئانى شەھرى سەبا دە ،
سۈيىنى بارچە ئاغرىققا دەۋا دە .
خوتەننى كۆرسەكىم خۇلدى بەرىن دەر .
سۈيىن ئىچكەن كىشى مائى مەئىن دەر .
خوتەن ئوبدان مەكان گەر بولماس ئېردى ،
خوتەن كېلىپ ئىماملار ياتماس ئېردى .
خوتەن سارى بېھىشت ئىشىكى مەفتۇھ .
نەسىمىدىن ئۆلۈك تەنگە كىرەر روھ .
خوتەن كەلگەن كىشى يانمايدۇ ئەلھەق ،
بېھىشتقە باردۇ كىرمەك ، يوقتۇ چىقماق .
خوتەن كەل ـ كەتتىلەرگە شەھرى مەئمۇر ،
يېتەر تەنگگە فەيز ، كۆڭلۈڭ تاپار نۇر ،
خوتەن شەھرى جەھان شەھرىدىن ئەقۋا ،

ئېرۇر خەلقىنىڭ ئىشى زۇھدۇ تەقۋا .
خوتەننىڭ خەلقىغە باردۇر سەئادەت ،
بولۇپدۇر ئىشلارى خەيرى سەخاۋەت .
بولۇپدۇر خۇي ئۇلارغا مېھربانلىق ،
قىلۇرلار ياخشىلىق ، قىلساڭ يامانلىق .
جەھان ئىچرە خوتەننىڭ شەھرىدۇر تاق .
ئېرۇر خەلقى مۇسافىرلارغا ئامراق .
ئۇلۇغۇھەم كىچىك خەلقى مۇلايىم ،
نەمازۇ روزەلەردە تۇرفە قايىم .
ئۇلۇغۇھەم كىچىك خەلقى خۇدا جوي ،
قىلىپدۇرلار تەۋازىئۇ ئەدەب خوي .
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىك خەلقى ئېرۇر پاك ،
بۇ ئەلدىندۇر شەياتۇن كۆڭلى غەمناك .
ئۇلۇغۇھەم كىچىكى ئەھلى تەۋفىق ،
قىلۇرلار ئەمرى ھەقغە بارچە تەسدىق .
خوتەن نېچۈن جەھاندا بولماسۇن تاق ،
مېنىڭ باغچەم دېدىلەر خاجە ئىسھاق .
سەمەرقەندىدە ئېرۇر بىر ئابى رەھمەت ،
ئاقار خوتەندە يۈز دەريايى رەھمەت .
ئېرۇر شۇھرەتدە تاشكەند لالەزارى ،
دېگىل جەننەت خوتەننىڭ نەۋبەھارى .
بەدەخشان لەئلى بولۇر تاجى ئەفسەر ،
خوتەننىڭ تاشىچە ئېرمەس بەرابەر .
خوتەن دەرياسىنىڭ دۇر قاشتاشى ،

خىجىلدۇر نۇرىدىن گەردۇن قۇياشى.
يەمەنىنىڭ سەن ئەقىقىن ۋەسفىن ئەت بەس،
خوتەنىنىڭ بىر شاغىل تاشىغە ئېرمەس.
كى چاج فىرۇزەدىن سەن ئۇرماغىل دەم،
خوتەنىنىڭ بىر ئىشەك مۇنچاقىدىن كەم.
دىمە ئوبداندۇ كابىل ئەرغەۋانى.
خوتەن باغىنى چىتلاتقان تىكەنى.
دىمەسەن شەھرى سەبزىنىڭ نەۋبەھارى،
ياشىل بەخمەل خوتەنىنىڭ سەبزەزارى.
دىمە ئوبداندۇ بەندەر شەھرى سۇرەت.
خوتەنغە ئوخشاماسدۇر ھىچ سۇرەت،
خوتەندەك يوقتۇرۇر شەھرى سىپاھان،
بىھىشت ئاسا ياراتىپ ئانى رەھمان.
شامۇ دىھلە نىچەكىم مۇھتەرەمدۇر،
خوتەن شەھرىنىڭ ئالدىدا ئەدەمدۇر،
جەھان ئابادىمۇدۇر شەھرى كەشمىر،
خوتەننى كۆرسە دەرلەر بارچە تەقسىر.
خوتەن شەھرىنى كۆرسە شاھى بۇلغار،
تاڭ ئېرمەس قىلسا گەر بۇلغارىدىن ئار.
ئەگەر كۆرسە خوتەننى خانى بەغداد،
كېتەر قايغۇسىيۇ غەمدىن بولۇر شاد.
خوتەننى كۆرسە گەر سۇلتانى ئۆرگەنچ،
قىلۇر ئىنساف، دېيۇر دۇنيادا بۇ گەنج.
ئەگەر كۆرسە خوتەننى خەلقى شىراز،

تەندە رەشكىدىن جانى قالۇر ئاز .
خوتەنلەر كىم كۆرۈپ ئىرانۇ تۇران ،
خوتەن شەھرىنى كۆردى قالدى ھەيران .
دىمە ئوبدانىدۇرۇر كىرمانى زىلچاك ،
خوتەن زىلچاسىنىڭ ئالدىدا قىلچاك .
خوتەندىن تا ئۈرۈمچى ، شەھرى قامۇل ،
خوتەن خامى كىيەرمىز دەپ يىغار پۇل .
دىمە ھىندۇستانىنىڭ خاسەسى خوب ،
خوتەن بەشماغى ئاندىن تولا مەرغۇب .
خوتەن شاكۇرەسىنى يار جانى ،
يۇرەن ھەر كىشىكىم كۆرسە ئانى .
قەداغ فۇتاسىدىن رەي ئەھلى جادە ،
ئىرۇر كەشمىر شالىدىن زىيادە .
خوتەنىنىڭ تەگىنماتىدىن ئىشىت سۆز .
ئىرۇر شەترەنجى كىيىز ئالدىدا بۆز .
ئىرۇر كىمخاب ، ئەتلەس جايى ئىران ،
خوتەن مەشرۇتىنىڭ ئالدىدا ھەيران .
خوتەنىنىڭ مۇشكىنىڭ ئىشىت سىفاتىن ،
جەھان خۇشبۇي بولۇر گەر تۇتساڭ ئاتىن ،
بۇ كىيىك نافەسىن دىدى پەيەمبەر ،
مىنىگدۇر مۇئجىزەم ، ئاندىن مۇنەۋۋەر ،
خوتەندە بىر ئۈزۈم بار ئاتى كىشمىش ،
بارى ئۈزۈمدىن ئول ئىلگەرى پىشمىش .
ۋەسالغاسىنى يىسە ئايتۇر ئىنسان ،

بەھاسىغە ئەگەر جان بەرسە ئەرزان .
مۇناقى بىرلە ساھىبى ئۆزۈمى ،
ئېرۇر ھەر بىرىسى خۇرمايى رۇمى .
ئانارۇ ئالمەسىن لەئلى بەدەخشان ،
ئېشتىپ رەشكىدىن ھەردەم يۇتار قان .
ئانىڭ شافتالۇ ، ئامۇدىكى ، ئەي يار ،
خوجەند نەشپەتەسى ئالدىدا بىكار .
ئەگەر ئالۇچەسىنى كۆرسەڭ ، ئەي جان ،
دېمىشسەنكىم ئېرۇر ياقۇت ، مەرجان .
ئۆرۈكۇ ئۇجمەسى جەننەت نىھالى ،
لەتافەتدە جەھاندا يوق مىسالى .
خوبانى دېمە ، دېگىل ھۆسنى خوبان ،
روخى جانانەسى رۇخسارى جانان .
ئېرۇر ھەر ئۈجمەسى بىر دۇررى گەۋھەر ،
دېگىل لەززەتدە ئانى شەھدۇ شەككەر .
قاغۇنىدىن ئېشىت سۆز ، ئەي خىرەدمەند ،
تېگىشمەس بىرىنىكىم بەرسە بىر قەند .
خوتەندەك يوقتۇرۇر ھېچيەردە تاربۇز ،
سىفاتىن قانچە قىلسام كۆرۈنۈر ئۈز .
جىنەستەسىدىن ئىشت ، ئەي بەرادەر ،
ئېرۇر ھەربىرىسى بىر دۇررى گەۋھەر .
خوتەندەك يوقتۇرۇر ھېچيەردە ياڭغاق ،
شاكالى بىرلە مەغزى قاردىن ئاق .
شاكالى تاشدىن مەغزى كۆرۈنۈر ،

كىشى كۆرسە كۆزۈ كۆڭلى سۆيۈنۈر .
دېدىلەر ھۆكۈمايى ئەھلى مەشرىق ،
ساقايۇر يېسە ئەينالۇسىن ئاغرىق .
خوتەننىڭ چامغۇرىدۇر ھەر بىرى ناك ،
نەبات دەرزەردەكىنى ئەھلى ئىدراك .
خوتەن كېلىپ كىشى گەر كۆرسە گۇلزار ،
ئېرەم باغىنى سەيرىدىن قىلۇر ئار .
قىشۇ ھەم ئەرتىيازى بىر قەبىلدۇر ،
تەمۇزىنىڭ ھەۋاسى مۇئىدەتىلدۇر .
بەدەخشان مۇلكى ئېرۇر ئالتۇن مەكانى .
خوتەن شەھرىدۇرۇر ئالتۇن مەكانى .
ئېرۇر ئالىملىرى ئالەمغە ئەئلەم ،
مىسالى يوقتۇرۇر ، ۋەللاھۇ ئەئلەم .
ئانىڭ كاسىپلارى ھەربىر فلاتۇن ،
جەھان كاسىپى رەشكىدىن جىگەر خۇن .
تەمامى نازۇ نېئمەتلەر فەراۋان ،
فەراۋانلىق بىلە ھەم نەرخى ئەرزان .
بېرىشتە ھاكىمى ھاتەم نىشاندۇر .
ئەدالەت بابىدا نوشىرەۋاندۇر .
ئانىڭ ھەر بىرى ئىشىدا ئەقل ھەيران ،
دېسە بولۇر ئەزىزى مىسرى دەۋران .
خوتەن ئەۋسافىنى ھاكىمى سەفدەر ،
بەيان ئەتسۇن نېچۇك يالغۇز قەلەندەر .
بىتىكچى ئەيلەسەڭ ئالەم بارىنى ،

تۈگەتە ئالماغاي مىڭدىن بىرىنى .
قەلەندەر ، سەن تۈگەت سۆزۈڭ بۇھالەت ،
ئېشىتكۈچىگە قىلما كۆپ مەلالەت .
خوتەننىڭ ۋەسفى تاپتى ، ئەي مۇسەننىف ،
ئەزىز بېگى زەمان ۋەقتىدە تەسنىف .
بۇدۇررى بىبەھا تاپقاندا مەۋزۇن ،
ئىدى ، تارىخقە مىڭۇ ئىككىيۈز ئون .
كەل ، ئەي ساقى ، مېنىڭدىن كامران قىل ،
فىراقىڭدىن قارىدىم نەۋجەۋان قىل .
ئىچىپ ئول مەينى قىلسام كامرانلىق ،
قارىغان چاغىمە مەن نەۋجە ۋانلىق .
يوق ئەتسۇن ئول مېنىڭ دەردۇ ئەلەمنى ،
نىگارىم ۋەسفىغە سۇرسەم قەلەمنى .

*　　*

يۇرۇپ ئېردىم خوتەن شەھرىدە ھەريان ،
كۆرۈندى كۆزۈمە بىرماھى تابان .
ئەجايىب مەھۋەشۇ رۇخسارەسى گۇل ،
قەلەندەر بولدى گۇلزارىغە بۇلبۇل .
قاشى يادۇر ۋەلي كىرپىكلەرى ئوق ،
ئانىڭدەك بۇ جەھان ئەتراپىدا يوق .
مەلاھەت بوستانىنىڭ گۇلىدۇر ،
سەباھەت گۇلشەنىنىڭ سۇنبۇلىدۇر .
ئاڭا ئوخشادۇمەن گەردىسە قۇياش ،

بولۇر ئۇرسە ئانىڭ ئاغزىغە ملگ تاش .
ئوشۇل كۈنكم يۈزىنى كۆردى بۇلبۇل ،
كۆرۈنمەس بولدى قىلچە كۆزىگە گۇل .
لەبىنىڭ ۋەسفىنى لەئلى بەدەخشان ،
ئېشتىپ ، رەشكىدىن ھەردەم يۈتارقان .
قارا كۆزلەر كۆزىنىڭ بەندەسىدۇر ،
ھەمە ھۇرۇ پەرى شەرمەندەسىدۇر .
تىشى دۇردانەدۇر يا گەۋھەرى جان ،
ۋەيا ژالە مۇدۇر يا نۇرى ئىمان .
يۈزىدە خالى مۇشكىنى نۇخۇددۇر ① ،
ۋەيا مۇسھەفغە تۈشكەن بىر نۇقەتدۇر .
پەرى ھۇرلەردە يوقتۇر ئاڭا تىمسال ،
ياڭى ئاينى قىلىپدۇر قاشى پايمال .
ساچى سۇنبۇلمۇدۇر يا رشتەئى جان ،
مۇنۇڭدەك يوقتۇ سۇنبۇل ئەنبەر ئەفشان .
بويىنى تا كۆرۈپدۇر سەرۋى مەۋزۇن ،
خىجالەتدىن بولۇپدۇر قامەتى نۇن .
نىگارى مەھۋەشۇ زىبىبا بۇنا گۇش ،
بۇ نى سىيمىنبەرى گۇلگۇن قەبا پۇشى .
ئىرۇر ھۇرۇمەلەكدەك پاك دامان ،
ئېتەكىنى تا نۇماس گەردى ئىسيان .
تۇغۇلمايدۇر ئانىڭدەك پاك گەۋھەر ،
ئانادىن بۇ جەھاندا ، ئەي بەرادەر .

① بۇ سۆز نۇسخىدا « پەقەت » دەپ يېزىلغان .

بولۇپ مۇساغە شۇھرەت يەدى بەيزا،
ئانىڭ بەيزادەك ئۇخشە جۇملە ئەئزا.
كۆزىدۇر گاھى نەرگىس، گاھى بادام،
كىيىككە ئوخشە يوق بىر يەردە ئارام.
كۆزىنى غەمزە بىرلە ئاچسە ناگاھ،
خەلايىقدىن چىقار يۈز نالەۋۇ ئاھ.
كۆزى ئۆزى بىلە قىلسە نەزارە،
يۈتۈن كۆڭۈلنى ئەيلەر پارە - پارە.
ئالۇر سۈرمە كانىدىن كۆزلەرى باج،
قارا كۆزلەر غەمىدىن ئەيلەر تاراج.
سۆزى يائقۇتمۇدۇر يارىشتەئى جان،
ۋەيا شەككەرمۇ يا لەئلى بەدەخشان.
كىچە چىقسا ئۆيىدىن ئول قەلەمقاش،
خەلايىق دەركىچەدە تۇغدى قۇياش.
قۇياش بىرلە ھەمىشە ئايۇ يۇلدۇز،
قىلۇر سەجدە ئىشىكىن كىچە - كۈندۈز.
ئەگەركىم كۆرسە ئول لەيلىنى بىر كۈن،
تالىڭ ئېرمەس ئىشقىدا گەر بولسا مەجنۇن.
ئوشۇل شىرىندىن ئولسا كىمگە ئىمداد،
تالىڭ ئېرمەسدۇر ئەگەر كىم بولسا فەرھاد.
ئەگەر كۆرسە يۈزىنى شەيخى سەنئان،
دىمەسدۇر باردۇرۇر تەرسائى دەۋران.
قىلىپدۇر ھەق ئانى قۇدرەتدىن ئىجاد،
پەرى پەيكەر ئېرۇر ھۇسنى خۇدا داد،

بۇلاق دىمە ئانى سەن ، ئەي بەرادەر ،
ئېرۇر يەرنىڭ كۆزى ھەجرىڭدە يىغلار .
دىمە يامغۇردۇرۇر ، ئەي نۇر دىدە ،
پەلەكنىڭ كۆزىدۇر يىغلار غەمىدە .
جەھاندا پاكلىق بابىدا تاقدۇر ،
گۇناھۇ مەئسىيەتدىن ئول يىراقدۇر .
بۇ فېئلۇ خۇي ئاڭاكىم بەردى رەھمان ،
نې ھەركىم ئاڭا غالىب كەلسە شەيتان .
بولۇپدۇر نۇرى رەھمەتدىن سەرىشتە ،
تاڭ ئېرمەسدۇر ئەگەر دىسەم پەرىشتە ،
ئانى دەرمىش خەلايىق مەريەمى پاك ،
بەشەردە يوق ئانىڭدەك ساھىب ئىدراك .
خوتەندە يوق ئانىڭدەك ماھى رۇخسار ،
مىنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا ئاشىقى زار .
خوتەندە يوق ئانىڭدەك ماھى تابان ،
مىنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا يۈرەكى قان .
خوتەندە يوق ئانىڭدەك شوخ دىلبەر ،
مىنىڭدەك يوق قۇلى ئاڭا مۇقەررەر .
خوتەندە يوق ئانىڭدەك ئارەزى گۇل ،
مىنىڭدەك يوقدۇ گۇلزارىغە بۇلبۇل .
خوتەندە يوق ئانىڭدەك شوخ گۇلرۇ ،
مىنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا ھىچ دۇئاگۇ ،
خوتەندە يوق ئانىڭدەك بىر پەرىۋەش ،
مىنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا ھىچ جەفاكەش ،

خوتەندە يوق ئانىڭدەك قەددى مەۋزۇن .
مېنىڭدەك ئاڭا يوقتۇر يۇرەكى خۇن .
خوتەندە يوق ئانىڭدەك نازەنىنى ،
پەرىزادى زەمانۇ مەھجەبىنى .
خوتەن ئەسلىدە ئېردى خۇلدى رىزۋان ،
بولۇپدۇر ئول پەرىدىن ئىككى چەندان .
خوتەن ئەسلىدە ئېردى تۇرى مۇسا ،
بولۇپدۇر ئول سەنەمدىن جەننەت ئاسا .
خوتەن ئېردى مەكانى ئۇدۇ ئەنبەر ،
تۇغۇلدى ئول پەرى بولدى مۇئەتتەر ،
خوتەن ئەسلىدە ئېردى باغۇ بوستان ،
تۇغۇلدى ئول پەرى بولدى گۇلىستان .
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ گۇلرۇخ ،
پەرىيۇ ھۇرنى ئول قىلدى مەنسۇخ .
تۇغۇلدى ئانادىن ئول ئافەتى جان ،
خوتەن بولدى پەرىخانە ئۇشۇل ئان .
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ گۇلچېھر ،
خىجالەتدە قالىپدۇر ئاي ئىلە مېھر .
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ مەھۋەش ،
سالىپدۇر بۇ خوتەن ئىچىدە ئاتەش .
تۇغۇلدى ئانادىن ئول يۇزى گۇلزار ،
بولۇپدۇر نازەنىنلەر بارچە بىكار .
خوتەنىنىڭ شەھرىنىڭ ئول زىننەتىدۇر ،
ئەرۇسى مۇلك ھۇسنىنىڭ سەۋلەتىدۇر .

دېدىم ئاڭا : » ئەي نىگارى گۇل چېھر ،
بىر سۆي بۇ قارى قۇلۇڭنى ، ئەي مېھر . «
دېدى كۈلۈپ ئول نىگارى تەررار :
»ياشلار قارىلارنى سۆيمەكى ئار . «
دېدىم : » پەرىلەر ئارادا سەن تاق ،
ھەم ئېڭەكۇ ساقالىم ئېرۇر ئاق . «
دېدىكى : » ساقالىنىڭ ئاقى ، ئەي يار ،
ياشلارنىڭ كۆزىگە كۆرىنۈر قار . «
دېدىم ئاڭا : » ئەي پەرىۋەشى ھۇر ،
ھەق رەھمەتى باردۇر قارۇ يامغۇر . «
»بۇ سۆز « دېدى » يوق كۆڭۈلگە ياۋۇق ،
ھېچ رەھمەتى ھەق بولۇرمۇ ساۋۇق . «
دېدىم ئاڭا : » ئەي ، مەھى دىل ئازار ،
ھەق رەھمەتى نېدۇر ، دېگىل ئەي يار . «
دېدى ماڭا ئول نىگارى دەۋران :
»ھەق رەھمەتى باردۇر ھۇسنى جانان .
خۇبلاردىن ۋەفا ئۇمىدى تۇتماق ،
باردۇر قارا يەردە كېمە سۈرمەك .
يا بەھر ئۆزە كېمەسىز يۈرمەك ،
قۇمنىڭ چېچەكىنى باردۇر كۆرمەك ... «
سەن سۆزلەمە ئەمدى ، ئەي قەلدەندەر ،
يەڭدى سېنى ئول پەرىۋەشى دەھر .
سېنىڭدەك ئازغۇن يولۇقسە يولدا ،
قەلەندەرنىڭ نېچۈك بولمايدۇ يولى .

ئۇچرادى يولدا ئول گۇلى گۇلشەن ،
ئاي ئىلە كۈندىن ئارەزى رەۋشەن .
دېدى يۈز ناز بىرلە : ” يول بولسۇن ،
ھەرنەكىم تەگرى بەرسە مول بولسۇن . “
دېدىم : ” ئەي مەھۋەشۇ پەرى رۇخسار ،
دەۋلەتۇ بەخت ساڭا بولسۇن يار .
جان بېرۇر چاغدا ، ئەي ماھى تابان ،
نەڭ ئەمەس ساڭا ئىيسائى دەۋران .
نەڭ بولالماسدۇر ساڭا ، ئەي دىلبەر ،
پەرىيۇ ھۇر بەلكى شەمسۇقەمەر .
كۆرسە گەر ئارەزىڭنى ئايۇ قۇياش ،
خىجلەتۇ رەشكدىن كۆتۈرمەس باش .
سېنىڭ ئالدىڭدا ، ئەي پەرى مەريەم ،
پاكلىق بابەتىدە ئېرمىش كەم .
تاتىرىكدۇر قەلەندەرىڭ ، ئەي جان
جانىنى ئەيلەمىش ساڭا قۇربان . “



كۆرمەدىم بىر ئىلتىفاتى دەھر ئارادە ياردىن ،
تا تۇغۇلدۇم ، كۆرمەدىم ئالەمدە جۇز ئازاردىن .

..............................................................................

..............................................................................①

* *

..............................................................................

ئۆرتەشىپدۇر داغى ئىشقىڭ بۇ قەلەندەر كۆڭلىدە ،
يوق ئانىڭ ئوخشە يەقىنراق تەندە جانۇ گۇلدە بۇي .②



① ② بۇ ئىككى غەزەل بەكمۇ تولۇقسىز ھالدا يېتىپ كەلگەچكە ئۇخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى .

# لۇغەت

## ئا

**ئاب** سۇ ( ئابى ھەيات : ھاياتلىق سۇيى ، ئابى ھەيۋان « ئابى ھەيات » قا ئوخشاش )

**ئابدار** سۇلۇق ، سۇغىرىلغان ؛ پارقىراق ؛ كۆچمە مەنىدە ؛ ئاق يۈزلۈك گۈزەل ؛ يارنىڭ لېۋى .

**ئارايىش** بېزەك ، زىننەت ، پەدەز ؛ پاراۋانلىق

**ئارەز** يۈز ، بەت ، چېھرە

**ئارىف** بىلگۈچى ، بىلىملىك ، دانا

**ئاسۇدە** تىنچلانغان ، خاتىرجەملىك ، ئامانلىق

**ئاشۇب** تەشۋىش ، غەۋغا ، توپىلاڭ ، ماجىرا

**ئال** ھال رەڭ ، قىزىل

**ئامىر** ئادىمى كۆپ ؛ ئېچىلغان ؛ ئاچقۇچى ؛ قېرى ، ئاجىز ئادەم

**ئاھەڭرەبا** ماگنىت تاش ، تۆمۈرچى تارتقۇچى

**ئايىنە** ئەينەك ، كۆزگۈ ( ~ كۆرگۈ )

## ئە

**ئەبەس** بوش ، بىھۇدە ، بىكار ، پايدىسىز

**ئەبر** بۇلۇت

**ئەبيات** بېيىتلەر ، شېئىرلار ، مۇناجاتلار ، سۆزلەر

**ئەتا** بېرىش ، بەرمەك ، بېغىشلىماق

**ئەتقىيا ( ئ )** تەقۋى كىشىلەر ، ئىتائەتمەن كىشىلەر ، يامان ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلار

| | |
|---|---|
| ئەتۋار | قىلىقلار ، پېئىللار ، رەۋىشلەر ، ھاللار |
| ئەتشان | ئۇسسىغان ، چاڭقاق ، تەشنا |
| ئەجر | ئىش ھەققى ؛ ئەمگەك ، مۇكاپات |
| ئەجىب | ئاجايىپ ، قىزىق ، تەئەججۇپ |
| ئەدەم | يوق ، يوقلۇق |
| ئەرەق | تەر |
| ئەرباب | ئىگە ، يەر ئىگىسى ؛ تەقسىر ، جاناب ( « رەب » نىڭ كۆپلۈكى ) |
| ئەرجۇمەند | قەدىرلىك ، ھۆرمەتلىك ، ئىززەتلىك ، شاراپەتلىك ، ئېسىل ، مۇنەۋۋەر |
| ئەررە | ھەرە ( ياغاچ كېسىدىغان ) |
| ئەرغەۋان ( ~ ئەرغۇۋان ) | قىزىل ۋە چىرايلىق گۈللەيدىغان دەرەخ ، چىرايلىق قىزىلگۈل |
| ئەرۇس | يېڭى تويى بولغان يىگىت ، كېلىن |
| ئەزازىل | شەيتان ، جىن ، يولدىن ئازدۇرغۇچى |
| ئەزب | تەملىك ، ئىچىشلىك ؛ پۇزۇر |
| ئەزبەسكى | ھەر ھالدا ، ھەر قاچان ، قانداقتۇ |
| ئەزم | نىيەت ، قارار |
| ئەسھاب | ساھابىلەر ، سۆھبەتداشلار ، دوستلار ، بىرگە بولغۇچىلار ، ئىگىلەر |
| ئەشك | ياش ، كۆز يېشى |
| ئەغيار | « غەيىر » نىڭ كۆپلۈكى ( ئۆزگىلەر ، باشقىلار ، ياتلار ) |
| ئەفرۇز | سۆز بىرىكمىسىدە « يورۇتقۇچى » ، «قىزىتقۇچى » مەنىلىرىدە كېلىدۇ |

ئەفزا | سۆز بىرىكمىسىدە « كۆپەيتكۈچى » ، « ئۈزارتقۇچى » مەنىلىرىدە كېلىدۇ
ئەفزۇن | كۆپ ، ئارتۇق ، ئۇزاق ، نۇرغۇن ،
ئەفسەر | تاج
ئەفسەھ | ئەڭ فەسىھ ، سۆزلىرى بەك چىرايلىق
ئەفشان | سۆز بىرىكمىلىرىدە « تۆككۈچى » ، « چاچقۇچى » مەنىلىرىدە كېلىدۇ
ئەفكار | پىكىرلەر ، ئويلىغان ئويلار
ئەفگار | زەخمىلەنگەن ، يارىدار
ئەكبەر | چوڭ ، ئەڭ چوڭ ، ئۇلۇغ
ئەلۋان | تۈرلۈك رەڭلەر
ئەلىل | ئىللەتلىك ، ئاغرىقلىق ، زەرەر
ئەمن | خەۋپسىزلىك ، تىنچلىق
ئەنجۇمەن | ئولتۇرۇش ، يىغىلىش ، مەجلىس
ئەنداز | ئاتقۇچى ، تاشلىغۇچى
ئەندۇھ | قايغۇ ، غەم ، خاپىلىق ؛ غەم يېمەك
ئەنسەب | لايىقراق ، مۇناسىپراق
ئەنۋەر | ئەڭ نۇرلۇق ، بەك روشەن
ئەھەد | بىر ، بىر دانە ، يەككە ، تاق ؛ ئاللانىڭ ئىسمىلىرىدىن بىرى
ئەھباب | دوستلار ، يارلار ، مەھبۇبلار ( « ھەبىب » نىڭ كۆپلۈكى )
ئەھد | 1 ـ دەۋر ، زامان ، ئەسىر ؛ 2 ـ توختام ، ۋەدە ، قەسەم
ئەھزان | قايغۇلار ، غەملەر ، ھەسرەتلەر ( بىرلىكى « ھەزن »)

**ئەھمەر** قىزىل ، قىپقىزىل ، قىزىلگۈل

**ئەۋساف** ۋەسفلەر ، سۈپەتلەر ، ماختاشلار ، تەرىپلەر خۇلۇقلار ، ( بىرلىكى « ۋەسف » )

**ئەۋقات** ۋاقىتلار ، زامانلار ( بىرلىكى « ۋەقت » )

**ئەئلەم** بەك بىلىملىك ، بىلگە ، ئالىم

**ئەين** كۆز ، بۇلاق

## ب

**بابەت** تۇغرىسىدا ، ھەققىدە ، مۇناسىۋەت ، ئىش ؛ تۈر ، ماددا ؛ ھېساب

**باتىن** ئىچى ، ئىچكى ؛ كۆڭۈل ، روھ ، ئىچكى تۇيغۇ

**باد** يەل ، شامال ، گاز ، ھاۋا ( بادى سەبا : تاڭ شامىلى )

**بادە** مەي ، شاراب ، ھاراق ؛ قەدەھ ، رومكا

**باران** يامغۇر ( سەنگى باران : تاش ياغدۇرماق ، ئەشك باران : ياش يامغۇرى )

**بال** قانات

**بالە** 1 . ئۆزگۈچ قانات ، بېلىق قانىتى 2 . چوڭ خالتا

**بالىغەن** بالاغەتكە يەتكەن

**باۋەر** ئىشەنچ ، ئىشىنىش

**بائىس** سەۋەب ، سەۋەبچى

**بەدرەك** پەس

**بەدكىش** خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ، غەيرى دىنلىق ؛ ۋەھشى ، ياۋۇز

**بەدنىژاد** ناچار ، نەسلى يامان

بەرجا ئورۇنلۇق ، مۇناسىپ
بەركەمال مۇكەممەل ، بىجىرىم ، ئەيىبسىز
بەرەھمەند بەرەھمەن ( ~ بەرھەمەن ) بىلەن ئوخشاش ، يەنى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ تەبىقە تۈزۈمىدە ، بىرىنچى تەبىقىدىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ . « راھىب » دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ
بەستە باغلىق ، باغلانغان
بەقا تۇرغۇنلۇق ، دائىملىق ، مەڭگۈلۈك ، تىرىكلىك ، ھايات ، باقى بولۇش
بەل بەلكى ( بەلكىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى )
بەناگەھ ( ~ بەناگاھ ) ئۇشتۇمتۇت ، تۇيۇقسىز ، بىردىنلا
بەنا گۇش قۇلاقنىڭ ھالقا ئېسىلىدىغان يۇمشاق قىسمى
بەند باغلىماق ، باغلانماق ، باغلىنىپ قالماق
بەھرۇ بەر دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق
بەينۇلھەزەن غەم ئۆيى
بەيرەم بايرام ، ھېيت ، تەنتەنە ، شادلىق كۈنى
بەيزا ( ئ ) ئاق رەڭلىك ، يالتىراق ؛ قۇياش ، ئاپتاپ
بەيئى شەرا سېتىش ـ ئېلىش
بۇكا يىغلاش
بۇلئەجەب بەك قىزىق ؛ قىزىقارلىق
بۇلھەۋەس ھەۋەسكار ، ھەۋەسلىك ، ئاشىق ، تۇراقسىز ، تۇترۇقسىز
بۇنياد ئۇل ، ئاساس ؛ سەۋەب ؛ ۋۇجۇدقا چىقارماق
بېھبۇد ساقلىق ، ياخشىلىق ؛ پايدا ، نىجات

**بىخانۇمان** ئۆي - ماكانسىز، ۋەيران بولغان، سورۇلغان

**بىداد** زۇلۇم، جەۋر؛ ئادالەتسىزلىك، قانۇنسىزلىق

**بىدادگەر** زالىم، زۇلۇم قىلغۇچى

**بىريان** كۆيۈپ كاۋاپ بولۇش، قورۇلۇش

**بىزەبان** گاچا، تىلسىز؛ ئىنائەتچان

**بىسامان** پەرىشان ھال، گاڭگىرىغان؛ يوقسۇل

**بىسەرۇ سامان** بىرەر كىشىسى يوق، ھېچ نەرسىسى يوق، ئاداشقان، ھەيرانلىقتا قالغان

**بىسۇتۇن** ئىراندىكى بىر تاغنىڭ نامى؛ ئاسمان

**بىسيار** كۆپ، تولا، نۇرغۇن، مول

**بىشۇمار** سانسىز، ساناقسىز

**بىكەس** ئىگىسىز، يالغۇز، يېتىم، غېرىپ

**بىھەد** چېگرىسىز، چەكسىز، ھەدسىز

**بىئىبا** تارتىنمايدىغان، ئېرەنسىز، كارى يوق

## پ

**پارسا** ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى، سالماق

**پامال ( ~ پايمال )** ئاياغ ئاستىدا قالغان، يەنچىلگەن

**پاي بەند** كىشەن، چۇشەك، پۇتى باغلانغان

**پەرتەۋ** نۇر، يورۇقلۇق، شولا؛ پەرتەۋلىك - روشەنلىك، نۇرلۇق

**پەرىۋەش** پەرى يۈزلۈك، گۈزەل

**پەي** ① ئاياغ ، ئىز ، تاپان ، تاپان ئىزى ؛ ② ئۇل ، ئاساس ؛ ③ چۈشەنمەك ؛ ④ قوغلاشماق ، ئىز قوغلاشماق ؛ ⑤ كۈچ ، چىدام ؛ پەي سالماق ـ ئىزىغا چۈشمەك ، پىيىغا چۈشمەك ؛

**پەيام** خەۋەر ، دېرەك

**پەيرەۋ** ئەگەشكۈچى ، ئىزىدىن ماڭغۇچى

**پەيغام** خەۋەر

**پەيك** خەۋەرچى ، ئەلچى ، خەت ئېلىپ كەلگۈچى

**پەيكەر** يۈز ، چىراي ، سۈرەت ، گەۋدە ، قىياپەت ؛

**پەيمان** ۋەدە ، سۆز ، ئەھد ؛ كېلىشىم ، توختام ، پۈتۈم

**پەيمانە** جام ، قەدەھ ، قاچا ؛ كۆچمە مەنىسى ـ مەي ، ئۆلچەم ، ئۆلچەم بىرلىكى

**پەيۋەست** تۇتاشقان ، ئۇلاشقان ، قوشۇلغان ؛ ھەمىشە ، دائىم ئۈزلۈكسىز ؛ قوشۇمچە ، چاپلانغان ، قوشۇلغان ؛

**پەيۋەند** ① تۇتاشماق ، بىتىشمەك ، ئۇلاشماق ؛ ② ئۆيلەنمەك ، نىكاھلاشماق ؛ ③ ئۇلىماق ، قىستۇرماق ؛ كۆچۈرمەك (ئۆسۈملۈكنى ؛) بوغۇم ، ئۆگە ؛ ④ تەرتىپ ؛ سىڭىر ، پەي

**پۈر** كۆپ ، تولا ، تولۇق ، پۈتۈن

**پۈرخۇن** قان تولغان ؛ كۆپ قانلىق

**پىچۇتاب** تولغانماق ؛ كۆچمە مەنىسى : سىقىلماق ، قىينالماق

**پىراھەن** كۆينەك

**پىسەند** كۆڭۈلدىكىدەك ، يېقىملىق ، ياخشى

**پىشە** ھۈنەر ، كەسىپ ، ئادەت

## ت

**تاب** كۈچ ، قۇۋۋەت ، چىدام ، تاقەت ، ماجال ؛ يورۇق ، نۇرلۇق ، پارلاق

**تابان** يورۇق ، نۇرلۇق ، يارقىن ، يالتىراق ، كۆز چاقنىغان ؛ قىزىق

**تابىش** ئىسسىقلىق ، قىزىقلىق ؛ يالتىراق ، نۇر ؛ كۆچمە مەنىسى : كۈچ ، قۇۋۋەت

**تالىب** تەلەپ قىلغۇچى ، خاھلىغۇچى ، ئىستىگۈچى

**تامۇغ ( ~ تامۇق )** دوزاخ ، جەھەننەم

**تاھىر** پاك ، تازا

**تەئەددى** زۇلۇم قىلىش ، ھەددىن ئېشىش

**تەئەسسۇف** ئېچىنىش ، ئىچ ئاغرىتىش ، پۇشايمان قىلىش ، ئەپسۇسلىنىش

**تەئەممۇل** چوڭقۇر پىكىر قىلىش ، ئويغا چۆمۈش ، مۇلاھىزە قىلىش

**تەبل** چوڭ ناغرا ، دۇمباق

**تەبئ** تەبىئەت ، مىجەز ، تالانت

**تەجەللى** نۇرلىنىپ كۆرۈنۈش ، جىلۋىلىنىش ، جىلۋە ، نۇر

**تەجەممۇل** بېزەك ، ياساداق ، زىننەت ؛ ھەشەمەت ، ئەيش ـ ئىشرەت

تەرەننۇم سايرىماق ، جور بولماق ، مۇزىكا ئاۋازىغا قوشۇلماق ، بوش ئاۋاز بىلەن كۈيلىمەك

تەررار ئوغرى ، ھىلىگەر

تەرسا خىرىستىئان ، ناسارا ، قورقۇنچاق

تەرياك ئەپيۇن ، زەھەرگە قارشى دورا

تەزەللۇم شىكايەت قىلىش ؛ زۇلۇم چېكىش

تەسنىف يېزىش ، تۈزۈش

تەفاۋۇت پەرق ، ئايرىما ، ئايرىمىلىق

تەلخ ئاچچىق ، تېتىقسىز

تەناب ئارغامچا

تەنزىھ ئەيىپتىن پاكلىماق ، ئەيىپسىز دەپ ئاقلىماق

تەھەممۇل چىدامىلىق كۆرسىتىش ؛ تۈزمەك ؛ ئېغىرلىقنى كۆ- تۈرۈش

تەۋازۇئ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ، كەمتەرلىك

تەۋەھھۇم قورقۇش ، ۋەھىمىگە چۈشۈش

تەۋسەن ئاساۋئات ، توسۇن ، شوخ ، ئويناق ئات

تەۋسىف سۈپەتلەش ، ماختاش

تەۋق زىيارەت ، ئايلىنىش ، يۈزىنى سۈرتۈش

تەۋق بويۇنغا باغلايدىغان باغ ؛ مارجان بېغى ؛ بەزى قۇشلارنىڭ بويىنىدىكى ھالقا شەكىللىك سىزىق ؛ مەھبۇسلارنىڭ بويىنىغا سالىدىغان قوۋۇق

تەۋق رىغبەت ، خاھىش ، مايىل

تەئۋىق قايتۇرماق ، كېچىكتۈرۈمەك ، رەت قىلماق

تەي يۈرمەك ، كەزمەك

**تۇبا ( تۇبى)** جەننەتتىكى گۈزەل دەرەخ ؛ كۆچمە مەنىدە : كېلىشكەن قامەت

**تۇراب** توپا ، تۇپراق ، يەر ؛ كۆچمە مەنىسى : ئۆلگەن كىشىلەر

**تۇررە** كوكۇلا ، ئۆرۈم چاچ

**تۇرفە** ئاجايىپ ، ھەيران قالارلىق ، قىزىق

**تۇغيان** تاشماق ، كەلكۈن ؛ توپىلاڭ ، قوزغىلاڭ

**تۇفەيل** چاقىرىلمىغان مېھمان

**تۇلۇئ** چىقماق ، كۆرۈنمەك

**تۇئمە** ئوزۇق ، تاماق

**تىفل** گۆدەك ، كىچىك بالا

**تىيرە** قاراڭغۇ ، قارا ؛ غەم ـ غۇسسىلىق

## ج

**جا** جاي ، يەر ، ئورۇن ، ماكان

**جابىر** جەبرى قىلغۇچى ، زالىم

**جاددە** ئۇلۇغ يول ؛ قائىدە ، نىزام

**جانفەزا** جانغا راھەت بەرگۈچى ، ئارامىجان

**جانگاھ** جاننى ئاغرىتقۇچى ، ئازابلىغۇچى

**جانىستان** جان ئالغۇچى ، ھالاك قىلغۇچى

**جاھ** مەنسەپ ، دەرىجە ، مەرتىۋە ، ئورۇن

**جاۋىدان** مەڭگۈلۈك ، ئەبەدى

**جەبىن** ماڭلاي ، پېشانە

**جەزب** تارتماق ، شۈمىمەك

**جەلىل** ئۇلۇغ ، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ، شەرەپلىك

**جەمشىد** ئۇلۇغ پادىشاھ؛ ئىراننىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى پادىشاھلىرىدىن بىرى

**جەملە** گۈزەل، ساھىبجامال

**جەناھ** قانات، تەرەپ،

**جەھل** بىلىمسىزلىك، نادانلىق؛ ئاچچىق قىلماق

**جەھىم** دوزاخ، جەھەننەم

**جەۋشەن** ساۋۇت، قۇياق، ئۇرۇشتا كىيىدىغان سىمدىن توقۇلغان چاپان

**جەيھۇن** ئامۇ دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى نامى

**جۇد** ئىنئام، ئېھسان

**جۇزئى** ئايرىم، بۆلەك، قىسمەن

**جۇستجۇ** ئىزدىمەك، ئاختۇرماق، قىدىرماق

**جۇي** ئېرىق

**جۇيەندە** قىدىرغۇچى، ئىستىگۈچى، تەلەپ قىلغۇچى

**جىگەرخۇن** ئارتۇق دەرىجىدە غەم ـ قايغۇ چەكمەك

**جىنان** جەننەتلەر، باغلار

## چ

**چەراكى** سەۋەب، چۈنكى

**چەكىن** كەشتە، گۈل كەشتىلەش، گۈل چېكىلگەن رەخت

**چەندان** شۇنداق، ئالاھىدە، كۆپ خىل

**چۈن** چۈنكى

**چۇست** چاققان، تېز؛ تەييار، مەھكەم

# خ

| | |
|---|---|
| **خاب** | ئۇيقۇ ؛ چۈش ؛ ئوي ، خام خىيال ، سەزمەسلىك |
| **خاتەم** | تامغا ، مۆھۈر ؛ ئۈزۈكنىڭ كۆزى ؛ ئاخىرقى ، تۈگەنچى |
| **خار** | تىكەن ، ئۈچ |
| **خارە** | قاتتىق تاش ، گرانىت تاش |
| **خاك** | توپا ، تۇپراق ؛ توزان ؛ دۆلەت تۇپرىقى ؛ يەر يۈزى |
| **خاكپاي** | باسقان ئىز ؛ ئاياغ ئاستىدىكى توپا ؛ ئاددىي خەلق كەمبەغەل |
| **خالىق** | ياراتقۇچى ، خۇدا ، ئاللاھ |
| **خاۋەر** | كۈن چىقىش ، شەرق |
| **خاۋەران** | شەرق |
| **خەد** | ياڭاغ ، مەڭىز ( يۈزنىڭ قىزىرىپ تۇرغان يېرى ) |
| **خەراج** | سېلىق ، تارتۇق ، باج پاراق |
| **خەستە** | ئاغرىق ، ئاغرىق كىشى ، كېسەل |
| **خەللاق** | ياراتقۇچى ، ياسىغۇچى |
| **خەلىل** | دوست ، يار |
| **خەم** | ئېگىلگەن پۈكۈلگەن ؛ ئەگرى |
| **خەيل** | گۇرۇھ ، توپ ، دۆۋە |
| **خۇب** | گۈزەل ، چىرايلىق ، كۆركەم |
| **خۇبان** | گۈزەللەر ، چىرايلىقلار |
| **خۇرشىد** | قۇياش ، كۈن ، ئاپتاپ |
| **خۇرۇج** | چىقىش ، قارشى باش كۆتۈرۈش |
| **خۇشاب** | يېمىش سۈيى ، ئۆرۈك سۈيى |

| | |
|---|---|
| **خۇش رەفتار** | چىرايلىق يۈرۈشلۈك ، يۈرۈشى چىرايلىق |
| **خۇلد بەرىن** | جەننەت |
| **خۇنبار** | قانلىق ياش تۆككۈچى ، ئاچچىق يىغلىغۇچى |
| **خۇنرىز** | قان تۆككۈچى ، رەھىمسىز |
| **خىرام** | چىرايلىق مېڭىش |
| **خىرامان** | ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ، ناز بىلەن ماڭغۇچى |
| **خىرەد** | ئەقىل ـ ھۇش ، پاراسەت |
| **خىلقەت** | يارىتىلىش ؛ ئەزىز خىلقەت ـ ئەزىز زات |

## د

| | |
|---|---|
| **دادخاھ** | ئەرز قىلغۇچى ، ئادالەت ئىستىگۈچى |
| **دارۇششەفائەت** | ئاخىرەت |
| **دارۇلئەمان** | قوغدىنىدىغان خەتەرسىز جاي ، پانا جاي |
| **دالل** | ئارقا ، سىرت ، دۈمبە ؛ دالالەت قىلغۇچى |
| **داماد** | كۈيئوغۇل |
| **دامان** | چەت ، ياقا ؛ ئېتەك ؛ ئۆڭكۈر |
| **دەرەم** | ئېغىرلىق ئۆلچىمى ( 3.2 ـ 3.5 گرامغا توغرا كېلىدۇ ؛) قەدىمكى دەۋرلەردىكى مېتال پۇل ؛ پۇل |
| **دەربەر** | كىيمەك ، كىيىنمەك |
| **دەربەدەر** | ئىشىكمۇ ـ ئىشىك كېزىپ يۈرگۈچى ، ساياق ، سەرسان |
| **دەردمەند** | دەردلىك ، دەردمەن ، ھەسرەتلىك |
| **دەفئ** | قايتۇرماق ، كەتكۈزمەك ، يۇتۇرمەك ، يوقاتماق |

دەرگاھ ئىشىك ، ئىشىك ئالدى ، ئالدى ، كۆز ئالدى ، تۇرىدىغان جاي ؛ ئوردا ، ساراي

دەھر زامان ، دەۋر ، دۇنيا ؛ قىسمەت ، تەقدىر

دەير بۇتخانا ، ئىبادەتخانا ؛ كۆچمە مەنىسى ؛ مەيخانا ؛ دۇنيا ، گۈمبەز

دون كەم ، ئاز ، تۆۋەن ، پەس ؛ رەزىل

دۇرۇج قىممەتلىك تاشلارنى سالىدىغان قۇتا

دۇرئەفشان ئۈنچە چاچقۇچى ؛ كۆچمە مەنىسى : شېئىر تۈزگۈچى

دىلبەند كۆڭۈلنى باغلىغۇچى ، ئەزىز سۆيۈملۈك ، قەدىردان ؛ كۆچ : پەرزەنت

دىلپەسەند كۆڭۈل خالايدىغان ، يېقىملىق ؛

دىلخوي ئارزۇ قىلماق ، كۆڭۈل ئىستىمەك

دىلدۇز كۆڭۈلدىن غەمنى كەتكۈزگۈچى

دىلستان كۆڭۈلنى ئالغۇچى

دىلفەرۇز دىلنى خۇش قىلغۇچى ، سۆيۈملۈك يار

دىلفىگار كۆڭلى ۋەيران ، كۆپ خاپىلىق تارتقان

## ر

رابىتە ئۇلانماق ، باغلانماق ؛ ۋاستە ، مۇناسىۋەت

راكىب ئاتلانغۇچى ، ئاتقا مىنگۈچى ؛ يولۇچى ، مېھمان

راھ يول ؛ ئۇسۇل ، تەدبىر

راھىم رەھىم قىلغۇچى ، رەھىملىك ، مەرھەمەتلىك

رەببىلفەلەق ئاسمان - زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسى

| | |
|---|---|
| **رەخش** | نۇر ، يورۇق ؛ ئات ، ئالا چىپار ئات |
| **رەخشان** | يالتىراق ، پارقىراق ، يالتىراپ تۇرىدىغان |
| **رەسا** | تازا ، ئۇستۇن ، تولۇق ، تولغان ، يېتۈك پۈتۈنلەي ، تۈگەل ، راسا |
| **رەفتار** | مېڭىش ، يۈرۈش |
| **رەمىم** | چىرىگەن ، ئەسكىرىگەن |
| **رەنجۇر** | دەردلىك ، كېسەللىك ، كېسەلمەن ، سىقىلىش |
| **رەۋزە** | باغ ، باغچا ، گۈلزارلىق |
| **رەۋزەن** | تۈڭلۈك ، تۆشۈك ، يورۇق |
| **روي** | يۈز ، بەت ، چىراي |
| **رۇتبە** | دەرىجە ، مەرتىۋە ؛ تۈر ، كاتېگورىيە |
| **رۇز** | كۈن ، بىر كۈن ، كۈندۈز |
| **رۇزگار** | ئامەت ، تەلەي ؛ كۈندىلىك ، ۋاقىت ، مەزگىل |
| **رىزە** | ئۇششاق ، كىچىك ، ئۇۋاق |
| **رىزۋان** | رازىمەنلىك ، قانائەت ، مەمنۇنلۇق ؛ كۆچمە مەنىسى : شۇ نامدىكى جەننەتنىڭ ئىسمى |
| **رىكاب** | ئۈزەڭگە ، كۆچمە مەنىسى : پادىشاھ ھۇزۇرى |
| **رىيا ( ئ )** | ئىككى يۈزلىمىلىك ، ساختىلىق ، ساختا |

## ز

| | |
|---|---|
| **زابىتەن** | قائىدە بويىچە ، قانۇن بويىچە ، پرىنسىپ بىلەن |
| **زاك** | چاچ بويايدىغان بوياق ؛ چۆلدە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ |
| **زاكىر** | يادلىغۇچى ، ئەسلىگۈچى ، تەكرارلىغۇچى ، **زىكرى** قىلغۇچى |

**زەبۇن** ئاجىز ، كۈچسىز ، ئەرزىمەس

**زەرد** سېرىق ، سارغايغان

**زەررات** چاڭلار ، ئۇۋاقلار ، ئاتوملار ( بىرلىكى « زەررە » )

**زەرىف** ھوشيارلىق ، ئەقىللىق ، كېلىشكەن ، كۆركەم گۈزەل ، نازۇك ، خۇش سۆزلۈك كىشى

**زەلىل** خار ، ئېتىۋارسىز ، پەس ، پەسكەش

**زەمىن** زېمىن ، يەر ، مەملىكەت

**زەھرە** ئۆت ، ئۆت خالتىسى

**زەۋق** قىزىقىش ، ھەۋەس ، زوق

**زۇلف** چاچ ، كوكۇلا

**زۇننار** خىرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ بويىنىغا ئېسىۋالىدىغان كىرىستلىرى ، بويۇن زەنجىرى

**زۇھد** دۇنيادىن ۋاز كېچىپ تائەت بىلەن شۇغۇللىنىش

**زۇھۇر** پەيدا بولۇش ، ئاشكارا بولۇش ، مەيدانغا چىقىش ، كۆرۈنۈش ؛ يورۇق

**زىرۇزەبەر** ئاستىن ـ ئۈستۈن ، ئاغدۇرۇلغان

**زىرى دەست** تەۋە بولۇش ، قارام بولۇش ، تەۋەلىك ، تەۋە بولغان ، مەغلۇپ

**زىھى** ياخشى ، گۈزەل ، ئاپىرىن ، نېمىدېگەن ياخشى

**زىندە** تىرىك ، جانلىق

**زىياد** ئارتۇق ، كۆپ ، زىيادە

## س

**سابىر** سەۋرى قىلغۇچى ، سەۋرلىك ، چىداملىق

| | |
|---|---|
| سارا | تازا ، پاك ، سۈزۈك ، خالىس ؛ ساپ |
| سارى | تەرەپ ، ياق ، تامان |
| ساغەر | قەدەھ ، شاراب ئىچىدىغان قاچا |
| سال | يىل ؛ ياش ؛ قېرى ؛ دەۋر ؛ تارىخ |
| سانىئ | ياسىغۇچى ، پەيدا قىلغۇچى |
| ساھىب | ئىگە ، خوجا ؛ ھەمراھ ، يولداش ، جاناپ ساھىب قىران : بەختلىك ، تەلەيلىك |
| ساھىر | سېھرىگەر ، جادۇگەر ، كۆز باغلىغۇچى |
| سايىل ( ~ سائىل ) | سوئال قويغۇچى ، سورىغۇچى ؛ تىلەمچى |
| سەبا | تاڭ ئاتار چاغدا چىقىدىغان مەيىن شامال |
| سەبات | تۇرغۇنلۇق ، چىڭ تۇرۇش |
| سەخا | سېخىيلىق ، قولى ئوچۇقلۇق |
| سەراب | ئېزىتقۇ ، ئالۇۋۇن ، گىرىمسەن ، كۆچمە مەنىسى : دۇنيا ؛ سەراب نەمۇد : سەرابقا ئوخشاش ، تېگى يوق |
| سەراسەر | باشتىن ـ ئاياغ ، ئۇ باشتىن بۇ باشقا ، پۈتۈنلەي ، بارچە ؛ ھەممە يەردە |
| سەردەفتەر | ئالدىنقى ، پېشقەدەم ، ئىلغار |
| سەرشار | لىق ، تولا ، لىقمۇلىق |
| سەركەش | باش تارتقۇچى ، ئىتائەتسىز ، يولغا كىرمەس ، بوي بەرمەس |
| سەرمەد | مەڭگۈلۈك ، ئەبەدى ، تۈگىمەيدىغان داۋاملىق ، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان |

سەربە ئوچۇق ، ئايدىڭ ، روشەن ، ئېنىق

سەفدەر سەپنى بۆسۈپ ئۆتكۈچى ، باتۇر

سەقەر دوزاخ ، جەھەننەم

سەگ ئىت ، كۈچۈك

سەلاسىل بەك لەززەتلىك ، تەملىك سۇ ؛ جەننەتتىكى بىر بۇلاق

سەلىم ساغلام ، ئامان ؛ تولۇق ، مۇكەممەل ؛ ساپ ، مۇلا- يىم ، يۇۋاش ، توغرا

سەمەد ھېچبىر نەرسىگە موھتاج بولمىغان ، مۇڭسىز

سەمەند ئات ، چاپقۇر ئات ؛ خومارەڭ

سەھاب بۇلۇت ، تۇمان

سەھل يەڭگىل ، ئاسان ، ئوڭاي ؛ ئەرزىمەس

سەۋسەن گۈل سەۋسەر

سەئي ھەرىكەت ، تىرىشىش ، ئىنتىلىش ، ئۇرۇنۇش

سەئىد بەختلىك ، راھەتلىك ، بەختىيار

سەيھۇن سىر دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى نامى

سۇبھان ھېچبىر كەمچىلىكى بولمىغان

سۇخەن سۆز ، گەپ ، نۇتۇق

سۇد پايدا ، نەپ ، بەھر

سۇرۇر خۇشاللىق ، شادلىق ، سۆيۈنچ ، قۇۋانچ

سۇزان كۆيگەن ، كۆيۈپ تۇرغان ، يېنىپ تۇرغان ، يالقۇنلۇق ، ئەلەملىك

سۇفەر قالقان

سۇكر مەسلىك
سۈلۈك يول ، سوپىلىق يولى ، دەرۋىشلىك يولى
سۇنئ ياساش ، يارىتىش ؛ ئىش ؛ ھۈنەر
سىب ئالما
سىپاھ ئەسكەر ، چېرىك ، قوشۇن
ستايىش ماختىماق ، ياخشىلىق بىلەن سۈپەتلىمەك
ستەم زۇلۇم ، جەۋر ؛ ستەم سازلىق : زالىملىق
ستەمكار زالىم ، زومىگەر ، زۇلۇم سالغۇچى ، ئەزگۈچى
ستەمگەر « ستەمكار » غا قارالسۇن
ستىزە كەك ، كىنا ، خۇسۇمەت ، دۈشمەنلىك ؛ زۇلۇم ؛ ئۇرۇش ؛ جاڭجال
سددىق چىن ، راستلىق ، توغرىلىق
سىراج چىراغ ؛ يورۇقلۇق ؛ نۇر
سىككە مېتال پۇل ئۈستىگە تامغا ۋە خەت چۈشۈرۈش ، پۇل ياساش ؛ سىككە پەرداز : پۇل سۇققۇچى ، ئويمىكار
سىنان نەيزە ئۇچى ، ئۆتكۈر نەيزە
سۋا باشقا ، ئۆزگە
سىيراب سۇ ئىچىپ قانغان ؛ مولچىلىق ، باياشادلىق
سىيمبەر كۈمۈش بەدەن ، ئاق بەدەن ؛ ئاپئاق گۈزەل

## ش

شادان شادلىق بىلەن ، سۆيۈنۈپ
شامىل يېپىلغان ، ئورىۋالغان ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ؛ تېگىشلىك

**شايەد** ئېھتىمال ، بەلكىم ، چېغى

**شەباب** ياشلىق ، يىگىتلىك ، ياشلىق ، چېغى

**شەجەر** دەرەخ ، ياغاچ (كۆپلۈكى « ئەشجار »)

**شەرار** ئۇچقۇن ؛ تاۋلىنىش ، پارقىراش

**شەرافەت** شەرەپ ، ئالىيجانابلىق ، ئابروي

**شەرەر** شولا ، ئۇچقۇن ، يالقۇن

**شەرىف** شاراپەتلىك ، قەدىرلىك ، ئۇلۇغ ، ئەزىز

**شەقاۋەت** بەختسىزلىك ، بالا

**شەقى** بەختسىز ، ئامەتسىز ؛ يارىماس ، بۇزۇق

**شەكەرخا** شېكەر چاينىغۇچى ، كۆچمە مەنىسى : شېرىن سۆزلۈك

**شەكەرىستان** شېكەرلىك ، كۆچمە مەنىسى ؛ شېرىن سۆھبەت ، سۆيۈملۈك يارنىڭ لېۋى

**شەكەر بار** شېكەر ياغدۇرغۇچى ؛ كۆچمە مەنىسى : شېرىن سۆزلۈك

**شەمايىل** ئەخلاقلار ، تەبىئەتلەر ، سۈپەتلەر ، خۇلقلار ؛ شەكىل ، سۈرەت ، كۆرۈنۈش

**شەمئ** شام ، چىراغ ، يورۇق

**شەھ** شاھ ، پادىشاھ

**شەھادەت** شاھىتلىق ، گۇۋاھلىق ؛ شېھىدە بولماق ، ۋاپات بولماق

**شەھپەر** چوڭ قانات ، قاناتنىڭ ئەڭ ئۇزۇن پەيلەر

**شەھد** ھەسەل ، بال

**شەھسۇۋار** چەۋەنداز ، ئات مىنىشكە ماھىر ؛ ئاتلىق شاھ

**شەھۋار** بۈيۈك ۋە ئەلا

شەي ( ~ شەيئ )	شەيئى ، نەرسە
شۇرب	ئىچمەك ، ئىچىش
شۇرۇشەر	پىتنە ــ پاسات
شۇستە	يۇيۇش ، تازىلاش
شۇستىشۇ	يۇيۇنۇش ، يۇيۇپ تازىلاش
شۇغل	مەشغۇللۇق ، ئىش ، خىزمەت
شۇمار	ساناش ، ھېسابلاش
شئار	ئەسەر ، بەلگە ؛ ئادەت
شكەستە	سۇنغان ، سۇنۇق ؛ مەغلۇپ ؛ مەجرۇھ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن

## غ

غارەت	بۇلاڭچىلىق ، تالان ــ تاراج ، قاراقچىلىق ؛ ئولجا ، غەنىمەت
غازە	ئۇپا ، ئەڭلىك ، رەڭ
غەرەز	مەقسەت ، نىيەت ، قەست
غەلتان	ئايلانغۇچى ، يۇملاق
غەنى	باي ، دۆلەتمەن ، مۇلۇكدار
غەير	ئۆزگە ، يات ، باشقا ؛ بېگانە
غۇل	تۆمۈر ھالقا ، زەنجىر ھالقا

# ف

| | |
|---|---|
| فارۇق | توغرا بىلەن ناتوغرىنى ئايرىش ئىقتىدارى بار كىشى |
| فارىغ | بوش، بىكار؛ تۈگەتكەن، ئورۇنلاپ بولغان |
| فازىل | تالانتلىق، بىلىملىك؛ ئالىم؛ كىشى |
| فەتھ | ئېچىش، ئېلىش (ئىشغال قىلىش) |
| فەتىلە | پىلىك، پىلتە |
| فەر | پارلاقلىق، نۇر؛ ھەشەمەت، سۆلەت، بېزەك |
| فەرراش | خىزمەتچى، ئورۇن سالغۇچى |
| فەراغ | تىنچلىق، خاتىرجەملىك؛ راھەت، ئازادلىق؛ راھەت ئىستىمەك |
| فەر خۇندە | قۇتلۇق، قۇۋانچلىق |
| فەزائىل | پەزىلەتلەر، ئارتۇقچىلىقلار (بىرلىكى «فەزل») |
| فەلەق | تاڭ يورۇقلۇقى |
| فەھش | بۇزۇقلۇق، ناچار ئىش، زىنا؛ ھاقارەت، سۆكۈش |
| فەۋق | ئۈست، يۇقىرى |
| فۇتۇھ | «فەتھ» نىڭ كۆپلۈكى شەكلى |
| فۇرقان | پەرق ئېتىش، تونۇش، «قۇرئان كەرىم» |
| فۇرقەت | جۇدالىق، ئايرىلىش |
| فۇزۇن | ئارتۇق، ئەلا |
| فىئال | پېئىللەر، ھەرىكەتلەر (بىرلىكى «فېئىل»)؛ |
| فىكرەت | ئويغا چۆمۈش، چوڭقۇر ئويلىنىش تەپەككۇر، ئىدىيە |

## ق

**قاسىر** كەم ، ئاز ؛ كۆچسىز ، ئاجىز ؛ كەمكۆتە ، تولۇق ئەمەس

**قاھىر** قەھر ـ غەزەپ ؛ يەڭگۈچى ، غالىپ

**قەبا ( ~ قەبائ )** پېرىجە ، تون

**قەتلى ئام** ئومۇمىي قىرغىن ، ئومۇمىي ئۆلتۈرۈش

**قەبايىل ( ~ قەبائىل )** قەبىلىلەر ، ئۇرۇقلار

**قەللاش** ھورۇن ، لۈكچەك ؛ ھاراقكەش ، ئالدامچى

**قۇرب** يېقىنلىق

**قۇربەت** يېقىنلىق ، يېتىشلىك

**قۇفل** قۇلۇپ

**قۇللاب** قارماق ، ئىلمەك ؛ تۆمۈر نەيزە

**قۇمر** پاختەك ، بويىندا قارا بەلگە بار پاختەك

**قىراغ** قىرغاق ، چەت ، ياقا

**قىلۇقال** گەپ ـ سۆز

## ك

**كام** تىلەك ، مەقسەت ، ئىستەك ، مۇراد ؛ بەھرە

**كامران** ۋۇجۇدقا چىققان ، ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان ؛ بەخت ، تەلەي ؛ راھەت ، بەختىيار ، قۇدرەتلىك ھۆكۈمران

**كامكار** « كامران » غا قارالسۇن

**كامياب** مەقسىتىگە يەتكەن

**كەبك** كەكلىك

**كەجرەفتار** تەتۈر ماڭغۇچى ، ھىيلىگەر ، مەككار

**كەررار** بىرەر ئىشنى قايتا ـ قايتا ئىجرا قىلغۇچى

**كەلم** سۆزلەر ، كەلىملەر

**كەمان** يا ، كامالەك

**كەمەند** بۇغۇش ، سىرتماق ، توزاق ؛ ئارقان ؛ كۆچمە مەنىسى : سۆيۈملۈك يارنىڭ چېچى

**كەھكەشان** سامان يولى

**كەۋن** بارلىق ، مەۋجۇدلۇق ، دۇنيا

**كۇتاھ ( ~ كۇتەھ )** كۆتە ، قىسقا ، كەم ، قۇسۇر

**كۇشايىش ( ~ گۇشايىش )** ئېچىش ، ئاچماق

**كۇلل** ھەممە ، بارلىق ، جىمىكى ، پۈتكۈل

**كوھ** تاغ

**كوھكەن** تاغ كەسكۈچى

**كىردار** قىلىق ، ئىش ، رەۋىش ، تەرز ، كۆرۈنۈش

**كىسرەت** كۆپ ، نۇرغۇن ، زور مىقداردىكى مول ؛ ئېغىرلىق

**كىشۋەر** مەملىكەت ، ۋىلايەت

**كىلك** قۇمۇش قەلەم

**كىمياگەر** خىمىيە ئالىمى ، خىمىك ، خىمىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى

## گ

**گەران** ئېغىر ، ۋەزمىن ؛ گەررانى ـ ئېغىرلىق ، يۈك ؛

**گەرد** چاڭ ، توزان

**گەردۇن** ئايلانغۇچى پەلەك ، ئاسمان ، دۇنيا ، تەقدىر ، قىسمەت

**گەزەندە** چاقىدىغان ؛ چاقىدىغان ھاشارەت ( يىلان ، چايان ، ھەرە قاتارلىق ھاشاراتلار )

**گەزەند** زەرەر ، ئاپەت ، مۇسىبەت

گەنج	خەزىنە
گەنجۇر	خەزىنىچى ، خەزىنىدار
گۆزەر	ئۆتمەك ، كىشلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جاي
گۇشە	بۇلۇڭ ، ياقا ـ چەت جاي ، خىلۋەت
گۇفتار	سۆز ، گەپ
گۇفتگۇ	سۆزلەشمەك ، سۆھبەت
گۇلرۇ	گۈل يۈزلۈك ، گۈزەل ، چىرايلىق ( " گۈل رۇي " مۇ دېيىلىدۇ )
گۇلفام	گۈل رەڭلىق ، قىزغۇچ رەڭ
گۇلخەن	يېقىلغان ئوت ، ئوت يېقىلغان جاي ، گۇلخان
گىريان	يىغلىغان ، يىغلىماق
گىريبان	كىيىمنىڭ ياقىسى ؛ چاكى گىريبان ـ ياقا يىرتىقى
گىرىھ	تۈگۈن ، چىگىك ؛ قىيىن ، گىرىھكارلىق ـ چىگىكلىك ، چىگىشلىك

## ل

لا	1 ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ « ئەمەس ، بولماس ، يوق ، تۈگۈل » مەنىلىرىدە كېلىدۇ ؛ لائىلاج ـ ئىلاجسىز ؛
لامەكان	ماكانسىز ، جايسىز ، بوشلۇق
لايەمۇت	ئۆلمەس ، ئەبەدى ، مەڭگۈ
لەتىف	يۇمشاق : گۈزەل مۇلايىم ، كېلىشكەن ، يېقىملىق ، نازۇك
لەھزە	كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچى بولغان ۋاقىت ؛ ھەمىشە
لەۋھ	تاختا ، يېزىش تاختىسى
لەئل	قىزىل رەڭلىك چىن تاش ؛ كۆچمە مەنىسى : قىپقىزىل لەۋ

**لەئىن** لەنەتكە ئۇچرىغان ، مەلئۇن ، قارغىش تەككەن ، لەنتى ، شەيتان

**لۆم** ئەيىبلىمەك ، جىملىمەك

**لىقا ( ~ لىقائ )** كۆرۈشمەك ، يولۇقماق ، تېپىشماق ؛ يۈز ، چىراي كۆرۈ-نۈش

## م

**ماجەرا** ماجىرا ، جاڭجال-غەلۋە

**ماسىۋا** ... دىن باشقا ، غەيرى

**مانەند** ئوخشاش ، كەبى ، تەڭداش ، ئەينى ، ... دەك

**مەتلەب** مەسىلە ؛ ئىش ؛ مەزمۇن ؛ تىلەك ، ئىستەك ، مەقسەت ، مۇددىئا ، تەلەپ قىلىنغان نەرسە

**مەجمەھ** توپلىنىدىغان جاي ، يىغىن

**مەدىد** سوزۇلغان ، ئۇزۇنغا تارتىلغان ، سوزۇق

**مەرغۇب** يېقىملىق ، سۆيۈملۈك

**مەرھۇن** گۆرۈگە قويۇلغان ، گۆرۈگە ئېلىنغان ، گۆرۈگە بېرىل-گەن

**مەسكەن** تۇرار جاي ، ئورۇن ، ئۆي

**مەسىھ** ئىيسانىڭ لەقىمى

**مەسىھا** « مەسىھ » كە قارالسۇن

**مەسئۇد** بەختلىك ، سائادەتلىك ، بەختىيار ، راھەتلىك

**مەشرەب** تەبىئەت ، خاراكتېر ، ئادەت ، خۇلق ؛ رەۋىش

**مەشھۇد** كۆزگە كۆرۈنگەن

**مەغزۇب** غەزەپكە ئۇچرىغان ، غەزەپ ئاستىدا قالغان

**مەفتۇھ** ئۇرۇشۇپ ئېلىنغان ، بويسۇندۇرۇلغان

**مەقتۇل** ئۆلتۈرۈلگەن ، قەتل قىلىنغان

**مەقدەم** بىرەر جايدىن قايتىش ؛ قەدەم قويۇش

**مەقرۇن** يېقىنلاشقان ، يېقىن ؛ قوشۇلغان ، ياندashقان

مەكنۇن يوشۇرۇن ، مەخپى
مەمدۇد سوزۇلغان ، ئۇزارتىلغان
مەنسۇخ بىكار قىلىنغان ، ئىستىمالدىن قالدۇرۇلغان ، رەت قىلىنغان
مەنسۇر يەڭگۈچى ، غالىپ ، نۇسرەت تاپقۇچى
مەنقۇل نەقىل قىلىنغان ، بىرسىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن كۆچۈرۈلگەن
مەھ ( ~ ماھ ) ئاي ؛ كۆچمە مەنىسى : گۈزەل يار ؛ مەھلىقا : ئاي يۈزلۈك
مەھال ( بىرلىكى مەھەل ) ① ئورۇنلار ، يەرلەر ، جايلار ، ماكانلار ② ۋاقىتلار ، پۇرسەتلەر ، زامانلار
مەھ جەبىن سۆيۈملۈك ، گۈزەل
مەھجۇر ئايرىلىپ قالغان ، ئۇزاقلاشقان ؛ مەھرۇم
مەھزۇن غەملىك ، قايغۇلۇق ، خاپا
مەھۋەش ئايغا ئوخشايدىغان ، گۈزەل
مەئبۇد ئىبادەت قىلىنغان ، قۇللۇق قىلىنغان ( ئاللا )
مەئۋا باشپانا ، تۇرار جاي
مۇئەتتەر پۇراقلىق ، خۇش بۇي ، ئەتىرلەنگەن
مۇترىب سازەندە ، چالغۇچى ناخشىچى
مۇختەسەر قىسقارتىلغان ، قىسقىچە ، ئىخچام ، قىسقىسى
مۇدام داۋاملىق ، ھەمىشە
مۇر چۈمۈلە
مۇرۇۋۋەت مەردلىك ، جەسۇرلۇق ؛ ئادەمگەرچىلىك ، سېخىيلىق
مۇساھىب ھەمسۆھبەت ، دوست ، ئۈلپەت
مۇسەخخەر جەلىپ قىلىنغان ، ئۆزىگە قارىتىلغان
مۇستەجاب قوبۇل ئېتىلگەن ، تىلىگەن نەرسىسى مەقبۇل بولغان
مۇستەفىد پايدا ئالغۇچى ، بەھرىلەنگۈچى

مۇستەمەند غەملىك ، قايغۇلۇق ، گىرىپتار ؛ بىچارە ، موھتاج
مۇستەھەق ھەقلىق ، تېگىشلىك ، لايىق ، مۇناسىپ ، ئەرزىيدىغان
مۇشك قارا رەڭلىك خۇش پۇراقلىق نەرسە ؛ ئىپار ؛ كۆچمە مەنىدە : چاچنىڭ قارىلىقى ۋە ھىدى
مۇشكىن مۇشك ھىدلىق ؛ مۇشك رەڭلىك ، قارا تۇسلۇك
مۇغبەچە مەي توشىغۇچى ، مەيخانە خىزمەتكارى
مۇفىد پايدىلىق ؛ مەنىلىك
مۇلك ① مەملىكەت ، ۋەتەن ؛ ② مال - مۈلۈك
مۇمتاز ئىمتىيازلىق ، يۇكسەك ؛ تاللانغان
مۇنەززەھ پاك ، دىيانەتلىك
مۇنتەزىر ئىنتىزار ، تەقەززا
مۇنكىر تانغۇچى ، تانغان ، ئىنكار قىلغۇچى
مۇنىس ئۈلپەت ، ھەمدەم ، ئايرىلماس دوست
مۇھىب مۇھەببەت باغلىغۇچى ، دوست تۇتقۇچى
مۇئتاد ئادەت ، ئادەتلەنگەن ، ئۆگەنگەن
مىرئات ئەينەك
مىنقار قۇشنىڭ تۇمشۇقى ، تۇمشۇق

## ن

ناپەدىد كۆرۈنمەيدىغان ، يوقىلىپ كەتكەن ، دېرەكسىز ؛ يوشۇ- رۇنغان ، مەخپىي
نار ① ئوت ، يالقۇن ، كۆچمە مەنىسى : دوزاخ . ② ئانار
نارەنجى سېرىق رەڭلىك ، قېنىق سېرىق
نازىل چۈشكەن ، تۆۋەنلىگەن ، ئازلىغان
نازىم تەرتىپكە سالغۇچى ، رەتكە سالغۇچى ؛ شېئىر ئوقۇغۇچى ، شائىر
ناسىھ نەسىھەت قىلغۇچى ، تەسەللى بەرگۈچى
نافە كىيىك كىندىكى ، كىندىك ؛ « مۇشك » كە قارالسۇن

ناھەمۋار ئېگىز ـ پەس ، تەكشى ئەمەس ، ئوڭۇشلۇق بولمىغان ؛ كۆچمە مەنىدە : مۇناسىپ بولمىغان ، توغرا بولمىغان

ناۋەك ئوق ( يانىڭ ئوقى ) ؛ كۆچمە مەنىسى : كىرپىك

نەبۇۋۋەت ئالدىن ئېيتىش ، ئالدىن مۆلچەرلەش ، پەيغەمبەرلىك بۇرچ

نەرد شاھمات ياكى قاتارغا ئوخشاش بىر خىل ئويۇن

نەرگىس بوتا كۆز دېيىلىدىغان گۈل ( ئەدەبىياتتا كۆپرەت چىرايلىق كۆزگە ئوخشىتىلىدۇ )

نەزارە قارىغۇچى ، كۆرگۈچى ، تاماشىچى

نەژاد نەسىل ، نەسەپ ، كېلىپ چىقىش

نەژەند غەملىك ، غەم كەلتۈرىدىغان ؛ پەس ، خار

نەسىم تاڭ شامىلى ، مەيىن شامال ، سالقىن شامال

نەشات خۇشاللىق ، شادلىق ، سۆيۈنچ ، روھلۇق

نەقد نەق ، پۇل ، ئاقچا ، بايلىق

نەۋاخىنە چېلىنىش ( مۇزىكا ) ؛ كۆيۈنۈلگەن

نەۋرەس يېڭى ئۈنگەن ، ياش ، تازا

نەۋىشتە يازما ، يېزىۋېلىنغان ، خەت ـ چەك ، ھۆججەت

نەۋئ خىل ، تۈر ، سورت

نەئت سۈپەت ، سۈپەتلەش ، تەرىپلەش ، ماختاش

نەيسان باھار ئېيى

نۇزۇل چۈشمەك ، قايتماق ، يانماق ، قويماق

نۇش ئىچىش ؛ شېرىن ، تاتلىق ، لەززەت ، زوق

نۇكتە ھېكمەتلىك سۆز ، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز ، چىرايلىق سۆز

نىشىن ئولتۇرغۇچى ، تۇرغۇچى

نىك ياخشى ، گۈزەل ؛ ( نىكۇ : ياخشى ، گۈزەل)

| | |
|---|---|
| نىگەھبان ( ~ نىگاھبان ) | قاراۋۇل ، قوروۇقچى ، قوغدىغۇچى ، پاسىبان |
| نىگىن | ئۈزۈك ، تامغا |
| نىھان | يوشۇرۇن ، مەخپى ، غايىپ |

ھ

| | |
|---|---|
| ھازىق | بەك بىلىملىك ، تەجرىبىلىك ، ئۇستا ، ماھىر |
| ھامۇن | تۈزلەڭ ، دەشت ، چۆل ، دالا ، ۋادە |
| ھەجەر | تاش ( كۆپلۈكى « ئەھجار » ) |
| ھەدەف | بەلگە ، نىشان ، قارا ؛ مەقسەت ، ئوي |
| ھەدىقە | باغ ، گۈلزار |
| ھەراس | قورقۇش |
| ھەرب | سوقۇش ، ئۇرۇش ، ئېتىش |
| ھەرف | ھەرپ ، بەلگە ، نىشان ؛ سۆز |
| ھەرىق | يانغىن ، ئوت كېتىش ، ئوت ئاپىتى ؛ كۆيگۈچى ، كۆيدۈرگۈچى |
| ھەزار | ① مىڭ ؛ ② بۇلبۇل |
| ھەزىن | قايغۇلۇق ، مۇڭلۇق ، غەمكىن ، ھەسرەتلىك |
| ھەمتا | ئوخشاش |
| ھەمد | ماختاش ، مەدھىيە |
| ھەمنىشىن | بىرگە ئولتۇرغۇچى ، ھەمسۆھبەت |
| ھەنۇز | يەنە ، تېخى ، ھازىرغىچە ، ھېلىغىچە ، تېخىچىلا |
| ھەي | ① قىشلاق ، يېزا ؛ ② تىرىك ، جانلىق |
| ھۇققە | قىممەت باھا تاشلار سېلىنىدىغان كىچىك قۇتا |
| ھۇللە | زىننەتلىك كىيىم ، تون ، چاپان |
| ھىجاب | پەردە ، توساق ؛ ئۇيات ، ئۇيۇلۇش |
| ھىرز | سېغىنىدىغان ، ساقلىنىدىغان جاي ، پانا جاي ؛ تۇمار |
| ھىرمان | چەكلەش ، رەت قىلىش ، مەھرۇملۇق |
| ھىلم | يۇمشاق تەبىئەتلىك ، يوۋاشلىق ؛ سەۋرچانلىق |

## ۋ

ۋابەسنە — باغلىق ، باغلىغۇچى ، تۇتاش ، ئالاقىدار ، تۇغقان ؛ ئەگەشكۈچى
ۋاژۇن ( ~ ۋاژگۇن ) — تەتۈر ، پەس ؛ ئاغدۇرۇلغان
ۋاسىل — ئۇلاشقۇچى ، ئېرىشكۈچى ، يېتىشكەن
ۋەجھ — ① يۈز ، بەت ، چىراي ؛ ② سەۋەب ، باھانە ؛ خىزمەت ھەققى
ۋەرەئ — ھارامدىن ساقلىنىش ، مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش ، تەقۋالىق ، پەرھىزچىلىك
ۋەسف — ماختاش ، تەرىپلەش ، مەدھىيىلەش ، تەسۋىرلەش
ۋۇزۇ ( ~ ۋۇزۇھ ) — ئۇچۇقلۇق ، رۇشەنلىك
ۋۇسلەت — ئۇلاشماق ، يېقىنلاشماق ؛ ئۆيلەنمەك ( كۆچمە مەنىدە )
ۋۇسۇل — يېتىشىش ، ئېرىشىش
ۋىرد — ھەمىشە ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ۋەزىپە

## ئى

ئىبا — تەپ تارتىش ، خىجىل بولۇش ، رەت قىلىش
ئىتاب — ئاچچىق ، غەزەپ ، قەھر ؛ قىيناق
ئىزىد — خۇدا ، تەڭرى
ئىستىغنا — بايلىق ، مول ، باي
ئىسمەت — پاكلىق ، بىگۇناھلىق
ئىشتىغال — شۇغۇللىنىش ، مەشغۇللۇق
ئىقتىباس — ئېلىش ، ئارىيەت ئېلىش ؛ ئوخشىتىش ، كۆچۈرمە قىلىپ ئېلىش
ئىكراھ — زورلاش ، مەجبۇرلاش ؛ يىرگىنىش ، خۇنۇك دەپ قاراش

| | |
|---|---|
| **ئىلتىباس** | بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە ئايرىۋالغۇسىز بولۇپ ئوخشاپ كېتىشى ، ئايرىمىسىزلىق |
| **ئىلزەم ( ~ ئىلزام )** | مەجبۇرلاش ؛ قارشى چىقالماسلىق ، يېڭىلىش |
| **ئىمداد** | ياردەم بەرمەك ، كۆمەكلەشمەك |
| **ئىنان** | ئىشەنچ ، ئېتىقاد |
| **ئىنايەت** | مەرھەمەت ، ئىلتىپات ، ياردەم ، ياخشىلىق |
| **ئىنتىشار** | چېچىلماق ، تارالماق ، تارقىتىلماق |
| **ئىنتىھا ( ~ ئىنتىھائ )** | ئاياغ ، سوڭ ، ئاخىر ، ئاقىۋەت ، چەك |

## ي

| | |
|---|---|
| **ياسمەن ( ~ ياسەمىن )** | خۇش بۇي پۇرايدىغان ئاق ياكى سېرىق چېچەكلىك گۈل ( گۈلى ياسمەن ) |
| **ياۋەر** | ياردەمچى ، مۇئاۋىن ، مەدەتكار |
| **ياۋۇتماق** | يېقىنلاشتۇرماق ، يېقىن كەلتۈرمەك |
| **ياۋۇشماق** | يېقىنلاشماق ، يېتىشمەك |
| **ياۋۇق** | يېقىن |
| **يەزدان** | خۇدا ، تەڭرى ، ئىلاھ ، پەرىشتە |
| **يەكتا** | بىرلا ، تەڭداشسىز ، تېڭى يوق ، بىردىنبىر |
| **يەۋمۇننۇشۇر** | قىيامەت ، ئاخىرەت |

مەسئۇل مۇھەررىرى : سۇلتان ھاشىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : تۇردى قادىر نازىرى

قەلەندەر

# دىۋانى قەلەندەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىسراپىل يۈسۈپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №0348 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتر 32/1
باسما تاۋىقى : 10.75 قىستۇرما ۋارىقى : 5
1995 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1995 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1100 —— 1
ISBN7—228—03462—7/I • 1219
باھاسى : ئاددىي مۇقاۋىلىقى : 40 . 19 يۈەن
قاتتىق مۇقاۋىلىقى : 50 . 21 يۈەن

责任编辑：苏里坦·阿西木
封面设计：吐尔地卡德尔·纳孜尔

坎兰达尔
**坎兰达尔诗集**
伊斯拉菲尔·玉苏甫 整理
策划：新疆维吾尔自治区维吾尔古典文学研究会

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 10.75印张 5插页
1995年9月第1版 1995年9月第1次印刷
印数：1——1100

ISBN7－228－03462－7/I·1219
定价：平装：19.40元 精装：21.50元

ISBN7－228－03462－7/I·1219

定价:平装19.40元 精装21.50元

新华书店